
غەيرەت ئاسىم

*Gullala*



# گۇللالە

مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ



责任编辑／热沙来提 gullala گۇللالە

ISBN7-105-06474-9


9 787105 064748 >

ISBN 7-105-06474-9/I · 1406

民文（维206） 定价：10.00元

غەيرەت ئاسىم

# گۈللالە



مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ

**图书在版编目(CIP)数据**

古丽拉拉/海拉提·阿斯木著. 一北京：民族出版社，2004.7
ISBN 7-105-06474-9

Ⅰ.古… Ⅱ.海…Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2004)第 073666 号

**责任编辑**：热沙来提·阿不拉
**责任校对**：热西提·瓦依提
**出版发行**：民族出版社　http://www.e56.com.cn
**社　　址**：北京市和平里北街 14 号　邮编：100013
**电　　话**：010-64290862 (维文室)
**印　　刷**：迪鑫印刷厂
**版　　次**：2004 年 8 月第 1 版　2006 年 10 月北京第 2 次印刷
**开　　本**：850 毫米×1168 毫米
**印　　张**：7.5
**印　　数**：3001-6000 册
**定　　价**：10.00 元

تەكلىپلىك تەھرىر : ئەزىزى
مەسئۇل مۇھەررىر : رىسالەت ئابلا
مەسئۇل كوررېكتور : رىشىت ۋاھىدى

# گۈللالە

## (رومان)

غەيرەت ئاسىم

نەشر قىلغۇچى : مىللەتلەر نەشرىياتى
ئادرېسى : بېيجىڭ شەھىرى خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى :100013، تېلېفون نومۇرى : 64290862 ـ 010
ساتقۇچى : جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى : دىشىن باسما زاۋۇتى
نەشرى : 2004 ـ يىل 8 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
بېسىلىشى : 2006 ـ يىل 10 ـ ئايدا بېيجىڭدا 2 ـ قېتىم بېسىلدى
ئۆلچىمى : 850×1168م م. 32كەسلەم
باسما تاۋىقى : 7.5
سانى : 3001 ـ 6000
باھاسى : 10.00 يۈەن



غەيرەت ئاسىم 1958-يىلى كىرىيە ناھىيىسىدە مەرىپەتپەرۋەر ئائىلىدە تۇغۇلغان. 1986-يىلى مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇپ، «ئىلى گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە ئىشلىگەن، 2003-يىلدىن باشلاپ ئىلى ئوبلاستلىق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە ئىشلەپ كەلمەكتە.

غەيرەت ئاسىم قوش تىللىق ياش يازغۇچى بولۇپ، 1979-يىلدىن ھازىرغىچە خەنزۇ، ئۇيغۇر تىلىدا بىر قانچە ھېكايە، پوۋېست توپلىمى، «ئاخىرقى ئاقسۆڭەك» قاتارلىق بەش رومانى نەشر قىلىنغان. 1984-يىلى شاڭخەيدە چىقىدىغان «بىخ» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «ئويغانغانلار ۋە ئۇخلاۋاتقانلار» ناملىق ھېكايىسى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، 1985-يىلى مەملىكەتلىك 2

ـنۆۋەتلىك ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى
باھالىشىدا 2 ـ دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.
«ياشىسۇن ھايات» ناملىق پوۋېستى شىنجاڭ
يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى مۇنەۋۋەر ئەسەرلەر
مۇكاپاتىغا، «ئالتۇنتاغ» ناملىق پوۋېستى
1997 ـ يىلى تۇنجى نۆۋەتلىك «ئىلى دەرياسى»
ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن. 1999 ـ يىلى
دۆلىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ 50 يىللىقىنى
تەبرىكلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئاپتونوم
رايونلۇق پارتكوم تەشۋىقات بۆلۈمى تەرىپىدىن
"ئەدەبىيات ـ سەنئەت ساھەسىدىكى كەسىپ
ھەم ئەخلاق بويىچە مۇنەۋۋەر يۈز خادىم"نىڭ
بىرى بولۇپ باھالانغان.

封面设计／刘家峰
DIANNAO ZHIZUO◆HANZUN CHUANGYI

# 1

قوياشنىڭ ئۆرلىشى بىلەن تەڭ ئۇچۇپ كەلگەن بىر توپ ياۋا كەپتەرلەر كۆۋرۈك بېشىدىكى دەرەخلەرنىڭ ئۈستىگە قوندى. مۇشۇ ۋاقىتتا كۆۋرۈك بېشىدىكى سايىدا بىر كىچىك ماشىنا توختىدى. شوپۇر ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇ ياق - بۇ ياققا قارىغاچ ھەرىكەت قىلدى. شۇ ئەسنادا ئۇ دەرەخنىڭ ئۈستىگە قاتار قونغان ياۋا كەپتەرلەرنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ بىر ئاز جىددىيلەشكەندەك قىلىپ، ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئىچىدىن بىر ماناپولكىنى ئالدى - دە، ياۋا كەپتەرنى قارىغا ئېلىپ ئوق چىقاردى. ئوقنىڭ ئاۋازى چىقىشى بىلەنلا، بىر ياۋا كەپتەر پالاقشىپ چۈشتى. شوپۇر بېرىپ كەپتەرنى قولىغا ئالدى، كەپتەر سېمىز ئىدى، ئۇ يەنە بېشىنى كۆتۈرۈپ دەرەخكە قارىدى. دەرەختە بىرمۇ كەپتەر قالمىغانىدى. ئۈركۈگەن كەپتەرلەر ئاللىبۇرۇن شەھەر تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ كەتكەنىدى. كەپتەرلەر شەھەرگە ئۇچۇپ كىرىپ، بىر توپ دەرەخنىڭ ئۈستىگە قونۇپ ئازراق دەم ئېلىۋالدى. ئاندىن كۈنپېتىش تەرەپكە قاراپ ئۇچۇپ، بىر توپ دەرەخنىڭ ئۈستىگە قوندى.

دەرەخنىڭ ئاستىدىكى قورۇدا توي ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى، ئەرلەر ئەتىگەن ئۇزاپ بولغانىدى. مانا ئەمدى ئاياللارمۇ ئاساسەن ئۇزاپ بولدى. ئارىدىن ئىككى سائەتلەر ئۆتكەندىن كېيىن، يىگىت ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن بىرگە قىزنى كۆچۈرۈپ كەلدى.

ئەركىن گۈللالىنى قولتۇقلىغان ھالدا ھۇجرىسىغا باشلاپ

كىردى. ھۆجرا بەكمۇ چىرايلىق بېزەلگەنىدى. قىزلار بىلەن يىگىتلەر ئۇزاق ئولتۇرماي، ئۇلار ئۇچۇن دۇئا قىلىپ خوشلىشىپ قايتىپ كەتتى. شۇ ئارىدا گۆللالىنىڭ قولدىشى قەمەر ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ قولىنى تۇتتى. ئۇ:

— چاندۇرما ئاداش، كۈلۈپ تۇر، سۆزلەپ تۇر، خۇدايىم بۇيرۇسا بۇ كۈنلەردىن ساق - سالامەت ئۆتۈپ كېتىسەن، خاتىرجەم بولۇپ قالىسەن، — دېدى پەس ئاۋاز بىلەن.

گۆللالە ئىشىك تەرەپكە قارىدى. ئەركىن مېھمانلارنى ئۇزىتىپ تالاغا چىقىپ كەتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ غەمكىن كۆزلىرى بىلەن قەمەرگە قارىدى.

— جىددىيلىشىپ كېتىۋاتىمەن ئاداش، — دېدى ئۇ تىترەپ.

— نېمىشقا جىددىيلىشىسەن، مەن دېگەندەك قىل، ئۆزۈڭنى ئازادە تۇت. ھۆنەر ئىشلەتمىسەڭ بولمايدۇ، مەن دېگەندەكلا قىلساڭ ھەرگىز چانمايدۇ ئاداش، — دېدى قەمەر.

قەمەر گۆللالە بىلەن خوشلىشىپ ئۇنىڭ ھۆجرىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئەركىن قورۇدا ئاغىنىلىرى بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى، گۆللالە كېلىپ كارىۋاتتا ئولتۇردى. ئۇ كۆرۈنۈشتە ئۆزىنى خۇشال تۇتقاندەك قىلغىنى بىلەن، دەردىنى ئۆزى بىلەتتى. ھەتتا قويۇلۇۋاتقان مۇزىكىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەلمىدى. ئۇ تامدىكى ئەركىن ئىككىسى چۈشكەن سۈرەتكە قارىدى، ئەركىن سۈرەتكە ناھايىتى ئازادە چۈشكەنىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كەلدى، قەمەر ئۇنىڭ سومكىسىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويغانىدى. ئۇ سومكىنى قولىغا ئېلىپ، ئىچىدىن بىر ئەينەكنى چىقاردى. بۇ ئەينەكنى ئۇنىڭ ھەدىسى ماھىنۇر ئۇنىڭغا بەرگەنىدى، ئۇ ئەينەككە قارىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ چىرايلىق جامالىنى كۆردى. ئارقىدىنلا كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلغان غەم - قايغۇ

ئىزنالىرىنى بايقىدى. ئەمەلىيەتتە قەمەرنىڭ ئۇنىڭغا ئېيتقان سۆزلىرى يوللۇق ئىدى. لېكىن گۈللالە مىڭ قىلسىمۇ ئۆزىدىكى جىددىيلىكنى باسالمىدى، قولىدىكى ئەينەك ئۇنى تېخىمۇ بىچارە قىلىۋەتتى. مۇشۇ ھېسسىياتلارنىڭ تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يىغىلغان ئەندىشىلەر ئۇنىڭ پارقىراپ تۇرغان چىرايلىق يۈزلىرىدىمۇ پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ قەمەرنىڭ تەلپى بويىچە كۈلۈپ باقتى، لېكىن ئۇنىڭ كۈلكىسى ئەينەكتە شۇقەدەر سۇنئىي كۆرۈندى. ئۇ بىردىنلا تەرلەپ كەتتى، ئەينەك ئۇنى تېخىمۇ جىددىيلەشتۈرۈۋەتتى، ئۇ قولياغلىقى بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلىرىنى ئېرتىۋاتقاندا، ئەركىن ئۆيگە كىرىپ كەلدى. گۈللالە دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ، ئەينەكنى سومكىغا سالدى.

— كەل لالە، تويىمىز بەك قىزىپ كەتتى، ئەمدى مەن سېنى تانغۇدەك بىر سۆيۈۋالاي، شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز مەڭگۈ ئايرىلمايدىغان بولىمىز، — دېدى ئەركىن گۈللالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

گۈللالە چاندۇرماي كۈلدى. ئەركىن شۇقەدەر خۇشال ئىدى. ئۇ گۈللالىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۇنى كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزدى.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، دېرىزىدىن بالىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەركىن دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەينەكنى ئۇردى. بالىلار قېچىپ كەتتى. ئاندىن ئۇ ئىشىكنىڭ قېشىدىكى توكنىڭ يېپىنى تارتتى. ...

## 2

ئەتىسى سەھەردە ئەركىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. گۈللالە

ئۇنىڭ كەيپىياتىدىكى ئۆزگىرىشنى بايقىغانىدى. ئەركىنىنى غەم باستى، ئۇنىڭ چىرايى بەك سولغۇنىدى، ئۇ گۈللالىگە گەپ قىلماي چىقىپ كەتتى، گۈللالە نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. ئۇ چۈشكىچە ئۆيدىن چىقماي ئولتۇردى، چۈشتە قەمەر ئۇنىڭغا تاماق ئېلىپ كەلدى.

— ھە، ئەھۋالىڭ قانداق ئاداش، — دېدى قەمەر گۈللالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ.

— ئەھۋالىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ئاداش، مېنى غەم بېسىۋالدى، ئويلىغانسېرى تۇگىشىپ كېتىۋاتىمەن. بەك پۇشايمان قىلىۋاتىمەن ئاداش، توي قىلمىسام .ويتىكەن، ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا دېگەن مۇشۇ ــ دە، . . . — دېدى گۈللالە قايغۇرۇپ، ئۇ بەكمۇ چۈشكۈنىدى، چىرايلىق كۆزلىرىدىن غەم يېغىپ تۇراتتى.

— ئەركىن نېمە دەيدۇ؟

— سەھەر تۇرۇپ چىقىپ كەتتى، چىرايى بەك ئوسال، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. ...

— چۈشتە پەيدا بولمىدىما؟

— ياق.

— ئەمىسە سەنمۇ ئۇنىڭغا ئوشۇقچە گەپ قىلما، چاندۇرماي يۈرۈۋەر، ھېچ ئىش كۆرمىگەن ئادەمدەك بولۇۋال، ئۆزۈڭنى بۇنداق تاشلىۋەتسەڭ بولمايدۇ، كەچتە ئەركىن كەلگەندە خۇشخۇي بول، باشقا گەپلەرنى قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئال. ۋەزىيەتنى ئوڭشايمىز!

— مەن بەك پۇشايمان قىلىۋاتىمەن ئاداش، نېمە ئۇچۇن ئۆزۈمگە چىڭ بولمىدىم دەيمەندە! . . . ، — دېدى گۈللالە قايغۇرۇپ.

— كەتكەن ئىش كەتتى ئاداش، مىنىڭ قايغۇرساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ، هازىرقى ئەڭ مۇھىم ئىش ئەركىننى قايىل قىلىش، بولمىسا ئىش چاتاق بولىدۇ.

— راست دەيسەن ئاداش . . .

— ساڭا چۈچۈرە ئېتىپ ئەكەلگەنتىم، سوۋۇپ قالمىسۇن، ۋاقتىدا ئىچىۋال، — دېدى قەمەر.

— كۆڭلۈم ھېچ نەرسە تارتمايدۇ ئاداش، پۈتۈن ھېسسىياتىم ئاشۇ ئىش بىلەن قالدى، — دېدى گۈللالە.

— بىرلا ئېغىز گەپ ئاداش، چاندۇرما، بىرنى دېسە ئىككىنى دەپ تۇرغىن، — دېدى قەمەر.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن ئاداش، ئەمەلىيەتتە ئاشۇنداق تۇرسا، قانداقمۇ چاندۇرمايمەن.

— ئۇغۇ شۇنداق، شۇنداق بولسىمۇ چاندۇرما دەيمەنغۇ ...، — دېدى قەمەر.

— ئەسلى ئۆزۈم تەتۈر پېشانە ئاداش، — دېدى گۈللالە.

— ئۇنداق دېمە ئاداش، يامان بولىدۇ، ئەمىسە مەن ماڭاي، چۈشتىن كېيىن يەنە ئىشقا بارمىسام بولمايدۇ، يېقىندىن بېرى بىزنى بەك چىلىك تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى قەمەر.

— ھەر هالدا سېنىڭ ئىش ئورنىڭ بار ئاداش، ئەگەر مەنمۇ ساڭا ئوخشاش بىرەر ئورۇندا ئىشلەپ قالغان بولسام، توي قىلماي يۈرۈۋېرەتتىم.

— ئابدۇۋەلىدىن خەت كېلەمدۇ، — دېدى قەمەر گەپنى باشقا يەرگە يۆتكەپ.

— ياق، ئۇ مېنى ئاللىقاچان ئۇنتۇدى.

— بۇنداق ئىشلاردا زىياننى بىز تارتىمىزكەن ئاداش، ئوغۇل بالا دېگەن بىزنى ئالداپ - سىلاپ باسمىقىغا باسىدىكەن، ئىش

پۈتكەندىن كېيىن ئۇلار بىرلا سۇغا چۈشۈپ پاك بولۇۋالىدىكەن، بالاغا بىز قالىمىزكەن، كەلگۈلۈك بىزگە كېلىدىكەن، نېمىدېگەن تەڭشەلمىگەن جاھان بۇ! — دېدى قەمەر.

گۈللالە يىغلىۋەتتى.

— يىغلىما ئاداش، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئەمىسە مەن ماڭاي، ئەتە چۈشتە كېلىمەن، كورىنى شۇ ۋاقىتتا ئەكىتەي، — دېدى قەمەر.

گۈللالە قەمەرنى ئۇزىتىپ قويدى.

گۈللالە تاماق يېمىدى، ئۇنىڭ كۆڭلى ھېچ نەرسە تارتمايتتى، ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ خىيالغا چۈشۈپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئابدۇۋەلى پەيدا بولدى، مانا ھازىر ئۇ مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قوپال ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدى. ئاشۇ كۈنلەردىكى بارلىق كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا بىر - بىرلەپ پەيدا بولدى، ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ باش - ئايىغىنى تاپالماي قالدى. ...

كەچتە قاراڭغۇ چۈشكەندە، ئەركىن ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ قىزارغان كۆزلىرىدىن ھاراق ئىچكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن ئۇخلاپ قالغان گۈللالىنى ئويغاتتى.

— ئورنىڭدىن تۇرە لالە، سېنى ئەتىگەندىن كەچكىچە تاماق يېمىدى دەيدىغۇ، — دېدى ئەركىن سىنىق گەپ قىلىپ.

گۈللالە ئورنىدىن تۇردى، لېكىن گەپ قىلمىدى.

— تاماق يېدىڭمۇ، — دېدى ئەركىن گۈللالىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— ياق، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ، — سىز بولمىسىڭىز تاماق ئۆتمەيدىكەن.

— ئەمىسە ئىككىمىز بىللە تاماق يەيلى، ئاپام لەغمەن

ئېتىپتۇ، مەن چىقىپ سىڭلىمغا دەي، بىزگە تاماق ئەكىرىپ بەرسۇن!

ئەركىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇنىڭ سىڭلىسى ئۇلارغا ئىككى تەخسە لەغمەن ئەكىرىپ بەردى. ئۇلار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن، گۇللالە تەخسىلەرنى يىغىشتۇردى.

ئەركىن كارىۋاتقا يۆلىنىپ ياتتى. ئۇ كۆزلىرىنى گۇللالىدىن ئۇزمەي ياتاتتى، شۇ تاپتا ئۇنىڭ گۇللالىنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى بەكمۇ بىلگۈسى بار ئىدى، قانداق قىلىش كېرەك؟ قايسى ئۇسۇل ئارقىلىق ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىش كېرەك؟ ئۇ مۇشۇ ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇردى.

— لالە، قېشىمغا كېلىپ ئولتۇرە، — دېدى ئەركىن دېرىزىنىڭ يېنىدا گۈلنىڭ سارغىيىپ كەتكەن يوپۇرماقلىرىنى ئېلىۋاتقان گۇللالىگە قاراپ تۇرۇپ.

ئەركىننىڭ تەلەپپۇزى سەممىي ئىدى، گۇللالە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەركىنگە قارىدى.

— قېشىمغا كېلىپ ئولتۇر لالە، سەن بىلەن ياخشىراق پاراڭلاشمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ.

گۇللالە بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، يەنە جىددىيلىشىپ كەتتى، ئۇ ئاستا مېڭىپ، كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى.

— مېنىڭ نېمە دېمەكچى بولۇۋاتقىنىمنى ئۆزۈڭ بىلسەن لالە، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ مىجەزىمنىمۇ ياخشى بىلسەن، مەن يەرگە چۈشۈپ كەتكەن نەننى يەيدىغان ئادەم ئەمەس، گەپنى ئوچۇق قىلاي، بىز توي قىلدۇق، شۇنداق پاك ئارزۇلار ئىچىدە توي قىلدۇق، بىراق مېنىڭ ھاردۇقۇم چىقمىدى، مەن ئەمدى قانداق قىلىشىم كېرەك دېگەن پىكىر ئۈستىدە بىر كۈن باش قاتۇردۇم، سەن ئويلاپ باق، ئۆزۈڭ ئارزۇ قىلغان ئەڭ قىممەتلىك نەرسىگە

ئىگە بولالمىساڭ، قانداق بولغىنى؟ ئادەمدە چىراي بولسىلا كۇپايىما؟ — دېدى ئەركىن. ئارقىدىن تاماكا چېكىشكە باشلىدى.

گۈللالە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى. ئۇ ئەنسىرىگەن ئىش ئاخىر يۈز بەردى. ئۇ قارىغۇ ئادەمدەك ھېچ نەرسىنى كۆرەلمىدى، ئۇ ئەركىنگە جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا يىغلاشقا باشلىدى.

— مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، سەن ماڭا جاۋاب بېرىشىڭ كېرەك، مەن ئۇچۇن بۇ كىچىك ئىش ئەمەس، سەن بۇ ئىشنى يىغلاپ تۈگىتەلمەيسەن، — دېدى ئەركىن.

گۈللالە ئەركىننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، تېخىمۇ يىغلاپ كەتتى.

ئەركىننىڭ ئاپىسى باغ تەرەپكە ئەخلەت تۆككىلى ماڭغانىدى، ئۇ گۈللالىنىڭ يىغا ئاۋازىنى ئاڭلاپ، قولىدىكى چېلەكنى ئېرىقنىڭ ئىچىگە قويۇپ قويۇپ، ئاستا مېڭىپ دېرىزىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئەگەر مەن بىلەن ئۆي تۇتقۇڭ بولسا، ماڭا راست گەپنى قىل لالە، مەنمۇ سېنى بەك قىستاپ كەتمەي، ساڭا بىر كۈن ۋاقىت بېرەي، ياخشى ئويلان، ئەگەر مۇشۇ ئىشتا مەندىن سىر ساقلىساڭ، مەن سەن بىلەن ئۆي تۇتمايمەن، خېتىڭنى بېرىۋېتىمەن. بۇ جاھاندا ماڭا ھېچ نەرسە كېرەك ئەمەس، ماڭا پەقەت پاكلىق بىلەن سادىقلىق كېرەك، چۈنكى مەن ئۆزۈم مۇشۇ كۈنگىچە ئۆزۈمگە، شۇنداقلا ساڭا پاك، سادىق بولۇپ ياشاپ كەلگەن مەن، سەن ئويلاپ باق، مەن ئۇ ئادەمنى بىلمەي يۈرۈۋەرسەم، تاسادىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر داستىخاندا بولۇپ قالسام ياكى ئۇقۇشماي ئۇنىڭ بىلەن ئاغىنە بولۇپ ئۇنى ئۆيگە باشلاپ يۈرسەم، خەقلەر مېنى نېمە دەيدۇ؟ سەن ئەگەر مەن بىلەن ئۆي تۇتماقچى بولساڭ، بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا سادىق بولۇپ ياشايمەن دېسەڭ، راست گەپ قىل. مېنىمۇ ئويلاپ قوي،

سەن ماڭا راست گەپ قىل، مەن ئەھۋالنى ئۇقاي. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىش ساڭىمۇ ياخشى، مەن سېنى چۈشىنىمەن، كىمنىڭ كۆلۈپ ياشىغۇسى يوق؟ ياخشى ئويلان، ئەتە كەچتە پاراڭلىشىمىز، ماڭا راست گەپ قىلساڭ مەڭگۈلۈك بەختلىك بولىسەن، — دېدى ئەركىن. ئۇنىڭ كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

گۈللالە بېشىنى كۆتۈرمەي يىغلاۋاتاتتى، ئۇ ئەركىننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈردى، ئۇ ئەركىنگە ئۈمىد بىلەن قارىدى.

— مەن دەيدىغان گەپنى دەپ بولدۇم لالە، بۈگۈن كەچتە قايتىپ كېلەلمەيمەن، ئىشىكىڭنىڭ ئىلغۇچىنى چىڭ ئېتىپ ياتقىن، لالە، ئېسىڭدە بولسۇن، مەيلى بىز بۇنىڭدىن كېيىن قانداق بولۇپ كەتمەيلى، بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇڭدا سەن ئۇچۇن ئەڭ مۇھىم ئىش ئۆزۈڭنىڭ ئىشىكىڭنىڭ ئىلغۇچىغا ئىگە بولۇپ ياشاش، مېنىڭ مۇشۇ گېپىمنى ئۇنتۇما، خوش ئەمىسە، مەن ئەتە كېلىمەن، ئەمدى ئېسىڭدە بولسۇن، ئەگەر ماڭا راست گەپ قىلمىساڭ، ئەمدى مەن سەن بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرالمايمەن. مەن ساڭا ئىشىنىمەن لالە، سەن چوقۇم ماڭا راست گەپ قىلىسەن!

ئەركىن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. گۈللالە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇنىڭ ئەركىنگە بىرنېمە دېگۈسى بار ئىدى، ئەركىن كەينىگە قاراپمۇ قويماي چىقىپ كەتكەچكە، ئۇ ئىشىكنىڭ قېشىغا كېلىپ توختاپ قالدى، ئۇ ئىشىكنىڭ قارا ئىلغۇچىنى تۇتتى، ئۇزاققىچە ئىلغۇچقا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، ئەركىننىڭ ئۇنىڭغا ئىلغۇچ توغرىسىدا ئېيتقان سۆزىنى ئېسىگە ئالدى. ئىسسىق ياش ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن ئېقىپ چىقتى. ئۇ ئىشىكنى يېپىپ ئىلغۇچنى ئىشىكتىكى كىچىك ھالقىغا ئىلدى، ئاندىن بېرىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى.

گۈللاله خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ، دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ تۇردى. ئۇ تام تەرەپتىكى ئىشكاپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەينەككە قارىدى. ئۇ ئۆزىنى تونۇيالماي قالدى، چىرايى شۇقەدەر پۈرلىشىپ كەتكەنىدى. چاچلىرىمۇ چۇۋۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىدىن بىزار بولۇپ قالدى، ئۇ ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى تۇتۇۋالدى، ئاندىن ئۆز-ئۆزىگە:

— ئاھ خۇدا، نېمە كۈن بۇ ماڭا، مۇشۇنداق ياشىغۇچە ئۆلۈۋالسام بولمامدۇ، — دېدى.

گۈللاله ئۆزىنى باشقۇرالماي قالدى، ئۇ ئىككى چامداپ ئاران كارىۋاتنىڭ يېنىغا كېلىۋالدى، ئاندىن ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىپ، ئۈن سېلىپ يىغلىدى، بارماقلىرىنى چىشلەپ قانىتىۋالدى.

گۈللاله بىر سائەتتەك يىغلىغاندىن كېيىن، ھالسىزلىنىپ ئۇخلاپ قالدى. توك كېچىچە يېنىپ تۇردى. تاڭ ئاتقۇچە ئەركىننىڭ ئاپىسى خالىدە دېرىزىنىڭ قېشىدىن كېتەلمەي قالدى، چۈنكى ئۇ ئۆيدە بولۇۋاتقان ئىشلارنى سەزگەنىدى. تاڭ سۈزۈلگەندە، خالىدە ئۆيگە كىرىپ يولدىشىنى ئويغاتتى.

— ھەي ئادەم، نەۋاق تاڭ ئېتىپ بولغىلى، تۇرۇڭا ئورنىڭىزدىن، — دېدى خالىدە يولدىشىنىڭ ئۈستىدىكى يوتقاننى تارتىپ.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەنوي خوتۇن، ئەتىگەندىلا كوتۇلداپ كەتتىڭغۇ، تالا قاپقاراڭغۇ تۇرسا تاڭ ئاتتى دەيسىنا، سەنزە، يەنە دېرىزە ماراپسەندە، باللار كۆرۈپ قالسا سەت ئەمەسمۇ، — دېدى باۋۇدۇن بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— نېمىلەرنى دەيدىغاندۇ مۇنۇ ساراڭ قېرى، ئاۋۇ ئۆزۈڭگە ئوخشاش تەتۈر بالاڭ ئاخشام ھۇجرىسىغا كىرمىدى، ئەنسىرەپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى خالىدە جىددىيلىشىپ.

— نېمە، ئەركىننى ئاخشام كەلمىدى دەمسەن؟ بۇ قانداق گەپ، — دېدى باۋۇدۇننۇ جىددىيلىشىپ.

— مەن نەدىن بىلەي، — دېدى خالىدە يولدىشىغا ناز قىلىپ.

— مەن نەدىن بىلەي دەپ كەتكىنىنى، ئۆزۈڭ ماراپ يۈرەتتىڭغۇ!

— بېشىڭنى يە ساراڭ.

— ئەمىسە بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى، بۇ گۆي ئاخشام ھۇجرىسىغا كىرمەي نەلەردە يۈرگەندۇ؟ ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، توختا خوتۇن، مەن بازارغا چىقىپ ئاغىنىلىرىدىن تىڭ تىڭلاپ باقاي، ھەي خوتۇن، كالتە ئىشتىنىم يوق تۇرىدىغۇ!

— بېشىڭنى يە ساراڭ، كالتە ئىشتىنىڭنى مەن نېمە بىلىمەن، — دېدى خالىدە يەنە ناز قىلىپ.

— ئەمدى دەيمىنا، ئاخشام يۇيۇپ قوياي دەپ سالدۇرۇۋەتكەن بولساڭ. ...

— ئۆلە قېرى، بىر ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلمايدۇ!

باۋۇدۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ناشتا قىلىش ئۈچۈن جوزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى، خالىدە داستىخان سېلىپ، ئۇنىڭغا چاي بەردى، ئۇ چاي ئىچكەچ يەنە ئايالىدىن ئوغلىنىڭ باشقا ئىشلىرىنى سورىدى، ئاندىن ئەركىننىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىش ئۈچۈن تالاغا چىقىپ كەتتى.

ئاش ۋاقتى بولغاندا گۈللالە ئاران كۆزىنى ئاچالىدى. ئاخشام ئۇ كېيىملىرى بىلەنلا يېتىپ قالغانىدى، ئۆزى تويىنىڭ ئالدىدا بازارمۇبازار ئارىلاپ يۈرۈپ ئالغان ئاشۇ ئاپئاق پەردىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، دېرىزىنى ئاچتى. باغدىكى ساپ ھاۋا گۈللەرنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى بىلەن بىللە ئۆيگە بېسىپ كىردى. گۈللالە ئۇلۇغ بىر نەپەس ئالدى - دە، ئىشىكنىڭ قېشىغا كېلىپ ئىلغۇچنى

توتتى. ئۇ ئىلغۇچنى ئىشىكتىن ئاستا چىقاردى، ئىشىكنى ئىچىپ تالاغا چىقىپ، باغقا كىرىپ كەتتى. خالىدە چايخانىدا ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى بايقاپ تۇراتتى.

گۈللالە باغدىن قايتىپ چىقىپ، قىپىنانىسى سەھەردە سۇ توشقۇزۇپ ئالمىنىڭ قىشىدا قويۇپ قويغان يېڭى چۆگۈننى قولىغا ئالدى، ئۇ يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئالمىنىڭ شىخىدىكى گۈللۈك لۆڭگە بىلەن ئىرتىپ، يەنە ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى.

خالىدە تۇغقانلارنىڭ بىر قىزىدىن ئۇنىڭغا چاي كىرگۈزۈپ بەردى.

گۈللالەنىڭ كېلىدىن ھېچ نەرسە ئۆتمىدى. ئۇ جوزىنىڭ ئالدىدا نانغا تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە:

— ئاھ خۇدا، نان يېمەك نىمىدېگەن تەس، ئالدىمدا نان تۇرىدۇ، بىراق كېلىمدىن ئۆتمەيۋاتىدۇ، جان باقماق نىمىدېگەن تەس بۇ دۇنيادا، — دېدى.

خالىدە دەرۋازىنىڭ ئالدىغا ئىشەك ھارۋىسىدا قوغۇن سېتىپ كەلگەن بىر بوۋايدىن قوغۇن ئېلىۋاتاتتى، گۈللالىنىڭ ھەدىسى ماھىنۇر يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىن ئۆتۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا سالام بەردى.

— كېلىڭ، كېلىڭ، ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ، ئۆيگە كىرىڭ، ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى خالىدە خۇشخۇي ھالدا كۈلۈپ تۇرۇپ.

ماھىنۇر قورۇغا كىردى، خالىدە ئۇنى ئۆيگە باشلىدى، چايدىن كېيىن ئۇ گۈللالە بىلەن كۆرۈشۈپ چىقاي دەپ سىڭلىسىنىڭ ھۇجرىسىغا كىردى.

گۈللالە ئاياغ كىيىملىرىنىمۇ سالماي كارىۋاتتا ياتاتتى. ئۇ ئۆيگە بىرسىنىڭ كىرگىنىنى كۆرۈپ، دەرھال ئورنىدىن تۇردى.

— كەل ھەدە، — دېدى گۈللالە ھەدىسىنى كۆرۈپ.

— ھە، ئۆزىڭىز ياخشىما؟ — دېدى ماھىنۇر گۈللالىنىڭ

كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— ياخشى ھەدە.

— ئايىغىڭىزنى سالمايلا كارىۋاتقا چىقىۋاپسىزغۇ؟ بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دېدى ماھىنۇر سىڭلىسىنىڭ ئۇستىبېشىغا يەنە بىر نەزەر سېلىپ.

— ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ھەدە!

— نېمە؟ ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن؟ نەچچە زاماندىن بېرى مەن سىزگە ئاز گەپ قىلدىممۇ، ھەرقانداق ئىش قىلسىڭىز بىلىپ قىلىڭ، ئۆزىڭىزگە چىڭ بولۇڭ دېدىمغۇ! ھە، ئەركىن ئاخشام كەلمىدىما؟

گۈللالە بۇ گەپنى ئاڭلاپ تىترەپ كەتتى. ئۇ ھەدىسىنىڭ ئالدىدا بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى.

— بايام كوچىغا چىقسام خوتۇنلارنىڭ ئاغزىدا مۇشۇ گەپ، ھەي ساراڭ قىز، ھەي ساراڭ قىز، نېمە ئۈچۈن كالىڭىز ئىشلىمەيدۇ سىزنىڭ، ئەمدى قانداق قىلىسىز؟ سەت ئەمەسمۇ خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا! — دېدى ماھىنۇر پەس ئاۋاز بىلەن.

گۈللالە نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى، ئۇ ھەدىسىگە ئېسىلىپ يىغلىدى.

— ھەي ساراڭ قىز، يىغلىغانغا ئىش پۈتەمدۇ، — ئەمدى قانداق قىلىسىز دەۋاتىمەن، گەپ قىلىڭا!

— بىلمەيمەن. ...

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— سەن بېرىپ قەمەرنى چاقىرىۋەت.

— قەمەرنى نېمە قىلىسىز؟

— قەمەر بىلەن پاراڭلىشىمەن، — دېدى گۈللالە يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— ئەركىن نېمە دەيدۇ؟ — دېدى ماھىنۇر.

— راست گەپ قىلساڭ سەن بىلەن ئۆي تۇتىمەن، يالغان گەپ قىلساڭ ئاجرىشىپ كېتىمەن دەيدۇ.

— سىز قانداق قىلاي دەۋاتىسىز؟

— بىلمەيمەن.

— بىلمەيمەن، بىلمەيمەن دەپ ئولتۇرىدىكىنا مۇنۇ قىز! ئەركىنگە ھەرگىز راست گەپ قىلماڭ، راست گەپ قىلسىڭىز تۇگەشكىنىڭىز شۇ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك بارىم مۇشۇ دەپ تۇرۇۋېلىڭ، ئامال قىلىپ مۇشۇ قورۇغا ئۆزىڭىزنى پاتۇرۇۋېلىڭ ئەمدى، تۇۋا خۇدايىم، شۇنچىلىك چىڭ تۇتسامىمۇ ماۋۇ قىزنىڭ قىلغان قىلىقىنى! كىمتى ئۇ؟

مېنى قىستىما ھەدە، كېيىن بىلىپ قالىسەن، چۈش بولاي دەپ قالدى، ئۆيگە بار، قۇتلۇقكامغا گەپ قىلما، قەمەرگە خەۋەر قىلىۋەت، چۈشتە نەدە بولسا كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، — دېدى گۇللالە كۆز يېشىنى ئېقىتىپ.

ئەمىسە مېنىڭ گېپىمنى قۇلىقىڭىزدا چىڭ تۇتۇڭ، ئەر دېگەنگە ھەرگىز راست گەپ قىلمىغۇلۇق، ئاڭلىدىڭىزما؟

— ئاڭلىدىم.

ماھىنۇر گۇللالىگە بىر ئالىيىپ قويۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

گۇللالە ئىشىكنى يېپىۋېتىپ، ئىشكاپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى. ئۇنىڭ چىرايى ئەتىگەنكىدىن خېلى ئۇڭشىلىپ قالغانىدى، كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە سىڭىپ كەتكەن قايغۇ ـ ھەسرەتلەرنىڭ ئالامەتلىرىمۇ خېلى يوقاپ قالغاندەك ئىدى، ئەڭ مۇھىمى ھەدىسى ماھىنۇرنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭغا مەدەت بولغاندەك بولدى.

چۈشتە قەمەر بىر سومكا ئالما ئېلىپ، گۈللالىنى يوقلاپ كەلدى، گۈللالە قەمەرنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئېسىلىپ يىغلىدى.

— مەن بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم ئاداش، قىزلارنىڭ ھەممىسى بىلىپ كېتىپتۇ، بايام ماھىنۇر ھەدەم بىلەنمۇ پاراڭلاشتىم، بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، ئەمدى قانداق قىلىسەن؟ — دېدى قەمەر گۈللالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

ئۇلار ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى، گۈللالە ئۇزاققىچە گەپ قىلمىدى.

— گەپ قىلە ئاداش، ئەمدى قانداق قىلىسەن؟

— مېنىڭ قولۇمدىن نېمە ئىش كېلىدۇ ئاداش، ھەدەم دېگەندەك ماڭا ھېچنېمە بولمىغان دەپ چىڭ تۇرۇۋالايمىك-سەن دەيمەن . . . ، — دېدى گۈللالە قەمەرنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— مەنمۇ ماھىنۇر ھەدەم بىلەن پاراڭلاشتىم، بىراق ھەدەڭنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى ئاقماسمىكىن ئاداش، ئەركىنمۇ راست گەپ قىلساڭ ئۆي تۇتىمەن دەپتۇغۇ، مېنىڭچە ئۇنىڭغا راست گەپ قىل، سېنى ئاسانلىقچە ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، ئۆزۈڭ ئويلاپ باق، مېنىڭ بارىم مۇشۇ دېسەڭ، ئۇ قانداق بولىدۇ، مۇمكىن ئەمەستە، شۇڭا راست گەپ قىل، ئۇ سېنى ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ، — دېدى قەمەر.

گۈللالە ئىككىلىنىپ قالدى.

— ئەگەر سەن دېگەندەك دېسەم قويۇۋېتىمەن دەپ تۇرۇۋالسا قانداق قىلىمەن؟ — دېدى گۈللالە.

— سەن خاتىرجەم بول، ئەركىن سېنى قويۇۋەتمەيدۇ، ئۇنىڭغىمۇ يۈز كېرەك، بۇ جاھاندا ھەممە ئادەم پەردە ئىچىدە ياشايدۇ ئاداش، مەن دېگەندەك قىل، ھەرگىز خاتالاشمايسەن.

— ئۇنداقتا مەن ئابدۇۋەلىگە ئەسكىلىك قىلىپ قويغان بولۇپ قالمادىم، — دېدى گۈللالە.

— نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسەن، ئۇ گۆيۈك سېنى تاشلاپ قويۇپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتسا، سەن يەنە ئۇنىڭ غېمىنى قىلىسىنا! توۋا، سەندەكمۇ ئەخمەق ئادەم بارمۇ! — دېدى قەمەر.

— ئابدۇۋەلىدە نېمە گۇناھ بار دەيسەن ئاداش، ئەگەر مەنمۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلىگەن بولسام بىز مەڭگۈمۇ ئايرىلمايتتۇق، مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈمدىن كۆرىمەن، — دېدى گۈللالە.

— ئەگەر ئابدۇۋەلى سەن دېگەندەك ئادەم بولغان بولسا، ئۇ ساڭا چېقىلمىغان بولاتتى! — دېدى قەمەر.

— مۇھەببەت دۇنياسىدا يۈرۈقلۇق بولمايدىكەن ئاداش، ئادەم قاراڭغۇدا ھېسسىياتقا قۇل بولۇپ قالىدىكەن، مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈمدىن كۆرىمەن. ...

— گەپنى ئاز قىل ئاداش، ئەركىنگە مەن دېگەندەك دە، بولمىسا ئەركىن بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشەيمۇيا؟ — دېدى قەمەر.

— ياق، ھەرگىز بۇنداق قىلما ئاداش، ئىشنى بۇزۇۋالىمىز، مەيلى ئەمىسە، سەن دېگەندەك دەي، بېشىمغا كەلگىنىنى كۆرەرمەن، — دېدى گۈللالە.

— ئەنسىرىمە، بېشىڭغا كەلگىنىنى كۆرىدىغان ئىش يوق ئاداش! ئۇ سېنى ئۆيدىن چىقىرىۋېتەلمەيدۇ، بىر مەزگىل دوق قىلىپ باقىدۇ، ھەش - پەش دېگۈچە بىر باللىق بولىسىلەر، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش ئەركىنىنىڭ كاللىسىدىن چىقىپ كېتىدۇ. ...

خۇدايىم بۇيرۇسا ئېيتقىنىنىڭ كېلەر ئاداش.

## 3

كەچتە قاراڭغۇ چۈشكەندە ئەركىن قايتىپ كەلدى. گۈللالە

ئۇنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇردى.

— ھە، تاماق يېدىڭما، — دېدى ئەركىن چىرايىنى ئاچماي.

— ھەئە . . .

— تاماق يېگەن بولساڭ ياخشى، ئاچ قالساڭ بولمايدۇ، ھە، مەن دېگەن گەپلەرنى ئويلىنىپ باقتىڭما؟ — دېدى ئەركىن گۈللالىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— ئويلاندىم، — دېدى گۈللالە بوش ئاۋازى بىلەن.

— ياخشى، ئويلانغان بولساڭ ياخشى، ماڭا راست گەپ قىل، راست گەپ قىلساڭ ئۆزۈڭگىمۇ ياخشى، ماڭىمۇ ياخشى، مەنمۇ خەقلەرگە ئويۇن قويۇپ بېرىشنى خالىمايمەن، ماڭا ئىشەن لالە، ماڭا ئۆزۈڭگە ئىشەنگەندەك ئىشەن، ئەگەر مېنىڭ سېنى قويۇۋېتىش نىيىتىم بولسا، سېنى تۇنۇگۈنلا ئۆيدىن قوغلىۋەتمەيتتىممۇ؟! سەن مەندەك ئوغۇل بالىنى تاپالمايسەن! ھە، گەپ قىلە، كىمتى ئۇ؟

گۈللالە ئىككىلىنىپ قالدى، ئۇنىڭ ھەرگىز ئابدۇۋەلىنىڭ ئىسمىنى چىقارغۇسى يوق ئىدى، ئۇ كۆپ ئويلاندى، ئاخىر كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ:

— ئابدۇۋەلى، — دېدى.

— ئابدۇۋەلى؟ قايسى ئابدۇۋەلى ئۇ؟

— ئۆيى جىگدىلىك مەھەللىدىكى ئابدۇۋەلى.

— دادىسى نېمە ئىش قىلىدۇ؟

— ئۇن زاۋۇتىدا ئىشلەيدۇ.

— ئۇ قەيەردە ھازىر؟!

— ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ!

— ھە، مۇنداق دە، — دېدى ئەركىن غەزەپ بىلەن گۈللالىگە قاراپ تۇرۇپ.

گۈللالە بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى.

— ماقۇل ئەمىسە لالە، مېنىڭ تالادا ئىشىم بار، بۈگۈن يەنە كېلەلمەيمەن، ئىشىكىڭنىڭ ئىلغۇچىنى چىڭ ئەت، ئەسلى

ئىلغوچتىن تەلمىيىڭ كەلمىگەن سېنىڭ، مەن ئەتە چوشتە كېلىمەن، — دېدى ئەركىن ئورنىدىن تۇرۇپ.

خالىدە دېرىزىنىڭ قېشىدا ئۇلارنىڭ گېپىنى تىڭشاۋاتاتتى، ئۇ ئەركىننىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئۆزىنى دالدىغا ئالدى.

ئەركىن دەرۋازا ئالدىغا كەلگەندە، خالىدە ئۇنى چاقىرىۋالدى.

— نەگە بارىسەن، بالام بۇ كەچتە؟

— ئاغىنەمنىڭ ئۆيىگە ئاپا، — دېدى ئەركىن كەينىگە يېنىپ.

— داداڭ چاقىرىۋاتىدۇ، كۆرۈشۈپ چىق، — دېدى خالىدە ئەركىننىڭ قېشىغا كېلىپ.

ئەركىن كەينىگە يېنىپ، چوڭ ئۆيگە كىردى. باۋۇدۇن ئۆيدە بىر ئۆز ئۇنچاق بۆلەيگە بەكىسنى بۆلەۋاتاتتى، ئۇ ئەركىننى كۆرۈپ بېشىنى كۆتۈردى.

— ھە، كەل، ئوغۇل بالا، خوتۇن ئېلىپ بەرسەم ئىككى كۈندىن بېرى يوقاپ كەتتىڭغۇ، ماۋۇ دادام، ماۋۇ ئاپام دەپ ئايالىڭنى سالامغىمۇ ئەكىرمەيسىنا! قارا سېنى، مەن سەندەك ۋاقتىمدا بوۋاڭغا ئۇنداق قىلمىغان! مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام دېگەن گەپ بار، سەن مەندىن ئاشۇرۇپ ئىش قىلالمىغان ھالەتتىمۇ مېنى دورىشىڭ كېرەكتىغۇ! قانداق دېدىم ھەي خوتۇن، ئۆزۈڭ بىرنېمە دېگىنە! — دېدى باۋۇدۇن. ئۇ ھەدەپ بەكىسنى بۆلەۋاتاتتى.

— لالەنىڭ مىجەزى يوق، شۇڭا سالامغا ئەكىرەلمىدى، — دېدى خالىدە ئىشنى ئوڭشاپ.

— ھە، مۇنداق دە، ئەمدى بۇنداق ئىشلارنى ئۆزۈڭ بىلىسەن خوتۇن، خوش، ئاخشام ئۆيگە كەلمەپسەنغۇ!؟

— ئاخشام بىر ئاغىنەمنىڭ ئۆيىدە بىر جىددىي ئىش بولۇپ قالغان، كەچ كىرىپ كەتتى، قايتىپ كېلەلمەي قالدىم، — دېدى ئەركىن يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن بالام، يېڭى ئۆيلەنگەن ئوغۇل بالا دېگەن جەننەتكە كىرىپ قالساڭمۇ قايتىپ كېلىشىڭ كېرەكتە! هازىر نەگە ماڭدىڭ؟

— ئىچىم پۇشۇپ كېتىۋاتىدۇ، بازارنى ئايلىنىپ كېلەي دەپ ماڭدىم، — دېدى ئەركىن.

— هە، مۇنداق دە، ياخشى، خوتۇن ئېلىپ بەرسەم ئىككى كۈندىلا ئىچىڭ پۇشۇپ كېتىپتۇ ـ دە! مەن ئاپاڭ بىلەن بىر ئۆمۈر ياشىدىم، ئەجەب مېنىڭ ئىچىم پۇشمىدا؟! نېمە قىلغىنىڭ بۇ، بۈگۈن ئالغان خوتۇننى تاشلاپ قويۇپ تالادا يۈرگىنىڭ! گەپ قىلە! — دېدى باۋۇدۇن ۋارقىراپ.

— ۋارقىرىماي گەپ قىلىڭە! بالا دېگەنگە تۈز گەپ قىلمامدۇ؟! — دېدى خالىدە.

— تۈز گەپ قىلغاننى بىلەمدۇ بۇ گۆيۈك، ئويلاپ باقمامسەن، بۈگۈن خوتۇن ئېلىپ ئەتىسى تالادا يۈرسە بۇ بىرنېمەڭ، سەت ئەمەسمۇ! ئەمدى بازارنى پايپاق قىلماي، هۇجراڭغا كىرىپ يات!

— هە، دادىڭ دېگەندەك قىل بالام، يامان بولىدۇ، — دېدى خالىدە جىددىيلىشىپ.

ئەركىن گەپ قىلماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى، ئاندىن دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى.

— ئەركىن، دادىڭنىڭ گېپىنى ئاڭلا بالام، — دېدى خالىدە.

— مەن بۈگۈنمۇ ئۆيگە كەلمەيمەن ئاپا، دەرۋازىنى ياخشى ئېتىۋال، — دېدى ئەركىن دەرۋازىدىن چىقىپ بولۇپ.

— ئۇنداق قىلما بالام، لاله بولسا بىر يېتىم قىز، يېتىمنىڭ ئادەم بولىدىغىنى ئاسانمۇ بالام، ئازماس ئاللا دەپتىكەن، ئەمدى ئۇ سېنىڭ قولۇڭدا ئادەم بولۇپ قالا بالام، ئۇ دېگەن ئاجىز، ئۇنىڭغا بىر قېتىم يول بەر. …

— مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشما ئاپا. …

ئەركىن قاراڭغۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

خالىدە دەرۋازىنى ئېتىۋالدى. گۈللالىنىڭ ھۇجرىسىنىڭ چىرىغى يېنىق ئىدى. ئۇ ئاستا مېڭىپ دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۆينىڭ ئەھۋالىنى كۆزەتتى. گۈللالىنىڭ كارىۋاتتا يېتىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، كەينىگە ياندى.

ئەتىسى چۈشتە ئەركىن قەمەر بىلەن ئۆيگە قايتىپ كەلدى. گۈللالە قەمەرنى كۆرۈپ بىردىنلا جىددىيلىشىپ كەتتى. چۈنكى قەمەرنىڭ چىرايى ناھايىتى ئۇسال ئىدى.

— خوش لالە، ئەمدى مەن ساڭا دەيدىغان گېپىمنى ئوچۇق دەيمەن، قەمەرنى باشلاپ كېلىشىمدىكى مەقسەت، ئۇنى سېنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىڭغا مەسئۇل قىلماقچى، بىرلا ئېغىز گەپ قىلىمەن، ئەمدى بۇگۈندىن باشلاپ بىز ئاجراشتۇق، ئىش تۈگىدى، بىز قويغان كىنونىڭ ئاخىرى ياخشى بولمىدى، سىلەرنىڭ ھازىرقى ھېسسىياتىڭلارنى بىلمەيمەن، شەخسەن مەن ئازاب، نوموس لاتقىسىغا پېتىپ قالدىم، ئىككى كۈندىن بېرى خېلى غەيرەت قىلىپ باقتىم، لېكىن بۇ لاتقىدىن پۈتۈمنى تارتىپ چىقىرالمىدىم، مەن ئەزەلدىن پاك ياشاپ كەلگەن ئادەممەن، مەن ۋىجدانسىزلىقنى، ئەخلاقسىز ئىشلارنى قوبۇل قىلالمايمەن، ئىككى كۈندىن بېرى مەن كۆپ ئويلاندىم، ۋىجدانىم ھېسسىياتىمغا يول بەرمىدى، بىز چىرايلىق بىر تەرەپ بولۇپ كېتەيلى، مېنىڭ خوتۇن ئۇرىدىغان، تىللاپ ئاچچىقىمنى چىقىرىدىغان ئادىتىم يوق، مانا ئۆي، مەن ھازىرلا ئۆينى لالەگە تاپشۇرۇپ بېرىمەن، سىز قەمەر ئۇنىڭغا ياردەم قىلىڭ، لالە ئۆيدىن خالىغان نەرسىسىنى ئالسۇن، بۇ ئۆيدە ئەمدى مەن تۇرمايمەن، لالە ئەتە كېتەمدۇ، ئۆگۈنى كېتەمدۇ، ئۆزىنىڭ ئىشى، مېنىڭ گېپىم تۈگىدى لالە، ماڭا قىلىدىغان گېپىڭ بارمۇ؟ — دېدى ئەركىن گۈللالىگە قاراپ تۇرۇپ.

گۈللالە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ يىغلاپ ئېقىپ كەتتى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى، قەمەر بىردىنلا غەزەپلەندى.

— ئەگەر باشقا گەپ - سۆزلىرىڭىز بولمىسا لالە، مەن ماڭدىم

ئەمىسە، بىزنىڭ ئىشىمىز شۇنداق چىرايلىق باشلانغان، ھېلىمۇ چىرايلىق تۈگىسۇن، — دېدى ئەركىن ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئالدىرىماڭ ئەركىن، بىردەم ئولتۇرۇۋېلىڭ، بىز قىزلار ئاجىز كېلىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز لالىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىسىز، لالە ياخشى قىزغۇ؟ ئەگەر سىز لەۋزىڭىزدە تۇرسىڭىز، ئۇ سىز ئۈچۈنلا ياشايدىغۇ! — دېدى قەمەر.

— مەن مۇھەببەت يولىدىكى ساخاۋەتچى ئەمەس، بولدى قىلىڭ، باشقا گېپىڭىز بارمۇ، — دېدى ئەركىن.

— ئازماس ئاللا دەپتىكەن ئەركىن، سىز لالىگە بىر قېتىم پۇرسەت بېرىڭ، ئۇ بىر ئۆمۈر سىز ئۈچۈن قول ئورنىدا ياشاشقا رازى. ...

— ماڭا قول كېرەك ئەمەس، ماڭا ساپ مۇھەببەت كېرەك!

— ئەركىن ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا قاراپ ماڭدى.

خالىدە يەنە دېرىزىنىڭ قېشىدا ئىدى، ئۇ ئەركىننىڭ ئورنىدىن تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، چاققانلىق قىلىپ يەر سۈپۈرۈۋاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدى. ئەركىن ئۆيدىن چىقىپ ئاپىسىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— دادام بارمۇ ئاپا؟

— يوق، بازارغا چىقىپ كەتكەن، — دېدى خالىدە ئەركىننىڭ چىرايىغا قاراپ.

— ئەمىسە ئۆيگە كىرەيلى، ساڭا دەيدىغان ئازراق گېپىم بار، — دېدى ئەركىن چوڭ ئۆيگە ماڭغاچ، ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق ئوسال ئىدى.

خالىدە ئەركىنگە ئەگىشىپ ئۆيگە كىردى.

— ھە، نېمە بولدۇڭ، چىرايىڭ بىر قىسما كۆرۈنىدىغۇ؟ — دېدى خالىدە ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن.

— نېمە بولغىنىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن ئاپا، دادامغا دەپ قوي، لالەنى قويۇۋەتتىم، — دېدى ئەركىن.

— نېمە؟ نېمىلەرنى دەۋاتىسەن بالام؟ — دەپ ۋارقىرىدى خالىدە ھېچ ئىشنى بىلمىگەن كىشى بولۇۋېلىپ.

— مۇشۇنداق بولۇپ قالدى ئاپا، مۇشۇ كۈندە نېمە تولا، قىزلار تولا، ئۇنى قويۇۋەتمىسەم بولمايدۇ، ئۇ ماڭا ئاش ـ نان بولمايدىغاندەك! — دېدى ئەركىن.

— بۇ زادى قانداق گەپ ئەركىن، — دېدى خالىدە يەنىلا چاندۇرماي.

— لالە مېنىڭ دېگەن يېرىمدىن چىقمىدى ئاپا، ئەگەر مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇپ قالسام، مەڭگۈ بەختلىك بولالمايدىغان ئوخشايمەن، شۇڭا ئۇنى قويۇۋەتتىم.

— بالام، ئازماس ئاللا دەپتىكەن، ئەسلىدە مېنىڭ بىلىشىمچە لالە يامان قىز ئەمەس، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۇ يېتىمچىلىكتە ھەدىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولغان، ئۇ تۇرمۇشتا پىشقان قىز، ئۇنداق قىلما، ياخشى بولۇپ قالار، يېتىم قىز ئەمەسمۇ، تەربىيە قىلىپ ئوڭشىۋالىمىز، — دېدى خالىدە.

— ئەمىسە مەن ماڭدىم ئاپا، ئىككى كۈندىن كېيىن كېلىمەن، دادامغا دەپ قوي، مەندىن خاپا بولمىسۇن، ئۇنىڭدىن باشقا خەۋەردار بولۇپ قال، لالە ئالمەن دېگەن نەرسىسىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ كەتسۇن، — دېدى ئەركىن ئورنىدىن تۇرۇپ.

— توختا بالام، بىردەم ئولتۇر، داداڭ ھازىرلا كېلىدۇ، دەيدىغان گېپىڭنى داداڭغا دە، — دېدى خالىدە ئەركىننىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ.

— مەن ئەمدى چوڭ بولدۇم ئاپا، ئۆزۈمنىڭ ئىشىغا ئۆزۈم ئىگە بولالايمەن، دادامغا مەن دېگەن گەپنى دەپ قويساڭلا بولدى، — دېدى ئەركىن.

ئەركىن دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى. خالىدە ئولتۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇپلا قالدى.

گۈللالە ھۇجرىسىدا يەنە يىغلاۋاتاتتى، ئۇ يىغلاپ كۆزلىرىنى

ئاچالماي قالدى، قەمەرنىڭمۇ بېشى قاتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ بەرگەن مەسلىھەتىدىن پۇشايمان قىلىپ قالدى، ئەمەلىيەت ئۇنىمۇ يەرگە قاراتتى.

— لالە، ئورنۇڭدىن تۇر ئاداش، ئالدىغان نەرسىلىرىڭنى ئال، بىزنىڭ ئۆيگە كېتەيلى، ھەي، قانداق قىلىمىز ئاداش ئەمدى، كېتەيلى ئاداش، بىزنىڭ ئۆيدە بىر مەزگىل تۇر، ئەرگە تەگمىسەڭ ئۆلۈپ قالامتىڭ! — دېدى قەمەر.

— مەن ھېچ يەرگە بارمايمەن ئاداش، مەن مۇشۇ ئۆيدە ئۆلۈۋالىمەن. ... — دېدى گۈللالە يىغلاپ تۇرۇپ.

— ئاغزىڭنى ئۇشۇتمە ئاداش، گەپ بولدى - دە، بۇ، تۇرە ئورنۇڭدىن، يۈزلىرىڭنى يۇيۇپ، كىيىملىرىڭنى ئال، "كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ" دېگەن مۇشۇ. كېتىمىز! — دېدى قەمەر ۋارقىراپ. شۇ تاپتا ئۇ كىمگە ئاچچىق قىلىۋاتقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى.

قەمەر گۈللالىنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىنى يىغىشتۇردى. ئۇ بىر قولىدا گۈللالىنىڭ چامادىنىنى كۆتۈردى، يەنە بىر قولىدا گۈللالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۆيدىن چىقتى. خالىدە ئۇلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ، ئۆيگە كىرىپ كەتتى. قەمەر گۈللالىنى يېتىلەپ دەرۋازىدىن چىقىپ كەتتى.

مەھەللىدە قوشنىلار ئۇلارنى كۆرۈپ، بىر- بىرىگە قارىشىپ قالدى. . . .

## 4

گۈللالە قەمەرنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ قالدى. ھەدىسى ماھىنۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، نومۇسقا چىدىماي ئۆزىنىڭ گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇپ كەتتى. كۈندۈزى قەمەر ئىشقا كېتەتتى،

گۇللالە قەمەرنىڭ ئاپىسى خاسىيەت ھەدىگە ياردەملىشىپ كۈنىنى كەچ قىلاتتى . خاسىيەت گۇللالىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، ھەر تەرەپتىن ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتاتتى. ئاخشىمى قەمەر قايتىپ كەلگەندە، ئۇلار ئۇزاققىچە پاراڭلىشىپ، ھەسرەت ئىچىدە ئۇخلاپ قالاتتى. كۈنلەر ئۆتۈۋەردى، بىر كۈنى ماھىنۇر كېلىپ، گۇللالىنى ئېلىپ كەتتى.

گۇللالە ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە بارغاندىن كېيىن، قورۇدىن تالاغا چىقالماي قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆينىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى، ئۇ مۇشۇنداق باش كۆتۈرمەي ئىشلەش ئارقىلىق ئۆزىنى تىنچلاندۇرۇشقا كىرىشكەنىدى، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇنىڭ بۇ چارىسى ياخشى ئۈنۈم بەردى. كەچلىرى بالدۇر يېتىپ ئارام ئېلىپ، ھېچنېمىنى ئويلىمايدىغان بولۇۋالدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن بېرى، بىر قېتىممۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇتلۇق ئاكىسىنىڭ چىرايىغا قارىيالمىدى. گۇللالىنىڭ ھەربىر كۈنى مۇشۇنداق ئېغىر كەيپىيات ئىچىدە ئۆتۈۋەردى.

شەنبە كۈنى ئىدى، بالىلارنىڭ ھەممىسى ئۇخلاپ كەتكەن، ماھىنۇر يولدىشى قۇتلۇق بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى.

— نېمە دەيمىز قۇتلۇق ئەمدى، تەتۈر پېشانە قىز بولۇپتۇ-بۇ، خۇدايىم چىراي بەرگەن بىلەن ئەقىل بەرمەپتىكەن، ئەركىن يامان ئەمەس بالا ئىدى، ئىككىسى گۇلدەك ئۆي تۇتۇپ كېتەتتى، ھەي، ئىسىت . . . ، — دېدى ماھىنۇر ھەسرەت چېكىپ.

— ئەمدى سۇرەياسىن ئوقۇغاننىڭ نېمە پايدىسى بار خوتۇن، — دېدى قۇتلۇق قاپقارا بۇرۇتلىرىنى تولغاپ ئويناپ ئولتۇرۇپ.

— دەيمەندە ئەمدى، — دېدى ماھىنۇر كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ.

— ھە، قايسى گۇيكەن ئۇ، ئامانەتنى ئېلىپ قاچقان، — دېدى قۇتلۇق ئايالىنىڭ چىرايىغا قاراپ.

— مەن نېمە بىلىمەن، ئۇنداق ئىشنى ماڭا دەمتى، — دېدى

ماھىنۇر ئوڭايسىزلىنىپ.

— بىلمەيمەن دەپ كەتكىنىنى.

— راست بىلمەيمەن. . . .

— مەن بۇ ئىشنى سەندىن كۆرۈمەن، قانداق دېمەمسەن، سەن دېگەن ھەم ئاپا، ھەم ھەدە، ئۇنداق بولغاندىن كېيىن ئۇنى ھەرقايسى تەرەپتىن چىڭ تۇتۇشۇڭ كېرەك ئىدى. بۇ ئالقاندەك شەھەردە نەگە بارساڭ شۇ گەپ، ئۇنى كىچىكىدىن بېقىپ چوڭ قىلدىڭ ، مەكتەپتە ئوقۇتتۇڭ، ئۆزلەپ ئوقۇيالمىدى، ئەرگە بېرەيلى دېدىڭ، ماقۇل دېدىم، ئەمدى نېمە بۇ، ھەممىمىزنىڭ ھاردۇقى چىقمىدىغۇ! مەن بۇ ئىشنى سەندىن كۆرۈمەن، سەن بۇ قىزنى ياخشى تەربىيەلىمىدىڭ! — دېدى قۇتلۇق.

— ئۇنداق دېمەڭ قۇتلۇق ، مېنى چىڭ تۇتمىدىڭ دېسىڭىز بولمايدۇ، ئەمەلىيەتتە مەن ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئۇنىڭ كەينىدە يۈرەلمەيمەندە! — دېدى ماھىنۇر.

— ئۇغۇ شۇ، لېكىن سەن ئۇنىڭغا داۋاملىق تەربىيە بېرىشىڭ كېرەكتىڭغۇ! قىز بالا دېگەنگە سۆزلەپ تۇرمىسا بولامدۇ! — ئەمدى قانداق قىلىمىز قۇتلۇق.

— ئالدىرىما خوتۇن ، تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنىڭ ئاغزى بىر ئاز بېسىقسۇن ، قالغان ئىشنى ئاستا ـ ئاستا توغرىلايمىز، ئەمدى بۇ قىزنى چىڭ تۇتمىساڭ بولمايدۇ، سەن ئۇنىڭدىكى سىرنى بىلىشىڭ كېرەك، ئەمدى ئۇنى ھېچ يەرگە ئەۋەتمە، ئەمدى چىڭ تۇتمىساڭ ئۆزىمىزگە تېخىمۇ چوڭ ئىش تېپىۋالىمىز.

— سىزمۇ بىر يول مېڭىپ باققان بولسىڭىز دەيمەن، لالە قەمەر ئىشلىگەن پوپايكا زاۋۇتىدا ئىشلەپ قالغان بولسا، — دېدى ماھىنۇر قۇتلۇققا قاراپ تۇرۇپ.

— ھازىرچە سەن ئۇنىڭغا ئىش تېپىپ بېرىمەن دەپ بېشىڭنى قاتۇرما، ھازىر ئەڭ مۇھىم ئىش ئۇنىڭ كاللىسىنى ئوڭشاش، — دېدى قۇتلۇق.

ماھىنۇر ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى.

گۈللالە ھەدىسى ماھىنۇرنىڭ قولىدا چوڭ بولغانىدى. ئۇ ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك قالغانىدى، ماھىنۇر ئۇنىڭ ئېغىرچىلىقىنى كۆتۈرۈپ، ھەم ئۇنىڭغا ھەدە، ھەم ئۇنىڭغا ئاپا بولۇپ، ئۇنى چوڭ قىلىپ مەكتەپكە بەرگەنىدى. گۈللالە باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئەلا پۈتتۈرگەنىدى، ماھىنۇر ئۇنىڭدىن زور ئۈمىد كۈتۈپ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكە ئوقۇشقا بەرگەنىدى. لېكىن، گۈللالە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ياخشى ئوقۇيالمىدى، ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەردى، لېكىن ئۇ ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدى، كېيىن يەنە بىر قېتىم ئىمتىھان بەردى، لېكىن يەنە ئۆتەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ھەدىسى ئۇنى ئەرگە بەرگەنىدى.

گۈللالە ئابدۇۋەلى بىلەن ساۋاقداش ئىدى، ئۇلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىر سىنىپتا ئۈچ يىل بىللە ئوقۇدى، مۇشۇ ئۈچ يىل ئىچىدە، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ كۆلەڭگىسىگە ئاشىق بولۇپ يۈردى. ئۇلار تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئۈچىنچى يىلى، ئابدۇۋەلى تەتىلدە گۈللالىنى سەھراغا ئېلىپ كەتتى، ئۇلار ئابدۇۋەلىنىڭ ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە چۈشكەنىدى. ئۇلار شۇ كۈنى ناھايىتى ياخشى مېھمان بولدى، ئەتىسى ئەتىگەندە ئۆيىدىكى چوڭ - كىچىك ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئېتىزلىققا چىقىپ كەتكەنىدى، ئابدۇۋەلى گۈللالىگە ئېسىلدى. شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇلارنىڭ بەختى بىلەن ئازابى تەڭ قايىنايدىغان قازىنىنىڭ ئوتى تۇتىشىپ كەتكەنىدى، لېكىن ھېسسىيات بىلەن باشلانغان ئىشنىڭ ئايىغى ھېسسىيات بىلەن ئاياغلاشمىدى، ئابدۇۋەلى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ كەتتى. گۈللالە ئىككى قېتىم ئىمتىھان بەرگەن بولسىمۇ، ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمىدى. گۈللالە چىشىنى چىشلەپ قالدى، يېڭى پۈرسەتكە ئىگە بولغان ئابدۇۋەلى ئىككىنچى يىلى گۈللالە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزدى . ئۇنىڭ باھانىسى

ناھايىتى يوللۇقتەك كۆرۈنەتتى. ئۇ گۇللالىگە يازغان خېتىدە:
— . . . قىسقىسى، مېنىڭ ئەھۋالىم مۇشۇنداق لالە، ئەمدى سىز مېنى ساقلىماڭ، مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، يەنە داۋاملىق ئۆرلەپ ئوقۇيمەن، مېنى ئۇنتۇپ كېتىڭ، مەن ئۈچۈن ئاۋارە بولماڭ، — دېگەنىدى. ئوقۇش پۈرسىتىگە ئىگە بولالمىغان گۇللالە شۇ خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بىردىنلا چۈشكۈنلىشىپ كەتكەنىدى. دوستلىرى ئۇنىڭغا كۆپ تەسەللى بەردى، ئاخىرقى ھېسابتا، ئۇ ئابدۇۋەلىنى ئۇنتۇپ، ئەركىن بىلەن توي قىلغانىدى، لېكىن ئاشۇ تويمۇ ئۇنى قۇتقۇزالمىدى. . . .

## 5

بۈگۈن گۇللالىنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا نۇرغۇنلىغان ئىشلار كىرىۋالدى. ئۇ ئۆسمۈرلۈك دەۋرىنى ئەسلىدى، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان يىللىرىنى ئەسلىدى، شۇ ۋاقتىدا ئابدۇۋەلى ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى. . . .

گۇللالە كۆز يېشىنى ئېرتىۋېتىپ، سومكىسىدىن ھەدىسى بەرگەن كىچىك ئەينەكنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئەينەككە قارىدى، ئۇنىڭ چىرايى شۇقەدەر سەتلىشىپ كەتكەنىدى، يېقىملىق ئاپئاق يۈزلىرى قارىداپ كەتكەنىدى، كۆز - قاشلىرىدىنمۇ توپا يېغىپ تۇراتتى. ئۇ بىردىنلا ئۆزىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ قالدى، بەدەنلىرىدىن سوغۇق تەر چىقىشقا باشلىدى. ئۇ سومكىسىدىن كىچىك قەلىمىنى ئېلىپ، ئۆيدىن قەغەز ئىزدىدى. ئاخىر دېرىزىنىڭ ئۈستىدىكى بىر دەپتەرنى قولىغا ئېلىپ، ئۈستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاندىن خەت يېزىشقا باشلىدى.

— ھۆرمەتلىك ھەدە، ھۆرمەتلىك ئاكا، سىلەر مېنىڭ بۇ

خېتىمنى قولۇڭلارغا ئالغاندا، مەن ئاللىقاچان بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشقان بولىمەن، مېنى كەچۈرۈڭلار، سىلەر مېنى بېقىپ چوڭ قىلدىڭلار، مەكتەپتە ئوقۇتتۇڭلار، ئاخىرىدا تويۇمنىمۇ قىلىپ قويدۇڭلار، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا مەن سىلەرنىڭ يۈزۈڭلارنى يورۇق قىلالمىدىم، ئەكسىنچە يۇرت ئالدىدا سىلەرنىڭ يۈزۈڭلارنى يەرگە قاراتتىم. مېنى كەچۈرۈڭلار، مەن بۇ ئىشلار بۇنداق بولۇپ كېتەر دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، يېقىندىن بېرى مەن بەك ئازابلىنىپ كەتتىم، ئاخىر ئىلاجىسىز مۇشۇ يولنى تاللىۋالدىم، ماڭا ئەمدى مۇشۇ يولدىن باشقا يول يوق، مەن بىلىمەن، مېنىڭ ئۆلۈمۈم سىلەرنى تېخىمۇ ئازابلايدۇ، مېنى كەچۈرۈڭلار، مېنىڭ مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قېلىشىمدىكى سەۋەب پۈتۈنلەي ئۆزۈمدە، مەن ھېچكىمدىن ئاغرىنمايمەن، يەنە سىلەرگە ئېيتىپ قويىدىغان بىر ئىش، مېنىڭ ھېچقانداق ئادەم بىلەن ئېلىم - بېرىمىم يوق، مېنىڭ سىلەرگە قويىدىغان بىرلا تەلىپىم بار، بىر جۈپ ھالقامنى ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويدۇم، ئۇنى قەمەرگە بېرىپ قويارسىلەر، ئۇ قەمەرگە خاتىرە بولۇپ قالسۇن، خوش ئەمىسە، مېنى ئىزدىمەڭلار، ھەم ئىزدەپمۇ تاپالمايسىلەر. ...

گۈللالە خەتنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىدىكى بىر جۈپ ھالقىنىڭ قېشىغا قويۇپ قويۇپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئاستا دەرۋازىنى ئېچىپ، دەريا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. ئۇ ئىككى سائەت يول مېڭىپ، دەريا بويىغا كەلدى. ئۇ كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىگە كېلىپ، ئاي يورۇقىدا سۇغا قاراپ تۇرۇپ قالدى. ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئۆزىنى دەرياغا ئاتتى. ...

ئاركاشكا ئادىتى بويىچە بۈگۈنمۇ يېرىم كېچىدە دەريا بويىغا كەلدى. ئۇ چوڭ تاشقا باسۇرۇپ قويغان قولۋىقىنىڭ ئارغامچىسىنى ئېلىپ، قولۋاقنى دەرياغا ئىتتىرىپ چۈشۈرۈپ ھەيدىدى. ئەتىگەن ئۇ دەريانىڭ مۇشۇ ئورنىدىكى قولتۇقتا بېلىق تۇتىدىغان تۆت تەتۈر سېۋەت ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغانىدى. ئۇ قولۋىقىنى ھەيدەپ قولتۇققا

كىردى، ئۇ تەتۈر سېۋەتلىرىنى يىغاي دەپ تۇرۇشىغا، كۆۋرۈك تەرەپتىن ”چولتۇڭ“ قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. تەجرىبىلىك ئاركاشكا ”ئاپلا، يەنە بىرسى ئۆزىنى دەرياغا ئېتىۋالدىمۇ نېمە“ دېدى ـ دە، قولۋىقىنى دەرھال كۆۋرۈك تەرەپكە توغرىلاپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەيدىدى. ئۇزۇنغا بارماي ئۇ بىرسىنىڭ سۇدا پولاڭلاپ ئېقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى، ”راست دېگەندەك بىرسى ئۆزىنى دەرياغا ئېتىۋاپتۇ ـ دە“ دېدى ئاركاشكا ئىچىدە. ئاندىن قولۋىقىنىڭ ئارغامچىسىنى بېلىگە باغلاپ، ئىككى قوللۇق تەييارلىق قىلدى، ئەگەر ئۇنى قولۋاقتا تۇرۇپ قۇتقۇزالىسام تېخى ياخشى، پەقەت بولمىسا سۇغا چۈشۈش كېرەك، دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە، ئاركاشكىنىڭ ئۆزىگە تولۇق ئىشەنچىسى بار ئىدى، ئۇ قولۋىقىنى باشقۇرۇپ بىر چۆكۈپ بىر لەيلەپ ئېقىپ كېلىۋاتقان گۈللالىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، گۈللالە چۆكۈپ كەتتى، بۇ ئارىدا ئاركاشكا ”بولمىدى“ دېدى ـ دە، ئۆزىنى سۇغا ئاتتى. ئاركاشكا سۇدا جان تالىشىۋاتقان گۈللالىنىڭ بېلىدىن تۇتۇۋالدى. ئاركاشكىنىڭ بېلىدىكى ئارغامچا ئۇنىڭغا خېلى مەدەت بولدى، ئۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋېلىپ، پۈتۈن كۈچى بىلەن قولۋاققا قاراپ ئۈزدى، ئۇ تىرىشىپ يۈرۈپ قولۋاقنى تۇتۇۋالدى، ئاندىن گۈللالىنى قولۋاققا يۆلەپ چىقىرىپ، ئۆزى قولۋاققا ئېسىلىپ تۇرۇپ بىردەم ئېقىپ دەم ئېلىۋالدى، ئاندىن قولۋاققا چىقتى، قولۋاق قولتۇقتىن خېلى ئۇزاپ كەتكەنىدى، ئاركاشكا ”ئۇھ“ دەپ ئۇلۇغ بىر تىنىپ دەم ئېلىۋېلىپ، قولۋاقنى قىرغاققا قارىتىپ ھەيدىدى. قولۋاق قىرغاققا كەلگەندە، ئۇ ئالدىراپ سۇغا چۈشۈپ، ئارغامچىنى يالغۇز بىر تۈپ دەرەخكە باغلىدى. ئاندىن گۈللالىنى قولۋاقتىن كۆتۈرۈپ چۈشۈپ، ئۇنى قۇتقۇزۇشقا كىرىشتى. گۈللالە بىر ھازادىن كېيىن ”ئۇھ“ دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. ئاركاشكا بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ خاتىرجەم بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆيگە كېلىپ گۈللالىنى چوڭ بىر مىس كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ، ئايالى نىنانى ئويغاتتى.

— خوتۇن، كۆزۈڭنى ئاچ، — دېدى ئاركاشكا.

— بۇ يېرىم كېچىدە نېمە قىلىسىز مېنى، — دېدى نىنا كۆزلىرىنى ئاچالماي.

— كۆزۈڭنى ئاچ دەۋاتىمەن، دەريادىن بىر قىز قۇتقۇزۇۋالدىم، — دېدى ئاركاشكا نىنانىڭ يۇمشاق يۈزلىرىنى سىلاپ قويۇپ.

نىنا بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئورنىدىن تۇردى.

— نېمە دېدىڭىز، بىر قىز قۇتقۇزۇۋالدىم.

— شۇنداق، سېۋەتكە قاراپ باقاي دەپ چىققان، قولتۇقتا كېلىشىمگىلا بىرسىنىڭ دەرياغا ئۆزىنى ئاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى، قولۋاقنى ھەيدەپ بېرىپ قارىسام راست دېگەندەك بىر ئادەم پولاڭلاپ ئېقىپ كەلدى. بىر قىز ئىكەن، — دېدى ئاركاشكا ھاسىراپ تۇرۇپ.

— قېنى ئۇ قىز؟ — دېدى نىنا.

— مېھمانخانىدىكى كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ قويدۇم، — دېدى ئاركاشكا.

نىنا ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيىپ، مېھمانخانىغا چىقتى، گۈللالە كارىۋاتتا ياتاتتى، نىنا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ كەڭ پېشانىسىنى تۇتتى.

— نېمە بولغان قىزدۇ بۇ! — دېدى نىنا.

— نېمە بولغىنىنى كېيىن بىلىسەن خوتۇن، سەن ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئورۇن سېلىپ بەر، ئەتىگەنلىككە ياخشىراق تاماق قىلىپ بەر، ياخشى بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ئاركاشكا.

نىنا گۈللالىگە ئورۇن سېلىپ بەردى، ئاندىن ئۆزى ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ئۇنىڭ قېشىدا يېتىپ قالدى.

ئەتىسى سەھەردە نىنا ئورنىدىن تۇرۇپ، چايغا تەييارلىق قىلىپ بولغاندىن كېيىن ، گۈللالىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. گۈللالە شۇ تاپتا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ سىزىپ قويغاندەك

كېلىشكەن قاشلىرى پارقىراپ تۇراتتى، ئۇ گۈللالىنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ ئاركاشكىنى ئويغاتتى.

— ھەي، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭا، — دېدى نىنا.

— ھە، نېمە دەيسەن، ياتقىلى قويمامسەن ئادەمنى! — دېدى ئاركاشكا كۆزلىرىنى ئېچىپ.

— يېتىۋېرەمسىز، تۇرۇڭ ئەمدى، دەرياغا بېرىپ سېۋەتلىرىڭىزگە قاراپ بېقىڭ، بېلىق چۈشكەن بولسا ئەكەلمەمسىز، ئاخشامقى قىزغا بېلىق شورپىسى قىلىپ بېرەي!

— قايسى قىز ئۇ؟

— قايسى قىز دەۋاتقىنىنى، ئاخشام سىز قۇتقۇزۇپ ئەكەلگەن قىزچۇ، — دېدى نىنا.

— ھە راست، ھە، ئاخشام مەن تېخى بىر قىز قۇتقۇزۇۋالغان ھە! ئۆيى نەدىكەن ئۇ بىچارە قىزنىڭ! — دېدى ئاركاشكا ئايالى ئولتۇرغان تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يېتىپ.

— ئويغاتمىدىم، تاتلىق ئۇخلاۋاتىدۇ. . . .

— ھە. . . .

ئاركاشكا ئورنىدىن تۇرۇپ، باش - كۆزلىرىنىمۇ يۇماي دەريا تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. نىنا ئوچاق بېشىغا كېلىپ، داۋاملىق چېيىغا تەييارلىق قىلدى.

شەھەرلىكلەر بۇ مەھەللىنى ”رۇسلار مەھەللىسى“ دەپ ئاتايتتى. بۇ مەھەللىدە يىگىرمە تۆتتۆندەك رۇس مىللىتىدىن بولغان بېلىقچىلار ياشايتتى. ئاركاشكىنىڭ ئۆزىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ يەرنى ئۇنىڭ بوۋىسى مەھەللە قىلىپ قۇرۇپ چىققانىكەن، ئۆز ۋاقتىدا بۇ مەھەللىدىكى بېلىقچىلارنىڭ سانى يۈز تۆتتۆندىن ئاشىدىكەن، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ رۇس بېلىقچىلارنىڭ بەزىلىرى روسىيىگە، بەزىلىرى ئاۋستىرالىيىگە كېتىپ، ئۇلارنىڭ سانى ئازىيىپ كەتكەنىكەن.

ئاركاشكا دەريا بويىغا كېلىپ، ئاخشام قولۋىقىنى باغلاپ قويغان يەردىن ئىزدەشكە باشلىدى. ئۇ ئارغامچىنى تارتىپ، كۆۋرۈك تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ قولۋاقنى تارتىپ قولتۇقتىن ئۆتۈپ كەتتى، ئاندىن قولۋاقنى يۇقىرىدىن توغرىلاپ سىلىپ، قولتۇققا كەلدى. ئۇ تۆت ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرغان تۆت تەتۈر سېۋەتنى بىر - بىرلەپ ئالدى، تۆت سېۋەتنىڭ ئىچىدىن ئون بىر بېلىق چىقتى، ئۇ پۇلاڭلاپ جان تالىشىۋاتقان بېلىقلارنى بىر - بىرلەپ تور سومكىغا سېلىپ، قولۋاقنى ھەيدەپ قىرغاققا چىقتى.

نىنا چاينى تەييارلاپ بولغانىدى، ئۇ ئۆيگە كىرىپ گۇللالىنى ئويغاتتى، گۇللالە چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇ نىنانى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى.

— قورقماڭ قىزىم، سىز ھازىر رۇسلار مەھەللىسىدە تۇرۇۋاتىسىز، مېنىڭ ئىسمىم نىنا بولىدۇ، سىز تۈنۈگۈن ئۆزىڭىزنى دەرياغا ئېتىۋاپسىزكەن، يولدىشىم ئاركاشكا سىزنى قۇتقۇزۇۋاپتۇ، مانا، ناھايىتى ياخشى ئۇخلىۋالدىڭىز، ئەمدى ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىڭىزنى يۇيۇڭ، — دېدى نىنا.

گۇللالە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ياتقان يېرىدە ئولتۇرۇپلا قالدى. . . .

— نىنا، نىنا، بېلىق ئەكەلدىم، — دەپ ۋارقىرىدى ئاركاشكا قورۇغا كىرىپ.

نىنا ئاركاشكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ، قورۇغا چىقتى.

— ھە، قانچە بېلىق چۈشۈپتۇ؟ — دېدى نىنا.

— ئون بىر.

— ياخشىغۇ، ئەمىسە چوڭراقىدىن ئىككىنى تازىلاڭ، ئۇ قىزغا بېلىق شورپىسى قىلىپ بېرەيلى، قالغىنىنى سېتىۋەتسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى نىنا.

— يەنە مەن تازىلامدىم، بىرەر قېتىم ئۆزۈڭ تازىلىساڭ بولمامدۇ! — دېدى ئاركاشكا غۇدۇراپ.

— نېمىشقا چۈشەنمەيسىز، مەن ئۇ قىزدىن بىر گەپ ئېلىپ باقاي دەۋاتىمەن، ئاتا ـ ئانىسى ئەنسىرەپ ساراڭ بولۇپ كەتتى ھەقىچان، — دېدى نىنا.

نىنا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

گۈللالە كارىۋاتتا ئولتۇراتتى، ئۇنىڭ چىرايى شۇنداق ئوسال ئىدى، نىنا ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بىر چىرايلىق قىز ئىكەنسىز، نېمە ئۈچۈن بۇ يولنى تاللىغانسىز! ماڭا ئىشىنىڭ قىزىم، مەن ئۆزىڭىزنىڭ ئاپىسىدەك. ھەرقانداق گېپىڭىز بولسا ماڭا دەڭ. ھەرگىز بۇ يولدا ماڭماڭ، ئاتا ـ ئانىڭىزغا ئىچىڭىز ئاغرىسۇن، شۇ تاپتا ئۇلار سىزنى ئىزدەۋاتىدۇ ھەقىچان. ھە قىزىم، ئىسمىڭىز نېمە؟

— گۈللالە. . . .

— مۇنداق دېمەمسىز مانا، بىر چىرايلىق ئىسمىڭىز بار ئىكەن، ئۆيىڭىز قەيەردە؟

گۈللالە يەرگە قاراپ گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

— ماڭا راست گەپ قىلىڭ گۈللالە، ماڭا ئىشىنىڭ ، سىز نېمە ئۈچۈن ئۆزىڭىزنى دەرياغا ئاتىسىز؟

— مەن سىزگە نېمە دېسەم بولا ھەدە. . . .

— نېمە دېگۈڭىز كەلسە شۇنى دەۋېرىڭ، دەيدىغان گېپىڭىزنى دەۋەتسىڭىز يېنىكلەپ قالىسىز، — دېدى نىنا.

گۈللالە بېشىنى كۆتۈرۈپ نىناغا قارىدى. نىنانىڭ سەمىمىي قاراشلىرى ئۇنىڭغا ئىللىق ئاتا قىلغاندەك بولدى، ئۇ خېلى ئازادە بولۇپ قالدى، نىنا ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا قاراپ ئانىلارچە مۇھەببىتى بىلەن كۈلدى، ئاندىن يوغان، يۇمشاق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئېرتىپ قويدى.

— مەن بىر ئاينىڭ ئالدىدا توي قىلغان، ئەتىسى يولدىشىم مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. . . .

— نېمە ئۈچۈن؟ — دېدى نىنا گۈللالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ

تۇرۇپ.

— مەن بۇرۇن بىر بالا بىلەن يۈرگەن ، كېيىن ئۇ ئوقۇشقا كەتكەنىدى. . . .

— ھە، مۇنداق دەڭ قىزىم، چۈشەندىم، ھەي، مەن تېخى قانچىلىك چوڭ ئىشكەن دەپتىمەن، ئەسلىدە مۇنداق ئىش ئىكەن ـ دە، ھەي، سىلەر كىچىك، نادان، تېخى ئىش بىلمەيسىلەر، تۇرمۇشنىمۇ چۈشەنمەيسىلەر، ئۆلۈۋالغۇدەك ئىش ئەمەسكەنغۇ! قوغلىشۋەتسە قوغلىشۋەتمەمدۇ، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ يۈرۈۋەرمەمسىز. بۇ جاھاندا ئەر ئازمۇ، قىز بالا دېگەن يەردە قالمايدۇ، بىرسى تاز دەپ تاشلىۋەتسە، يەنە بىرسى گۈل دەپ ئېلىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ! ھەممە ئادەم بىر خىل بولمايدۇ ـ دە، — دېدى نىنا.

— مەن ئاتا ـ ئانامدىن كىچىك قالغان، ھەدەمنىڭ قولىدا چوڭ بولغان، ئاكامنىڭ ئالدىدا بېشىمنى كۆتۈرەلمەي قالدىم. . . .

— نومۇسنى بىلىش ياخشى ئىش، لېكىن ئۆلۈۋالسىڭىز بولمايدۇ ـ دە، ئۆلۈم سىزنى خاتىرجەم قىلغىنى بىلەن، قالغانلارغا قىلىپ قويۇسىز ئەمەسمۇ! ھە، مۇنداق دەڭ قىزىم، مېنىڭچە سىز بىر مەزگىل ئۆيىڭىزدىن ئايرىلىپ ياشىسىڭىز بولغۇدەك، شۇ ۋاقىتتا كۆڭلىڭىز ئارام ئېلىپ قالىدۇ، بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىسىز، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش قىلىڭ قىزىم، تېخى ياخشى كۈنلەر ئالدىڭىزدا، مۇشۇنداق چىرايلىق چىرايىڭىز بىلەن ئۆلۈۋالسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ نۇرغۇنلىغان يامان ئادەملەر يەنە نان تالىشىپ يۈرمەمدۇ، نېمىشقا ئاشۇلار ئۆلۈۋالمايدۇ! شەھەر ياخشى ئەمەس، شۇڭا بىز مۇشۇ مەھەللىدىن كەتمەيمىز، ئاركاشكا ئاكىڭىز نەچچە قېتىم شەھەردىن تۇراقلىق جاي ئېلىپ كۆچۈپ كەتمەكچى بولغان ، مەن ئۇنىمىغانىدىم. ھازىر ئويلىسام توغرا قىلىپتىكەنمەن، شەھەر ئاۋات كۆرۈنگەندەك قىلغىنى بىلەن ، ئۇ سەممىمي، ياۋاش ئادەملەرنى بوزەك قىلىدۇ، شۇڭا سىز بىر

مەزگىل شەھەردىن يىراق يەرگە بېرىپ ياشىشىمىز كېرەك، سەھرادا تۇغقانلىرىڭلار باردۇ؟

— بار.

— ئەمىسە سىز ھەدىڭىزگە دەپ سەھراغا چىقىپ كېتىڭ، ئاشۇ يەر تىنچ، ئاشۇ يەر ياخشى، ئاشۇ يەرنىڭ ئادەملىرى يىغلىغان ئادەمنىڭ كۆز يېشىنى ئېرتىپ قويۇشنى بىلىدۇ، شەھەردە بۇنداق ئادەملەر ئاز، شەھەردە بىر ئادەم يىغلىسا ھەممىسى كېلىپ تاماشا كۆرۈشكە ئالدىرايدۇ، بىر - بىرسىنىڭكىنى ياپمايدۇ، شۇڭا سىز ئاشۇ يىراق سەھراغا كېتىڭ، ياخشى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يىراق يەردە. . . .

— نىنا، بېلىقلىرىڭنى تازىلاپ تەييار قىلدىم، — دېدى ئاركاشكا ۋارقىراپ.

— مانا، مانا، ھازىر چىقىمەن، — دېدى نىنا، — ئەمىسە مەن بىلەن چىقىپ يۈز - كۆزلىرىڭىزنى يۇيۇۋېلىڭ قىزىم، مەن سىزگە بېلىق شورپىسى قىلىپ بېرەي، يۇرۇڭ قىزىم.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ گۈللالە خېلى يېنىكلەپ قالدى، ئۇ نىناغا ئەگىشىپ ئۆيدىن چىقتى.

ماھىنۇر بۇگۈنمۇ ئادىتى بويىچە سەھەر تۇرغانىدى، ئۇ باغ تەرەپكە ئۆتكەندە، گۈللالىنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنىڭ ئېچىقلىق تۇرغىنىنى كۆردى، ئۇنىڭ يۈرىكى ”جىغ“غىدە قىلغاندەك بولدى - دە، يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۆيگە كىردى. ئۆيدە گۈللالە يوق ئىدى، ئۇنىڭ ئورۇنلىرىمۇ يىغىقلىق تۇراتتى، ئۇ ئۇستەل ئۈستىدىكى خەتنى كۆردى، خەتنى قولىغا ئېلىپ ئوقۇغاندىن كېيىن، ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ قۇتلۇقنىڭ قېشىغا كىرگەنىدى. . . .

قۇتلۇق سەھەردىلا ئۆيدىن چىقىشتىن بۇرۇن بۇ خەتنى كۆرۈپ بولغانىدى، ئۇ بازارغا بېرىپ بىر ئاشخانىغا كىرىپ، ناشتا قىلدى. ئۇ گۈللالىنى نەگە بېرىپ ئىزدەشنى بىلمەي قالدى، ئۇ ئۆيدە

ماھىنۇرغا مەسلىھەت سالغۇدەك بولمىغانىدى.
— رادىئو ئىستانسىسىغا بېرىپ ئىلان بېرەيمۇيا؟ — دېدى قۇتلۇق ئىچىدە. لېكىن ئارقىدىنلا ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ پىكرىنى توغرا تاپمىدى، — بۇنداق قىلسام ھەممە ئادەم بىلىپ كەتمەمدۇ، —دېدى ئىچىدە. ئۇ ئويلاپ نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى، ئاخىر ئۇ يەنىلا دەسلەپكى پىكرىگە كېلىپ قالدى، ئۇ چايخانىدىن چىقىپ، شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسىغا كەلدى. ئۇ ئىلان بۆلۈمىگە كىرىپ، بىر خادىم بىلەن كۆرۈشتى.
— ھە، مۇنداق دەڭ ، بىر كېلىشمەسلىك بوپتۇ ـ دە، بۈگۈن ئەتىگەن چىقىپ كەتكەنمۇ يا تۈنۈگۈن يېرىم كېچىدە چىقىپ كەتكەنمۇ؟ — دەپ سورىدى ئاپئاق كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ تۇرغان خادىم.
— تۈنۈگۈن يېرىم كېچىدە چىقىپ كەتتىمىكىن دەيمەن!
— ھە، مۇنداق دەڭ، ئۆزىڭىزمۇ ئېنىق بىلمەيسىز كەندە! ئۆزىڭىزنىڭ سىڭلىسىمىتتى يا؟ — دېدى خىزمەتچى خادىم كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ.
قۇتلۇق خىزمەتچى خادىمنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ سەل تېرىكتى:
— بۇ ئىشنىڭ ئىلان بېرىش بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار ئەپەندىم، — دېدى قۇتلۇق خىزمەتچى خادىمنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ.
— ئەلۋەتتە مۇناسىۋىتى بولىدۇ ـ دە، بىز ئەھۋالنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەكقۇ!
— قېينىسىڭلىم بولىدۇ. . . .
ھە، مۇنداق دېمەمسىز؟ قېينىسىڭلىڭىز بولسا ياخشىراق ئىلان قىلىدىغان گەپ ئەمەسمۇ! مۇشۇ كۈنلەردە شەھەر بويىچە نۇرغۇنلىغان ئەزىمەتلەرنىڭ قېينىسىڭىللىرى يوقاۋاتىدۇ، بۇنداق ئىلانلارنى كەينى ـ كەينىدىن بىرنەچچە قېتىم ئىلان قىلىمىز ئەمەسمۇ! شەھەرنىڭ بۇلۇڭ ـ بۇلۇڭلىرىدىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئاڭلاپ كېتىدۇ، قېينىسىڭلىڭىز تېپىلدى دېگەن گەپ

خوتۇنىڭىز خاتىرجەم بولدى دېگەن گەپ، خوتۇنىڭىز خاتىرجەم بولسا ئەلۋەتتە سىزمۇ خاتىرجەم بولىسىز، ئائىلىمۇ خاتىرجەم بولىدۇ، شۇڭا بىز ئادەتتە قېينسىڭىللىرى يىتىپ كەتكەن ئېلانلارغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىمىز، چوڭ جەھەتتىن ئېيتقاندا، بۇ جەمئىيەت ئامانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىش. . . .

— ئاكا، مەن ئېلاننىڭ ھەققىنى تۆلىۋېتىپ ماڭاي. مەن يەنە باشقا يەرلەرنى ئىزدىسەم بولمايدۇ، — دېدى قۇتلۇق.

— پۇل تۆلەشكە ئالدىرىماڭ ئۇكام، سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز ھازىر قېينسىڭلىڭىزنى ئىزدەش، بىزغۇ ئېلاننى بېرىمىز، ئەمدى جەمئىيىتىمىزدە رادىئو بىلەن خۇشى يوق ئادەملەرمۇ بارچۇ. شۇڭا سىز يەنە يىراقراق يەرلەرگە بېرىپ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ بېقىڭ، مەن سىزگە بىر يول كۆرسىتەي، قىزلار ئادەتتە دەرياغا ئامراق بولىدۇ، سىز دەريا تەرەپكە بېرىپ بېقىڭ ، ئۇچرىغانلىكى ئادەمدىن سوراۋېرىڭ، ھازىر كۈن ئىسسىق، جەسەتنى تېزرەك تېپىۋالمىساڭلار سېسىپ كېتىدۇ، — دېدى خىزمەتچى خادىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز، مۇشۇمۇ گەپمۇ ئەمدى، جەسەتنى دەيسىزغۇ، سىز نېمە بىلىسىز ئۇنىڭ ئۆلگىنىنى! — دېدى قۇتلۇق تېرىكىپ.

— ئەمدى ئۆزىنى دەرياغا ئېتىۋالغاندىن كېيىن ئۆلىدۇ - دە، ئۇكا ئۇ!

— سىز ئۇنىڭ ئۆزىنى دەرياغا ئېتىۋالغانلىقىنى قانداق بىلىسىز؟

— بىزدە تەجرىبە بار - دە ئۇكا، سىزگە ئوخشاش ئېلان بېرىۋاتقانلارنىڭ قېينسىڭىللىرىنىڭ جەسەتلىرى ئاشۇ دەريانىڭ قىرغاقلىرىدىن تېپىلىۋاتامدۇ! مەن يامان گەپ قىلمىدىم ئۇكام، ساڭا يول كۆرسىتىۋاتىمەنغۇ! — دېدى خىزمەتچى خادىم.

— مەن ماڭاي ئاكا ئەمىسە، قانچە پۇل تۆلەيمەن؟

— 50 سوم.

قۇتلۇق 50 سوم پۇلنى خىزمەتچى خادىمنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپ، ئېلان بۆلۈمىدىن چىقىپ كەتتى.

قۇتلۇق يولدا كېتىۋېتىپ ئېلانچى خادىمنىڭ گەپلىرى ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى، ئۇ ئۇنىڭ دەريا بويىغا بېرىپ سۈرۈشتە قىلىپ بېقىش دېگەن سۆزىگە قايىل بولۇپ قالدى. ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ، ۋېلىسىپىتىنى مىنىپ، دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. ئۇ دەريا بويىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، كۆۋرۈكنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ، تىنچ ئېقىۋاتقان دەرياغا نەزەر تاشلىدى. قۇتلۇق بىرنەچچە تەرەپكە نەزەر سالغاندىن كېيىن ، كۆۋرۈكنىڭ بېشىدا تاماكا سېتىۋاتقان بوۋاينىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم چوڭ دادا، ئەھۋاللىرى ياخشىمۇ، — دېدى قۇتلۇق ھۆرمەت بەن بوۋايغا سالام بېرىپ.

— ۋەئەلەيكۇمئەسسالام، خۇداغا شۈكۈر ئوكام، كېلىڭ، مۇنۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇڭ، — دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ.

قۇتلۇق بوۋاينىڭ قېشىغا كېلىپ، كىچىك ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم چوڭ دادا، مەن ئادەم ئىزدەپ كەلگەنتىم، سىڭلىم ئاخشام ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن، بايام شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسىغا بېرىپ ئېلان بېرىۋەتتىم، ئۇ يەردە بىرسى دەريا بويىغا بېرىپ ئىزدەپ بېقىڭ دېگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە كەلگەنىدىم. . . .

— ھە، مۇنداق دەڭ، تۈنۈگۈن كەچتە ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن دېدىڭىزما؟ ئەتىگەنئىنىڭياقى بۇ ئەتراپتا بۇنداق گەپ بولمىدى، بولمىسا مەن ئۇچيۈز ئاتمىش كۈن مۇشۇ يەردە، ئۇن كۈننىڭ ئالدىدا بىر بالا كۈندۈزىلا مۇشۇ يەردىن ئۆزىنى دەرياغا ئېتىۋالغان، ئۇنىڭ ئۆلۈكى چىقمىدى تېخى، تۇغقانلىرى كۈندە كېلىپ ئىزدەۋاتىدۇ، خوش، سىز ئوكام مۇشۇ دۆڭدىن تۆۋەن چۈشۈپ،

يولنى بويلاپ مېڭىۋەرسىڭىز رۇسلار مەھەللىسىگە بارسىز، بۇنداق ئىشلارنى ئاشۇلار بەك بىلىدۇ، ئۇلار كېچە ـ كۇندۇز دەريادا بېلىق تۇتىدۇ، سىز ئاشۇ مەھەللىگە بېرىپ سۈرۈشتە قىلىپ بېقىڭ، — دېدى تاماكىچى بوۋاي.

— رەھمەت چوڭ دادا ئەمىسە، مەن ئاشۇ ياققا بېرىپ باقاي، — دېدى قۇتلۇق ئورنىدىن تۇرۇپ ۋېلسىپىتىنى يېتىلەپ دوڭدىن چۈشۈپ كەتتى.

قۇتلۇق ۋېلسىپىتىنى مىنىپ خېلى ماڭغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئالدىغا بىر رۇس ئۇچرىدى، ئۇ ۋېلسىپىتىدىن چۈشۈپ رۇسنىڭ ئالدىنى توستى.

— كەچۈرسىز، مەن سىزدىن بىر ئىشنى سورىماقچى ئىدىم، مېنىڭ بىر سىڭلىم يوقاپ كەتكەن، مۇشۇ دەرياغا ئۆزىنى ئېتىۋالدىمىكىن دەيدىغان گۇمانىمىز بار، سىز مۇشۇ ئەتراپتا تۈنۈگۈن بىرەر قىز بالا ئۆزىنى دەرياغا ئېتىۋاپتۇ دېگەندەك گەپلەرنى ئاڭلىدىڭىزمىكى، — دېدى قۇتلۇق كۇلۇپ تۇرۇپ.

— ياق ، ئۇنداق گەپ ئاڭلىمىدىم، سىز مەھەللىنىڭ ئىچىگە كىرىپ باشقىلاردىن سوراپ بېقىڭ، — دېدى بومبا ساقاللىق ئورۇس يولىغا ئالدىراپ.

— كەچۈرسىز، سىزنى ئاۋارە قىلدىم، — دېدى قۇتلۇق.

قۇتلۇق ۋېلسىپىتىنى مىنىپ مەھەللىنىڭ ئىچىگە قاراپ ماڭدى. يولنىڭ ئىككى چېتىدىكى يوغان ـ يوغان دەرەخلەر يولغا سايە تاشلاپ تۇراتتى . تۆت كوچىغا كەلگەندە قۇتلۇق ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ، ئېرىقنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ تاماكا چەكتى، ئۇزاق ئۆتمەي بىر رۇس تورلىرىنى كۆتۈرۈپ تۆت كوچىدا پەيدا بولدى.

— كەچۈرسىز ئاقساقال، — دېدى قۇتلۇق بۇ ساقاللىق رۇسنىڭ ئالدىغا بېرىپ، — مەن ئادەم ئىزدەپ كەلگەن، تۈنۈگۈن بىزنىڭ بىر قىزىمىز يوقاپ كەتكەنىدى. دەرياغا ئۆزىنى ئېتىۋالدىمىكىن دەيدىغان گۇمانىمىز بار، مۇشۇ ئەتراپتا بىرەر گەپ

ئاڭلىدىڭىزمىكىن؟
ياشانغان رۇس مۆرىسىدىكى بېلىق تورىنى يەرگە قويدى، ئۇنىڭ ئۆسەك چابۇرۇتلىرى كالپۇكلىرىنى يېپىپ تۇراتتى، ئۇ يوغان كۆك كۆزلىرى بىلەن قۇتلۇققا قارىدى:
— ئۇ سىزنىڭ نېمىڭىز بولىدۇ؟
— مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ.
— ھە، ئەتىگەن بىر خەۋەر ئاڭلىدىم، ئاخشام ئاركاشكا دەريادىن بىر قىز قۇتقۇزۇۋاپتۇ دېيىشىدۇ، ئۇنىڭ لەقىمى بېلىق، بىزدە ئىككى ئاركاشكا بار، لەقىمىنى دېمىسەك بىلمەيدۇ، ئاشۇ قىز بولۇپ قالمىسۇن يەنە، ئۆيگە بېرىپ بېقىڭ.
— ئۇ قىزنىڭ ئىسمىنى بىلدىڭىزمۇ؟
— ئۇنى بىلمىدىم، ئاركاشكىنىڭ ئۆيى مۇشۇ مەھەللىنىڭ ئاخىرىدا، ئوڭ تەرەپتىكى ئۆي، قورۇسىنىڭ ئالدىدا بىر توپ چوڭ سىدە بار، شۇ قورۇغا كىرسىڭىز بىلىسىز!
— رەھمەت سىزگە، — دېدى قۇتلۇق، ئۇ ئالدىراپ مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قاراپ ماڭدى.
قۇتلۇق يىراقتىنلا ھېلىقى رۇس دېگەن چوڭ سىدىنى كۆردى. ئۇ سىدىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋېلىسىپىتىدىن چۈشۈپ تۇرۇشىغا ئاركاشكىنىڭ ئىتى قاۋاپ كەتتى، ئاركاشكا ئۆيدە ئىدى، ئۇ دەرۋازىنى ئېچىپ تالاغا چىقتى.
— بىر كىمنى ئىزدەمسىز، — دېدى ئاركاشكا كۈلۈپ تۇرۇپ.
— كەچۈرىسىز، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، مەن بىر قىزنى ئىزدەپ كەلگەنىدىم، ئىسمى گۈللالە. . . ، — دېدى قۇتلۇق ئالدىراپ گېپىنىڭ باش - ئايىغىنى تاپالماي.
— ئۆيگە كىرىڭ، مەن دېگەندەكلا ئىزدەپ كەلدىڭىزدە، مەن تۇغقىنى ئىزدەپ كېلىدۇ دېگەنتىم ئەمەسمۇ! تۈنۈگۈن ئۇ قىزنى دەريادىن سۈزۈۋالدىم. ئۇ سىزنىڭ نېمىڭىز بولىدۇ؟
قۇتلۇقنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا يورۇپ كەتتى.

— خۇداغا شۈكۈر، ئۇ قىز مېنىڭ سىڭلىم بولىدۇ. قېنى ئۆيگە كىرىڭ، سىڭلىڭىز بىلەن كۆرۈشۈڭ.

قۇتلۇق ۋېلسىپىتىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، ئاركاشكىغا ئەگىشىپ قورۇغا كىردى. ئۇ گۈللالىنى ئىزدەپ ئۇ ياق - بۇ ياققا قارىدى، گۈللالە قورۇدا كۆرۈنمەيتتى، نىنا قازان بېشىنى تازىلاۋاتاتتى، ئۇ قۇتلۇقنى كۆرۈپ، يولدىشى بىلەن رۇسچە سۆزلىشىپ كەتتى، ئاندىن خۇشخۇي هالدا قۇتلۇقنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئولتۇرۇڭ، هازىر يولدىشىم سىزنى ماڭا تونۇشتۇردى، تەلىيىڭلار بار ئىكەن، مەن ئۇ قىزنى هازىر مۇنچىغا كىرگۈزۈۋەتكەنىدىم، نېمە دەيمىز ئەمدى، چوڭ ئىش ئەمەسكەنغۇ، قىزغا ياخشىراق قاراڭلار، قانچىلىك ئىشتى ئۇ، مەن تېخى قانداق قىلارمەن دەپ ئولتۇراتتىم، سىز ياخشى كېلىپ قالدىڭىز، مۇنداق گەپ، مۇشۇنداق ئىش بولغاندىن كېيىن قىز يەنە ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كىيىملىرى بىلەن يۈرسە بولمايدۇ، بولمىسىغۇ كىيىملىرى قۇرۇپ قالدى، بىراق ئۇ ئەمدى يېڭى كىيىم بىلەن يۈرمىسە بولمايدۇ، بىزنىڭ ئاركاشكا مۇشۇ كۈنگىچە يىگىرمىگە يېقىن بالىلارنى قۇتقۇزۇۋالدى، مەن ئۇلارنى ئەتىسىلا مۇنچىغا كىرگۈزىمەندە، كونا كىيىملىرىنى كۆيدۈرۈۋېتىمەن، سىزنىڭ ئىزدەپ كەلگىنىڭىز بەك ياخشى بولدى، سىز هازىر ئۆيىڭىزگە بېرىپ قىزنىڭ كىيىملىرىنى ئەكىلىڭ، ئاندىن ئەكەتسىڭىز بولىدۇ، — دېدى نىنا كۈلۈپ تۇرۇپ.

قۇتلۇق خۇشال بولۇپ كۈلۈپ كەتتى.

— سىزگە رەهمەت هەدە، سىزگە كۆپ رەهمەت، — دېدى قۇتلۇق خۇشاللىقىنى باسالماي ئورنىدىن تۇرۇپ.

— هەدەڭىزنىڭ ئىسمى نىنا بولىدۇ ئۇكام، — دېدى بىر چەتتە كۈلۈپ ئولتۇرغان ئاركاشكا.

— رەهمەت ئاركاشكا ئاكا، سىلەرگە كۆپ رەهمەت، ئەمىسە

مەن ئۇچقاندەك بېرىپ سىڭلىمنىڭ كىيىملىرىنى ئېلىپ كېلەي. . . .

— ياخشى، سىلەرنىڭ سۆز بىلەن ئېيتقاندا ئۇچقاندەك بېرىپ كېلىڭ، — دېدى نىنا.

قۇتلۇق ئاركاشكىنىڭ قورۇسىدىن چىقىپ، ۋېلسىپىتىنى مىنىپ، ئۆي تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.

گۇللالە مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىن، نىنا ئۇنىڭغا چوڭ قىزنىڭ گۇللۇك كۆڭلىكىنى كىيگۈزۈپ قويدى.

— ئاكىڭىز سىزنى ئىزدەپ كەپتۇ قىزىم، — دېدى نىنا.

— ئاكام كەپتۇما؟ — دېدى گۇللالە جىددىيلىشىپ.

— ئۇ سىزنىڭ كىيىملىرىڭىزنى ئالغىلى كەتتى، ئەمدى سىز دەريادىن چىققان ۋاقتىڭىزدىكى كىيىملىرىڭىزنى كىيسىڭىز بولمايدۇ، ئاكىڭىز هازىرلا يېتىپ كېلىدۇ، — دېدى نىنا.

— ئاكام نېمە دېدى؟

— ئاكىڭىز نېمە دەيتتى، خۇشال بولۇپ كەتتى، بىر ياخشى ئاكىڭىز بار ئىكەن، بەك سەممىي ئادەم ئىكەن، ئەمدى توۋا قىلىڭ، ئاپئاق قىز، ئاتا - ئانىڭىزنى قاقشاتماڭ. . . .

قۇتلۇق بىر سائەتتىن كېيىن ئايالىنى ئېلىپ ئاركاشكىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. ماھىنۇر گۇللالىنى كۆرۈپ ئۆزىنى ئۇنىڭغا ئاتتى، ئۇ گۇللالىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ ئېقىپ كەتتى. . . .

— ساراڭ قىز، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز. . . .

— يىغلىماڭ، تەلىيى بار قىزكەن، بىزنىڭ ئاركاشكىغا ئۇچراپ قاپتۇ، ئۇنىڭغا ياخشى گەپلەرنى قىلىڭلار، — دېدى نىنا.

گۇللالىمۇ يىغلاپ ئېقىپ كەتتى.

— بولدى قىلىڭلار، ئەمدى يىغلىساڭلار سەت بولىدۇ، — دېدى ئاركاشكا.

— چاچلىرىڭنى تۈزەشتۈر، ماڭايلى ماھىنۇر، — دېدى قۇتلۇق ماھىنۇرنىڭ قېشىغا كېلىپ بوش ئاۋاز بىلەن.

— ئەمسە بىز قورۇغا چىقىپ تۇرايلى، گۈللالە كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇۋالسۇن، — دېدى نىنا.

ئۇلار قورۇغا چىقتى، ئۆيدە يالغۇز گۈللالىلا قالدى.

— سىزگە كۆپتىن - كۆپ رەھمەت ئاركاشكا ئاكا، خۇدايىم بۇيرۇسا ئىككىڭلارنى ئايرىم يوقلاپ كېلىمەن، — دېدى قۇتلۇق.

— مانا ئەمدى بىز تونۇشۇپ قالدۇق ئۇكام، ئىززىتىڭىزنى تۇرايلى، بېلىق كېرەك بولسا كېلىپ تۇرۇڭ، — دېدى ئاركاشكا.

گۈللالە كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ ئۆيدىن چىقتى.

— مانا، شۇنداق چىرايلىق قىز ئەمەسمۇ سىز، بۇنىڭدىن كېيىن باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، جان ئۆزىڭىزنىڭ تۇرسا، نېمە ئۈچۈن خەقلەرنىڭ چىرايىغا قاراپ نەپەس ئالىسىز، ئەگەر ئاكىڭىز ئىزدەپ كەلمىگەن بولسا سىزنى ئۆزۈم بېقىۋالاي دېگەنىدىم تېخى، تەلىيىم يوقكەن! — دېدى نىنا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداق بىزنىڭ نىنا ئۇزاقتىن بېرى بىر ئۇيغۇر قىزى بېقىۋالسام بولاتتى دەپ ئارمان قىلىپ يۈرەتتى، ئەگەر بۇ قېتىم سىلەر كېيىنرەك كەلگەن بولساڭلار، بۇ قىزنى ئۆزىمىز بېقىۋالاتتۇق، — دېدى ئاركاشكا.

ئۇلار ئاركاشكا، نىنا بىلەن خوشلىشىپ يولغا چىقتى. ئۆيگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماھىنۇر ئۆزىنى كارىۋاتقا ئېتىپ قانغۇچە يىغلىدى. گۈللالە خىجىل بولۇپ ھەدىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— يىغلىما ھەدە ئەمدى مەن ئۇنداق ئىش قىلمايمەن، توۋا قىلدىم، — دېدى گۈللالە چىرايلىق كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن لالە، مېنىڭ سېنىڭدىن باشقا نېمەم بار. ئەگەر سەن بۇنداق قىلىپ يۈرسەڭ، مېنىمۇ تۇگەشتۇرۇسەن، دادام بىلەن ئاپامنىڭمۇ روھى تىنچ ياتمايدۇ. . . . ، — دېدى ماھىنۇر كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ.

— ئەمدى مەندىن خاتىرجەم بول ھەدە.

قۇتلۇق بىلەن ماھىنۇرنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. ئۇلارنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈرۈشكە باشلىدى، قەمەر گۈللالىنىڭ تېپىلغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاپ، كەچتە گۈللالىنى يوقلاپ كەلدى.

— بۇ ئىشىڭ پەقەت بولمىدى ئاداش، مەن سېنى بۇنداق قىلىدۇ دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، ”ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي داۋاغا“ دېگەن گەپ بار، ھېچ ئىش بولمىغاندەك بېشىڭنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يۈرۈۋەرمەمسەن! — دېدى قەمەر.

— راست دېدىڭ ئاداش، دەريانىڭ سۈيى مېنى ئويغاتتى، مېنىڭ كاللام ئەمدى ئېچىلدى، مەن بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى ھەرگىز بۇنداق ئەخمەقلىق قىلمايمەن، بىچارە ھەدەمنى بەك قورقىتىۋېتىپتىمەن، — دېدى گۈللالە.

— ئەمدى ھەرگىز ساراڭلىق قىلما ئاداش، تۇنۇگۇن خاسىيەت كەپتىكەن، بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ بەك قورقۇپ كەتتى، — دېدى قەمەر.

— ھە، خاسىيەت قايتىپ كەپتۇ ـ دە، — دېدى گۈللالە.

— ئۇ A شەھىرىدە خىزمەتكە ئورۇنلىشىۋاپتۇ، ئۇنىڭ كىچىك دادىسى ئاشۇ شەھەردە تاشيول ئىدارىسىنىڭ بىر باشلىقى ئوخشايدۇ، ئاشۇ ئادەم ئۇنى تاشيول ئىدارىسىنىڭ ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپتۇ، ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىدا بىر قىرائەتخانا بار ئىكەن، ئۇ ئاشۇ قىرائەتخانىنى باشقۇرىدىكەن، قىلىدىغان ئىشى بەك يېنىك ئىكەن، ئۇ ئۆگۈنلۈككە كېلىپ سەن بىلەن كۆرۈشىدىغان بولدى، — دېدى قەمەر.

— نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە ئاداش، مېنىڭمۇ يا دادام، يا كىچىك دادام بولغان بولسا، مەنمۇ بىرەر يەرلەرگە ئورۇنلىشىپ قالاتتىم، — دېدى گۈللالە كۆڭلىنى بۇزۇپ،

— خاتىرجەم بول ئاداش، سېنىڭ يولۇڭنى ئۆزۈم قىلىمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا ئىككىمىز بىللە ئىشلەيمىز، — دېدى قەمەر.

ئۇلار مۇشۇنداق قىزغىن پاراڭلىشىۋاتقاندا، گۈللالىنىڭ دوستلىرى ئۇنى يوقلاپ كەلدى. قىزلار بىردەمدىلا ئۆيگە لىق توشۇپ كەتتى.

ماھىنۇر سىڭلىسىنى يوقلاپ كەلگەن قىزلارنى كۆرۈپ، ھاياجانلىنىپ يەنە يىغلاپ كەتتى.

ئەتىسى ناشتىدىن كېيىن، قۇتلۇق ماھىنۇرغا:

— ھېلىقى ئاركاشكا دېگەن رۇسىڭنى يوقلاپ قويمايمىزمۇ، — دېدى.

ماھىنۇر لاپ قىلىپ ئېرىگە تاتلىققىنە قارىدى:

— قارايسەنغۇ، سېنىڭ سىڭلىڭنى قۇتقۇزۇۋالغاندىن كېيىن سېنىڭ روسىاڭ بولماي مېنىڭ رۇسىم بولامتى ئەمىسە. . . ، — دېدى قۇتلۇق يەنە ئايالىغا چاقچاق قىلىپ.

— سېنىڭ سىڭلىڭ دەپ كەتكىنىنى. . .

— گەپ قىلە، قانداق قىلىمىز!

— يوقلاپ قويايلى، مەنمۇ باراي، — دېدى ماھىنۇر.

— ياق، ھازىرچە مەن باراي، بىر قوي ئاپىرىپ بېرەي، ئاشۇ يەردە سويۇپ بېرىپ قان ئېقىتىۋەتمەيمىزمۇ، — دېدى قۇتلۇق.

— شۇنداق قىلايلى، ۋاقتىدا بولسۇن، ئەمىسە چۈشتىن كېيىن شۇنداق قىلامسىز، — دېدى ماھىنۇر.

— شۇنداق قىلاي، قوينى مال بازىرىدىن ئېلىپ ئاشۇنداقىلا كېتەي.

ماھىنۇر ساندۇقنىڭ قېشىغا كېلىپ، يېنىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ، ساندۇقنى ئاچتى:

— قانچە بېرىمەن؟

— مىڭ سوم بەرسەڭ بولا.

— مىڭ سوم، مىڭ سومغا ئىككى قوي كەلمەمدۇ.

— بىرنى ئۆزىمىز بېقىپ قويمامدۇق، — دېدى قۇتلۇق.

— مەندە ئاران بەش يۈز سوملا بار.

— مانا مۇشۇنداق يېرىك بار ئەمەسمۇ! ھە بوپتۇ، بارىغا دەتتىنكام دەپتىكەن، بارىنى بىرە ئەمىسە، — دېدى قۇتلۇق.

— ماھىنۇر قۇتلۇققا ساندۇقتىن بەش يۈز سوم ئېلىپ بەردى.

چۈشتە قۇتلۇق مال بازىرىغا كىرىپ، قارا قويدىن بىرنى سېتىۋالدى. قوينى ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىگە جايلاشتۇرۇپ، دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى. بىر سائەتتىن كېيىن ئۇ رۇس مەھەللىسىگە يېتىپ كېلىپ، ئاركاشكىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا توختىدى. ئۇ دەرۋازىنى ئۇراي دەپ تۇرۇشىغا، دەرۋازا ئېچىلدى، ئاركاشكا ئىككى ئۇيغۇرنى ئۇزىتىپ چىقتى.

— ھوي، كەل، كەل، سەن تونۇگۇنكى قۇتلۇق ئەمەسمۇ، ياخشى كەپسەن، ئۆيگە كىر، — دېدى ئاركاشكا قۇتلۇقنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ ئاركاشكا ئاكا، — دېدى قۇتلۇق ئاركاشكا بىلەن كۆرۈشۈپ.

— ياخشى ئۇكام، ئۆيگە كىرگەچ تۇر، مەن مۇنۇ مېھمانلارنى ئۇزىتىۋېتەي، — دېدى ئاركاشكا.

قۇتلۇق ھويلىغا كىرىپ، ۋېلىسىپىتنى باغ تەرەپتىكى بىر تۈپ ئالما دەرىخىگە يۆلەپ قويغان بىر كونا قولۋاققا يۆلەپ تۇرغۇزدى. ئاندىن قوينى ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىدىن يېشىپ چۈشۈرۈپ، ئالمىغا باغلاپ قويدى.

ئاركاشكا مېھمانلارنى ئۇزىتىۋېتىپ، قورۇغا قايتىپ كىردى.

— ھە، مانا، قۇتلۇق، بۈگۈن سىلەرنىڭ گەپ بىلەن ئېيتقاندا پەيزىڭ بارغۇ، مەن بىلىمەن، سىلەر ئۇيغۇرلار قارا قوينى ياخشى كۆرۈسىلەر، مېنى يوقلاپ كېلىپسەندە، ئوغۇل بالا، ئەھۋالدىن قارىغاندا مەن سەن بىلەن ئاغىنە بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن، ياخشى، ھە، قىزىمىز ياخشىما؟ — دېدى ئاركاشكا قوينىڭ قېشىغا كېلىپ.

— ياخشى، ئەسلى گۈللالە ھەدىسى بىلەن بىللە كەلمەكچى

ئىدى، ئۇنىڭ دوستلىرى يوقلاپ كەپتۇ، شۇنىڭ بىلەن كېلەلمىدى، ئۇلار كېيىن ئايرىم كېلىدىغان بولدى، — دېدى قۇتلۇق.

— ياخشى ، كەل قۇتلۇق، مۇشۇ قورۇدىلا ئولتۇرايلى، بۈگۈن بەك خۇش، ئاخشام توردا ، سېۋەتتە بولۇپ 35 دانە بېلىق تۇتۇپتىمەن، بەشنى ئۆيگە تاشلىدىم، 30 نى هازىر ئىككى ئۇيغۇرغا ساتتىم، ئۇلار شەهەردە كۆككۆۋرۈكتە بېلىقچىلىق قىلىدۇ، ئۇلار ئۇزاق يىللاردىن بېرى مەندىن بېلىق ئېلىۋاتىدۇ، خوش، بۈگۈن ئۆزۈمنىڭمۇ هاراق ئىچكۈم كېلىپ تۇراتتىم، ياخشى كېلىپ قالدىڭ، مەن بېلىقنى ئالامەت ياخشى پىشۇرىمەن، بېلىق شورپىسى دەمسەن، بېلىق كاۋىپى دەمسەن، مايدا پىشۇرۇش دەمسەن، ناهايىتى مەززىلىك پىشۇرىمەن. شۇڭا مەهەللىدىكىلەر مېنى ئاركاشكا بېلىق دەيدۇ، — دېدى ئاركاشكا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— رەهمەت ئاكا، — دېدى قۇتلۇق كۈلۈپ تۇرۇپ.

— نىنا هەدەڭ دوقمۇشتىكى دۇكاندىن تۇز ئالغىلى كەتتى، هازىر كېلىدۇ، ئۇ بېلىقنى تازىلايدۇ، مەن بېلىق كاۋىپى قىلىمەن، ئىككىمىز راسا ئىچىمىز، — دېدى ئاركاشكا.

— نىنا قولىدا بىر چوڭ ئاق سومكا كۆتۈرگەن پېتى قورۇدا پەيدا بولدى.

— ئەهۋالىڭىز ياخشىمۇ نىنا هەدە، — دېدى قۇتلۇق كۈلۈپ تۇرۇپ.

— هە، سىز كەنسىزدە، قىزىمىز قانداق؟

— ياخشى.

— ياخشى بولسا ياخشى، باللار ياخشى بولسا هەممىمىز ياخشى بولىمىز، — دېدى نىنا قولىدىكى سومكىنى ئوچاقنىڭ ئۈستىگە قويۇپ.

ئاركاشكا رۇس تىلىدا ئايالىغا بىرنېمىلەرنى دېدى. نىنا بۇرۇلۇپ ئالما دەرىخىگە باغلاپ قويغان قارا قويغا قارىدى.

— ھە، بىزنى قوي بىلەن يوقلاپ كەپسىزدە، رەھمەت، — دېدى نىنا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قوينى ئۆز قولۇم بىلەن سىلەرگە سويۇپ بېرەي دەپ ئەكەلدىم، خۇدايىم بۇيرۇسا سىلەرنىڭ قىلغان ياخشىلىقىڭلارنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايمىز، — دېدى قۇتلۇق.

— بۇ قوينى ھازىر ئەمەس، قىشتا سويساق قانداق دەيسىز قۇتلۇق، — دېدى نىنا.

— خۇدايىم بۇيرۇسا قىشنىڭ سوقۇمىسىنى ئۆزۈم ئايرىم توغرىلايمەن، بۇگۈن مەن بۇ قوينى سويۇپ بېرەي، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، قوبۇل قىلغايسىزلەر، — دېدى قۇتلۇق ئاركاشكىغا قاراپ.

— ماقۇل دە خوتۇن، قۇتلۇق نىيەت قىلغانىكەن، سويسۇن، سەن بېلىقنى تۇزلا، مەن كاۋاپقا تەييارلىق قىلاي، بۇگۈن قۇتلۇق بىلەن ئولتۇرۇپ ئىچىمىز، بۇگۈن كېچىدە دەم ئالاي، — دېدى ئاركاشكا ئايالىغا قاراپ.

— ئەمىسە سەن دېگەندەك قىلايلى، مەن بېلىقنى تۇزغا باساي، — دېدى نىنا.

نىنا بېلىق بىلەن بولۇپ كەتتى، ئاركاشكا ئامبار ئۆيگە زىق ئىزدەپ كىرىپ كەتتى، قۇتلۇق قوينى ئالما دەرىخىدىن يېشىپ، پۇتىنى باغلاپ، يېنىدىن پىچىقىنى چىقىرىپ، بىسمىللا دەپ بوغۇزلىدى. ئۇ ھەش - پەش دېگۈچە قوينىڭ تېرىسىنى تېرە، گۆشىنى گۆش قىلىپ ئايرىپ بولدى. ئاندىن گۆشنى پارچىلاپ، نىنانىڭ توڭلاتقۇسىغا سېلىپ بەردى.

— ما ھۈنەرنى كۆرۈڭ، سىز ئۇستا قاسساپ ئىكەنسىزغۇ! — دېدى نىنا قۇتلۇقنىڭ قوي سويۇشىغا قايىل بولۇپ.

— مەن ئۆز ۋاقتىدا قاسساپچىلىقمۇ قىلىپ كۆرگەن، — دېدى قۇتلۇق.

— ھە راست، سورىماپتىمەن، ھازىر نېمە ئىش قىلىسىز؟

ھۆكۈمەتتە ئىشلەمسىز يا، — دېدى نىنا.

— ياق، ئۆز ئالدىمغا ئىشلەيمەن، ساتىراشلىق قىلمەن، — دېدى قۇتلۇق.

— ھە، مۇنداق دەڭ، ساتىراشلىقمۇ ياخشى ھۈنەر، ساۋاب ئالىدىغان گەپ، — دېدى نىنا.

— نىنا، كاۋاپ تەييار بولۇپ قالدى خوتۇن، داستىخىنىڭنى تەييارلا، يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەپچىق، — دېدى ئاركاشكا ئايالىغا بۇيرۇق قىلىپ.

نىنا داستىخاننى راسلاپ تەييار قىلدى. ئۇلار ئۇستەلدە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشكە باشلىدى.

— قېنى قۇتلۇق ئۇكام، سىلەر ئۇيغۇرلاردا ئالدى بىلەن تائام دېگەن گەپ بار، ئالدى بىلەن مەن سەن ئۇچۇن پىشۇرغان بۇ بېلىق كاۋېپىدىن ئال، چوڭ ـ چوڭ ئال، — دېدى ئاركاشكا.

— رەھمەت ئاركاشكا ئاكا، — دېدى قۇتلۇق. ئۇ قولىغا بىر پارچە بېلىق ئالدى، دېمىسىمۇ بېلىق بەك چىرايلىق ، مەززىلىك پىشقانىدى.

بۇ ئارىدا ئاركاشكا ئۇچ ئىستانغا لىق قىلىپ ھاراق قۇيدى.

— ماقۇل ئەمىسە، ئىچكەچ تۇرايلى، ئالدى بىلەن مەن قەدەھ سۆزى قىلاي، مەن بۈگۈن ناھايىتى خۇشالمەن، ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە قۇتلۇق ئىنى ئاغىنەمنى كۈتۈۋاتىمەن، بىز مۇشۇنداق بىر ئىش بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، بۇمۇ تەقدىر، مەن بۇنىڭدىن كېيىن سىز بىلەن ھەقىقىي دوست بولۇشنى ئۈمىد قىلىمەن، مەن دوست تۇتۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم، ئەگەر مەن ھەر يىلى بىر يېڭى دوستقا ئىگە بولالىسام، بۇ مەن ئۇچۇن ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىش بولىدۇ، چۈنكى بۇ دۇنيادا ھەممە ئىش تۈگەيدۇ، بىزمۇ ئۆلۈپ تۈگەيمىز، بىراق بىزنىڭ دوستلۇقىمىز قېلىپ قالىدۇ، بالىلىرىمىز دوستلۇقىمىزغا ۋارىسلىق قىلىپ، ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزىدۇ، مەن شۇڭا دوستلۇقنى قەدىرلەيمەن ھەم ئۇنىڭغا

چوقۇنمەن، قېنى ئەمسە، دوستلۇقىمىزنىڭ باشلىنىشى ئۈچۈن ئىچتۇق، — دېدى ئاركاشكا، ئۇ ئىستاكاندىكى هاراقنى بىراقلا كۆتۈرۈۋەتتى. قۇتلۇق ئىستاكاندىكى هاراقنىڭ يېرىمىنى ئىچتى، نىنامۇ يېرىمىنى ئىچىپ قويۇپ قويدى.

— سەن پۈتۈن ئىچمەيدىكەنسەندە، — دېدى ئاركاشكا قۇتلۇققا قاراپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، مەن هاراققا كەلگەندە بوشراق، — دېدى قۇتلۇق.

— نىنامۇ جىق ئىچمەيدۇ، جىق ئىچسەم سەمرىپ كېتىمەن دەپ قورقىدۇ، — دېدى ئاركاشكا.

ئاركاشكا يەنە ئىستاكانغا لىق هاراق قۇيدى.

— سىلەرگە ئىچىپ بولغاندا قۇيىمەن، — دېدى ئاركاشكا.

قۇتلۇق قولىغا ئىستاكاننى ئالدى.

— رەھمەت ئاركاشكا ئاكا، نىنا هەدە، مەنمۇ تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي، مەن سىلەرگە قانچىلىــــك رەھمەت ئېيتساممۇ كۆڭلۈمنى سىلەرگە تولۇق ئىزهار قىــلالمايمەن، ئەگەر مۇشۇ دۇنيادا ئەڭ ياخشى ئىشلار بولسا، ئاشۇ ئىشلار سىلەرگە مەنسۇپ بولغاي، ئەگەر مۇشۇ دۇنيادا ئەڭ ياخشى سۆزلەر بولسا، ئۇلارمۇ سىلەرگە مەنسۇپ بولغاي، ئەگەر سىلەر بولمىغان بولساڭلار، بىز ئاللىقاچان سىڭلىمىزدىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتۇق، بىز سىلەرنى بۇ دۇنيا ئۇ دۇنيا ئۇنتۇمايمىز، مەنمۇ ئاركاشكا ئاكام ئېيتقاندەك، سىزدەك بىر ياخشى ئاكىغا، دوستقا ئىگە بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى بەختلىك هېسابلايمەن، سىزلەرگە كۆپتىن كۆپ رەھمەت ئاركاشكا ئاكا، خۇدايىم تورلىرىڭىزغا بېلىــق ئەمەس، ئالتۇن چىقىپ تۇرسۇن. . . .

— ياخشى، ناهايىتى ياخشى گەپ قىلدىڭىز ئۇكام، ياخشى ئادەمنىڭ ئاغزىدىن ياخشى گەپ چىقىدۇ، — دېدى نىنا ئىستاكاننى كۆتۈرۈپ.

قۇتلۇق قولىدىكى هاراقنى ئىچمۇەتتى، نىنامۇ هارىقىنى ئىچمۇەتتى، ئاركاشكا يېرىم ئىچىپ قويۇپ قويدى.

— رەھمەت ئۇكام، بەك ياخشى گەپ قىلدىڭىز، مەن بىلىقچىلىقنى بەك ياخشى كۆرۈمەن، ھەممىدىن مۇھىمى، مەن ئادەملەرنى بەك ياخشى كۆرۈمەن، — دېدى ئاركاشكا.

ئاركاشكا ئۇلارنىڭ رومكىسىغا هاراق قۇيۇپ قويدى.

— مېنى بەك جىق ئىچىدىكەن دەپ قالما ئۇكا، مەن ئۇچيۇز ئاتمىش كۈن سۇنىڭ ئىچىدە يۈرىمەن، شۇڭا مۇشۇنداق ئىچىپ تۇرمىسام بولمايدۇ، قېنى ئەمىسە، نىنا چىرايلىق خوتۇنۇم، دادام ئېلىپ بەرگەن خوتۇن سەنمۇ تۆت ئېغىز گەپ قىلىپ قويمامسەن، — دېدى ئاركاشكا ئايالىغا چاقچاق قىلىپ. ئۇنىڭغا هاراق سەل تەسىر قىلغاندەك ئىدى.

— ئەمىسە مەن ئەزىز مېھمانغا بىر رومكا هاراق تۇتاي، — دېدى نىنا كۈلۈپ تۇرۇپ. هاراق ئۇنىڭ ئاپئاق يۈزلىرىنى قىزارتىشقا باشلىغانىدى.

— بۈگۈن بىز ئۈچۈن ناهايىتى ياخشى كۈن بولدى، دەيدىغان گەپنى بىزنىڭ ئاركاشكا دەپ بولدى، مەن شۇنىڭغا ئىشىنىمەن، بۇنىڭدىن كېيىن بىز ئىككى ئائىلە ئىناق دوستلاردىن بولۇپ كېتەلەيمىز، مەن ئەزەلدىن ئۇيغۇرلارغا ئامراق، سىلەر ھەقىقەتەن ئەقىللىق مىللەت، بولۇپمۇ سىلەرنىڭ مېھماندۇستلىقىڭلار ماڭا بەك ياقىدۇ، شۇڭا مېنىڭ سىلەرگە بولغان ھۆرمىتىم بەك چوڭقۇر، ئۇزاقتىن بېرى مەن بىر ئۇيغۇر قىزى بېقىۋالسام دەپ ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدىم، لېكىن بۇ ئۈمىدىم ئىشقا ئاشمىدى. قانداق قىلىمىز ئەمدى، تەقدىر مۇشۇغۇ، ئەپلەپ - سەپلەپ جان بېقىشقىمۇ توغرا كېلىدۇغۇ! مەسىلەن، بىزنىڭ تەقدىرىمىز مۇشۇ دەريا، بېلىقچىلىق، ئەمىسە سىزگە رەھمەت ئېيتىپ مۇشۇ هاراقنى ئىچمۇەتتىم، — دېدى نىنا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سەن ھەر هالدا ياخشى گەپ قىلدىڭ خوتۇن، لېكىن ئۇلارغا

”ئامانەت“ مەسىلىسىدە بۇنداق قاراشتا بولساڭ بولمايدۇ، مەن ئۇيغۇرلارنىڭ مۇشۇ ئىشىنى بەك ياقتۇرىمەن، ئەخلاقتا سۇرۇشتە قىلىشقا تېگىشلىك بولغان نەرسىنى چوقۇم سۇرۇشتە قىلىش كېرەك، ئەگەر بىر قىز ئۆزىنىڭ ئەڭ مۇھىم نەرسىسىنى ساقلىيالمىسا، ئۇ ۋاقىتتا بۇ جاھاننىڭ بۇنداق ئىشلىرى قالايمىقانلىشىپ كەتمەمدۇ! ئامانەت دېگەن ئامانەت ئەمەسمۇ! مەيلى قايسى مىللەت بولۇشتىن قەتئىينەزەر، ئادەملەر ھامان رامكا ئىچىدە ياشايدۇ، ئەگەر بىز رامكىنى رەت قىلساق، ئۇ ۋاقىتتا قالايمىقانچىلىق پەيدا بولىدۇ، ئۆرپ - ئادەتتە ھەممە مىللەت ئۆز ئارا ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك، بىزگە ياقمىغان نەرسىنىڭ ھەممىسى يامان نەرسە بولۇشى ناتايىن، مەن ئۇيغۇرلارنىڭ نۇرغۇنلىغان ئۆرپ - ئادەتلىرىنى ياخشى كۆرىمەن، شۇڭا بىر مىللەتنىڭ ئۆرپ - ئادىتىگە يېنىكلىك بىلەن باھا بەرمەسلىك كېرەك. — ماڭا دەرس بېرىپ كەتتىڭىزغۇ، مەنمۇ بۇ بىچارە قىزغا ھېسداشلىق قىلىۋاتىمەنغۇ، — دېدى نىنا، — قېنى قۇتلۇق ئۇكام، كاۋاپتىن ئال، بېلىق كاۋىپى ئوغۇل بالىغا پايدا قىلىدۇ، كەچتە ئۆيۈڭنى تاپالمىساڭ قورۇ نومۇرۇڭنى دەپ بېرىدىغان كاۋاپ بۇ، — دېدى ئاركاشكا چاقچاق قىلىپ.

نىنا ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئاركاشكىمۇ خېلى قىزىپ قالغانىدى، قۇتلۇق ئاركاشكا بىلەن خوشلىشىپ، ئۆيىگە كەتتى.

## 6

بۇگۈن خاسىيەت چۈشكە يېقىن قەمەر بىلەن گۈللالىنى يوقلاپ كەلدى. گۈللالە خاسىيەتنى قۇچاقلاپ ئۇزاق يىغلىدى.

قەمەر گۈللالىگە ياردەملىشىپ مېھمانغا داستىخان سالدى.

خاسىيەت چاي ئىچكەچ، گۈللالىنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتى.

— مەن شۇم خەۋەرنى ئاڭلاپ بەك قورقۇپ كەتتىم ئاداش، ئاشۇنداقمۇ قىلامسەن، دۈشمەنلىرىڭنىڭ ئالدىدا كۈلۈپ ياشىشىڭ كېرەك ئەمەسمۇ، ھەرگىز سارالڭ بولما! — دېدى خاسىيەت.

— شۇ كۈنلەردە مەن ئۆزۈم ئەمەس ئاداش، ھازىر ئويلىسام بەك قورقىمەن، بەك پۇشايمان قىلىمەن، — دېدى گۈللالە.

— لالە، مېنىڭ ئويۇمغا بىر ئىش كېلىۋاتىدۇ، مەن بىلەن A شەھىرىگە كېتەمسەن يا؟ — دېدى خاسىيەت قولىدىكى چېيىنى داستىخانغا قويۇپ قۇيۇپ.

— بولمىسا شۇنداق قىلە ئاداش، كىچىك يەر دېگەن مىڭنى قىلمىسا كىچىك يەر ، ئۆزۈڭ بىلىسەن ئاداش، بۇ يەردە كوتكوتلار جىــــق، بەزىلەر تاماشا كۆرسەك، سەتلەشكەننى تېخىمۇ سەتلەشتۈرسەك دەيدۇ، چوڭ شەھەر دېگەن مىڭنى قىلمىسا چوڭ شەھەر، ئۇ يەرگە بارساڭ يول تېپىپ كېتەمسەن تېخى، — دېدى قەمەر.

گۈللالە بۇ گەپنى ئاڭلاپ A شەھىرىگە خېلى قىزىقىپ قالدى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ خاسىيەتكە قارىدى.

— كىچىك دادام ساڭا ياردەم قىلالايدۇ ئاداش، ئەگەر Aشەھىرىگە بارساڭ، سېنى بىرەر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويالايدۇ، — دېدى خاسىيەت.

— مەن ھەددەمگە مەسلىھەت سېلىپ باقاي ئاداش، ئۆزۈممۇ يىراقراق يەرلەرگە كېتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم، — دېدى گۈللالە.

— يېقىندىن بېرى ئەركىننى كۆردۈڭما؟ — دېدى خاسىيەت.

— ياق ، كۆرمىدىم.

— ئۇنى كۆرۈپ نېمە قىلاتتى ئاداش، — دېدى قەمەر.

— ياراشقۇدەك يېرى بولسا يارىشىپ قالغىنى ياخشىمىكىن دەيمەنغۇ، — دېدى خاسىيەت.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن ئاداش، — دېــدى قــەمــەر

قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — گېپىدە تۇرمايدىغان لىقتاسىمىغۇ ئۇ! بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى دەپ بەردىمغۇ ساڭا!

— ئۇغۇ شۇ ئاداش، بىراق ئادەم دېگەن ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ، بۇگۈن ياق دېگەن ئىشقا ئەتە ماقۇل دەپ قالىدىغان ئىشمۇ بولىدۇ! — دېدى خاسىيەت.

— دەريانىڭ سۈيى مېنى سەگىتىپ قويدى ئاداش، ئەمدى بۇرۇنقى خەق نېمە دېسە ھەدەپ تۇرىدىغان گۇللالە يوق، گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، ئەركىن بىلەن خوشۇم قالمىدى، — دېدى گۇللالە.

— ئالدىرىما ئاداش، جاھاننىڭ ئارغامچىسى ئۇزۇن، ئۇ سېنى ئەخمەق قىلغان بولسا ئۇنىمۇ جايلايدىغان ئادەم چىقىدۇ، — دېدى قەمەر.

— مەن بىلەن A شەھىرىگە كەت ئاداش، ھەدەڭ ئۇنىمىسا مەن دەي، بۇ يەردە خارلىنىپ قالىسەن، — دېدى خاسىيەت.

خاسىيەتنىڭ بۇ گېپى گۇللالىگە ياقتى.

ـ مەن ھەدەم بىلەن پاراڭلىشاي، ئۆگۈنلۈككە خۇدايىم بۇيرۇسا قەمەر بىلەن سېنى ئىزدەيمەن، — دېدى گۇللالە.

قەمەر بىلەن خاسىيەت گۇللالە بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە كەتتى. گۇللالە ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويۇپ، ئۆيىگە قايتىپ كىرگەندىن كېيىن، ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى، ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ ئويي ئويلاشقا باشلىدى، ئىككى ئايدىن بېرى يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئېسىدىن بىر ـ بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. ئۇ سومكىسىنى قولىغا ئېلىپ، ھەدىسى بەرگەن كىچىك ئەينىكىنى قولىغا ئېلىپ، ئەينەككە قارىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل جامالىنى كۆردى، ئۇنىڭ چىرايى خېلى ئوڭشىلىپ قالغانىدى، ئوخشىمايدىغان يېرى، ئۇنىڭ كۆزلىرى بۇرۇنقىدەك كۈلۈپ تۇرىدىغان ھالىتىنى يوقاتقانىدى، شۇ تاپتا ئۇ قولىدىكى چىرايلىق ئەينەك ئارقىلىق ئاركاشكا، نىنانىڭ سىيماسىنى كۆردى، بولۇپمۇ

ئاشۇ كۈنى نىنانىڭ ئۇنى مۇنچىغا كىرگۈزگەندە، ئۇنىڭغا ئېيتقان گەپلىرى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ قولىقى ئەتراپىدا جاراڭلىدى. نىنا ئۇنىڭغا:

— مۇنچىغا چۈشۈۋېلىڭ قىزىم، ياخشى بىر يۇيۇنۇۋالسىڭىز بارلىق دەرد ـ ئەلەملىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالىسىز، — دېگەنىدى. دېمىسىمۇ ئۇ شۇ كۈنى مۇنچىدىن چىققاندىن كېيىن ، باشقا بىر ئادەم بولۇپ قالغاندەك يېنىكلەپ قالغانىدى. ئۇ قولىدىكى ئەينەكنى چىڭ تۇتتى، ئۇ ئەينىكىگە قارىدى، ئەينەككە ئەمەس، خۇددى ئۇنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان بىر ئادەمگە ھۆرمەت بىلەن قاراپ تۇرغاندەك مۆكۈلىنىپ كەتتى.

ئەتىسى گۈللالە ھەدىسى بىلەن پاراڭلاشتى. ھەدىسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بولۇپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى، ماھىنۇرنىڭ بېشى قاتتى.

— مەن بۇ شەھەردىن بىرنەچچە يىل يىراق تۇرمىسام بولمايدۇ ھەدە، مېنى چۈشەن، — دېدى گۈللالە ھەدىسىگە قاراپ تۇرۇپ.

— مەن بۇ ئىشقا بىرنېمە دېيەلمەيمەن گۈللالە، ئاكىڭىز بىلەن مەسلىھەتلىشىپ باقاي، گېپىڭىزنىڭ ھەممىسى ئورۇنلۇق، بىراق خەقنىڭ يۇرتىدا جان باقماق ئاسان ئىش ئەمەس، مۇساپىر دېگەنگە ھەممە ئادەمنىڭ تاش ئاتقۇسى كېلىدۇ، كىشىنىڭ يۇرتىدا خارلىنىپ قالارسەنمىكىن، — دېدى ماھىنۇر.

— خاتىرجەم بول ھەدە، خاسىيەت بار ، ئۇنىڭ كىچىك دادىسى ماڭا ياردەم قىلىدۇ، ئەمدى مەندىن خاتىرجەم بول ھەدە، ئۇ كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى، ھازىر ماڭا بىر تاغار ئالتۇن بەرسەڭمۇ ئۆلۈۋالمايمەن، ياشىماق تەس بولغىنى بىلەن، ئۇنىڭ تاتلىق تەرەپلىرىمۇ بەك كۆپ ئىكەن. . . ئاكامغا ياخشىراق گەپ قىل، مەندىن خاتىرجەم بولسۇن! — دېدى گۈللالە.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن، ماھىنۇر قازان بېشىنى بېسىقتۇرۇپ بولۇپ، ئۆيگە كىردى. قۇتلۇق يامپاشلاپ يېتىپ

تاماكا چېكىنىۋاتاتتى.

— ياﺋاللا، ﺋازراق چەكسىڭىز بولمامدۇ، نېمىدېگەن چەككەن، — دېدى ماھىنۇر سۇپىغا چىقىپ ﺋولتۇرۇپ.

— ﺋوغۇل بالا دېگەن مۇشۇنداق چېكىدۇ، قانداق! — دېدى قۇتلۇق ﺋايالىغا چاقچاق قىلىپ.

— يوغان ﺋىش! — دېدى ماھىنۇر ﺋېرىگە ناز قىلىپ.

— ھە راست، ﺋاركاشكا بۈگۈن بىرسىدىن بېلىق ﺋەۋەتىپ بېرىمەن دېگەنىدى، ﺋۆيگە ﺋادەم كەلدىما؟

— ياق ﺋۇ كۈنى ﺋۆلگۈدەك ھاراق ﺋىچىپ كەپسىز، مەستچىلىكتە دېگەن گەپ بولامدۇ، — دېدى ماھىنۇر.

— ﺋۇنداق دېمە، ﺋۇ بەك تۈزۈك ﺋادەم ﺋىكەن، مىجەزىمۇ بولىدىكەن، مەن بىرنەچچە رۇسلار بىلەن ﺋارىلىشىپ كۆرگەن، ﺋاركاشكا ﺋۇنداق ﺋەمەس، ﺋايالىنىڭ مىجەزىمۇ بەك ياخشى ﺋىكەن، گەپلىرىنى دەپ بەردىمغۇ ساڭا، ﺋۇنىڭ ﺋالدىدا ﺋوغۇل بالا بىكار قالسۇن ھە، ھاراق ﺋىچمىدىغان بولسا رومكىنى گۈپ - گۈپ ﺋاتىدىكەن، بوينى ﺋاجايىپ چىرايلىق ﺋىكەن قارا خوتۇن، مەن مۇشۇ كۈنگىچە ﺋۇنداق چىرايلىق بويان كۆرمەپتىكەنمەن. . . .

— قىلىن، خەقنىڭ بوينىغا قاراپ تۇرۇپسىزدە! سەت ﺋەمەسمۇ! — دېدى ماھىنۇر ﺋېرىنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— بوينىغا قارىسام نېمە بوپتۇ، نەرگە قارايتتىم ﺋەمىسە!

— ساراڭ. . . .

— كاساپەتنىڭ بوينى چىرايىدىن چىرايلىق ﺋىكەن ﺋەمەسما! — دېدى قۇتلۇق.

بۇ گەپ ماھىنۇرغا ياقمىدى، ﺋۇ تىترەپ كەتتى.

— قونۇپ قالسىڭىزچۇ ﺋاشۇ مومىڭىزنىڭ ﺋۆيىدە!

— ھە مانا، تېرىكتىڭما، — دېدى قۇتلۇق كۈلۈپ تۇرۇپ.

ماھىنۇر گۈللالىنىڭ ﺋىشىنى ﺋېرىگە ﺋېيتتى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەنوي خوتۇن، خەقنىڭ شەھىرىدە نېمە

باركەن ئۇنىڭغا، بىز يا ئۇنىڭغا ئوشۇقچە گەپ قىلمىساق، خەق نېمە دەيدۇ بىزنى، سەت ئەمەسمۇ! — دېدى قۇتلۇق قولىدىكى چېكىپ بولغان تاماكىسىنى مىجىپ تۇرۇپ.

— مەنمۇ بۇ ئىشنى كۆپ ئويلاشتىم قۇتلۇق، مەھەللىدە، جامائەت ئىچىدە ئۇنىڭغا بەك بېسىم بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئۆزىگە ئوشۇق گەپ قىلمىدىم، ئاكىڭىزغا دەپ باقاي دەپ قويدۇم، خاسىيەت دېگەن دوستى ئۇنىڭ خېرىدارلىقىنى قىلىۋاتىدۇ، بىر يەردىن ئىش تېپىپ بېرىمەن دەيدۇ، بولمىسا بىرەر مەزگىل تۇرۇپ كەلسە كەلمەمدۇ يا؟

— گەپ ئۇ يەردە ئەمەس خوتۇن، سەن بۇ ئىشنى ئەتراپلىق ئويلاشمىساڭ بولمايدۇ، بۇ قىز ھازىر بىر ئەردىن چىققان دېگەن قالپاقنى كىيىپ قالدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ھازىر جەمئىيەتنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، كىشىنىڭ يۇرتىدا قالايمىقان يوللاردا يۈرۈپ قالارمىكىن دەيمەنغۇ!

— سىز ئۇنى بوش چاغلىماڭ، ئەقلى بار ئۇ قىزنىڭ! ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن تۇرسا! — دېدى ماھىنۇر.

— ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرسىمۇ بىكار، سەن گەپنى ئاز قىلىپ ئىشنى كۆپ ئويلا، ئۇنىڭ ئەقلى بولسا مۇشۇ كۈنگە قالامدا؟

— بېشىدىن ئىسسىق - سوغۇق ئۆتتى، چېنىقتى دېمەكچىمەن! — دېدى ماھىنۇر قۇتلۇققا قاراپ تۇرۇپ.

— سەن بۇ ئىشنى بەك ئاددىي ئويلاۋاتىسەن، قىز بالا دېگەن بىر سىرلىق نەرسە خوتۇن، ئوغۇللار بىلەن سېلىشتۇرغاندا قىزلار شەيتانغا يېقىنراق بولىدۇ، بىر قىز بالا مەيلى ئۇ دوزاختىن چىقسۇن ياكى جەننەتتە تاۋلىنىپ كەلگەن بولسۇن، پەقەت ئەرنىڭ قولىدا خاتىرجەم بولالايدۇ، ھازىر ئوغۇللار يامان، ھەممىسى ئىشتان كىيىپ يۈرگىنى بىلەن، ئىشتان كەيمەيدىغان ھايۋانلاردىنمۇ يامان، — دېدى قۇتلۇق.

— ئاشۇرۇۋەتتىڭىزغۇ ئەمدى، ھەممىسى ساتىراشخانىدا

ئاڭلىغان گەپلەر، — دېدى ماھىنۇر.

— مەيلى قەيەردىن ئاڭلىماي، بۇ ھەممىسى راست گەپ، مېنىڭ گېپىم مۇشۇ خوتۇن، قالغان ئىشنى ئۆزۈڭ بىل، ئەلۋەتتە سەنمۇ ئۇنى ياخشى بولسۇن دەيسەن، بىراق ئىشلار سەن ئويلىغاندەك ئاددىي ئەمەس، جەمئىيەت دېگەن سەن ئېچىشىپ تۇرۇپ ئاسانلا سۇ ئېلىۋالىدىغان ئېرىق ئەمەس، ئۇ بىر غايەت زور دەريا، ياق، دەريا ئەمەس، دېڭىز، دىققەت قىلمىسا دېڭىز ئادەمنى يەۋېتىدۇ، ئۇنىڭغا جامائەت ئىچىدە بېسىم بولۇپ كېتىۋاتىدۇ دەيسەن، لالە ئادەم ئۆلتۈرۈپتىما، خەقنىڭ ئىچىدىغان سۈيىنى بۇلغاپ قويۇپتۇما؟ شەھەرگە ئوت قويۇۋېتىپتىمۇ يا؟ ئۇنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىش ئاتام زامانلاردىن بېرى نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشقۇ! بىرسى ئېرى قوغلىۋېتىپتۇ دەيدۇ، يەنە بىرسى دەرياغا ئۆزىنى ئېتىۋاپتىكەن دەيدۇ، بىر رۇس قۇتقۇزۇۋاپتۇ دەيدۇ، بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ھەممە ئادەم زېرىكىپ ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىدۇ، مۇشۇنداق ياشايدىغان گەپ ئەمەسمۇ خوتۇن! سەن بۇ ئىشنى ياخشى ئويلاش، بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، ئەمدى خەقلەرنىڭ چىرايىغا قاراپ ياشاشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەمدى ئۆزىگە ئىشىنىش كېرەك! — دېدى قۇتلۇق.

— سىز بۇ ئىشنى بەك مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتتىڭىز قۇتلۇق، ئۇ قىز يېڭى بىر مۇھىتتا بىر مەزگىل تۇراي دەۋاتىدۇ، — دېدى ماھىنۇر ئېرىگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ.

— مەن دەيدىغان گەپلەرنى دەپ بولدۇم خوتۇن، قالغان ئىشلار ئۆزۈڭگە قالدى، ئەۋەتەمسەن، ئەۋەتمەمسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، — دېدى قۇتلۇق.

ماھىنۇر گەپ قىلمىدى. ئۇ ئېرىگە يەنە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ قويۇپ سۇپىدىن چۈشۈپ تالاغا چىقىپ كەتتى.

— خوتۇن خەق دېگەننىڭ چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دېگەن يېرى مۇشۇدە، يېقىندىن بېرى نۇرغۇنلىغان ئىشلار بولۇپ كەتتى،

نەگە بارسەن، ئۆيدە جىم ئولتۇر دېمەي خەقنىڭ يۇرتىغا يولغا سالىمەن دەيدا؟ توۋا خۇدايىم! — دېدى قۇتلۇق ئۆز - ئۆزىگە.

ماھىنۇر گۈللالىنىڭ ئۆيىگە كىردى. گۈللالە كارىۋاتتا ياتاتتى، ئۇ ھەدىسىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى، — كەل ھەدە.

— ھە، كەچكىچە يېتىۋالىدىغان بولدىڭىزغۇ، باغقا چىقىپ ھاۋا يېگەچ يەرگە چۈشكەن ئالمىلارنى تېرىپ قاق قىلىپ يېيىپ قويسىڭىز بولمامدۇ؟! — دېدى ماھىنۇر گۈللالىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

— قولۇم ئىشقا بارمايۋاتىدۇ ھەدە، ئاكام بىلەن سۆزلەشتىڭما؟ — دېدى گۈللالە ھەدىسىنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— سۆزلەشتىم، ئاكىڭىز تازا قوشۇلمايۋاتىدۇ، قېشىمىزدا تۇرغىنى ياخشىمىكىن دەيمەن دەيدۇ، — دېدى ماھىنۇر.

— مەندىن خاتىرجەم بولۇڭلار ھەدە، مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىمنى كۆزدە تۇتمىساڭلار بولمايدۇ، مەن ئۆيدىن تالاغا چىقالماي مۇشۇنداق كېتىۋەرسەم بىر كۈنى ساراڭ بولۇپ قالىمەن، — دېدى گۈللالە.

— ئەمىسە قانداق قىلىسىمىز؟ بىزمۇ سىزنى ياخشى بولسۇن دەيمىزغۇ؟

— مەن مۇشۇ كۈنلەردە خېلى جىق ئىشلارنى بىلىپ قالغاندەك بولدۇم ھەدە، ياخشى بولىدۇ دېگەن ئىشنىڭ ئاقىۋىتى ياخشى بولمايدىكەن، مەن بىر قارارغا كېلىپ بولدۇم ھەدە، قوشۇلساڭلارمۇ ماڭىمەن، قوشۇلمىساڭلارمۇ ماڭىمەن، مەن بۇ يەردە بەك قىسىلىپ كېتىۋاتىمەن، نەپەس ئالالمايۋاتىمەن! — دېدى گۈللالە.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن لالە! — دېدى ماھىنۇر، ئۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ بېشى قاتتى.

— مېنى سەن چۈشەنمىسەڭ باشقا ئادەم چۈشەنمەيدۇ ھەدە، ئاكامنى قايىل قىل، مېنى يولغا سېلىپ قويۇڭلار، — دېدى

گۈللالە ھەدىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— سەن بۇ ئىشقا ئالدىرىما لالە، مەن ياخشىراق ئويلىشىپ باقاي، — دېدى ماھىنۇر ئورنىدىن تۇرۇپ.

ماھىنۇرنىڭ كېچىچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. قۇتلۇق بىلەن گۈللالىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ كاللىسىنى ئىلەشتۇرۇۋەتتى، ئۇنىڭ گۈللالىنى يولغا سالغۇسى بار ئىدى. بىرلا ئەنسىرەيدىغان يېرى، بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، يەنىلا قۇتلۇقنى ئالدىغا چىقىرىشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا بۇ ئىشتا قۇتلۇقمۇ قوشۇلمىسا بولمايتتى.

— قۇتلۇق، لالىنىڭ چىرايى كۈندىن ـ كۈنگە ئوساللىشىپ كېتىۋاتىدۇ، A شەھىرىگە بارسا بېرىپ كەلمەمدۇ، — دېدى ماھىنۇر قۇتلۇقنى يۇمشاتماقچى بولۇپ.

— مەن دېدىمغۇ، قالغان ئىشنى ئۆزۈڭ بېكىتسەڭ بولىدۇ، لالە بىزنىڭ ئالدىمىزدا چوڭ بولدى، شۇنىڭدىمۇ ئۇ سېنىڭ سىڭلىڭ، ئەتە ـ ئۆگۈن ئوغۇل تۇغماي قىز تۇغۇپ قالسا، مەندىن كۆرمىگىن دەيمەنغۇ!

— ھازىرلا ئېغىزىڭىزنى ئۇششۇتكىلى تۇردىڭىزغۇ؟

— بۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ خوتۇن، — دېدى قۇتلۇق ئورۇلۇپ ئايالىغا قاراپ يېتىپ، — ھەممە گەپنىڭ ئوچۇق بولغىنى ياخشى، ئۇ كۆز ئالدىمىزدا تۇرۇپ مۇشۇنداق بولۇپ قالدى، ئەمدى ئۇنى A شەھىرىگە ئەۋەتىۋەتسەك، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارغا كىم ئىگە بولالايدۇ؟ — دېدى قۇتلۇق.

— سىز ئادەمنى قورقۇتۇپلا تۇرىسىز كەن، مېنىڭچە لالىنى يولغا سالساق سالايلى، تۆت ـ بەش ئايدىن كېيىن قايتىپ كەلمەمدۇ، — دېدى ماھىنۇر.

قۇتلۇق گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

— گەپ قىلىۋاتىمەن، — دېدى ماھىنۇر.

قۇتلۇق يەنە گەپ قىلمىدى.

— قۇۋ، قاقۋاش، — دېدى ماھىنۇر تىرىكىپ. ئۇ ئاچچىقلاپ

ئېرىگە كەينىنى قىلىۋالدى.

ئەتىسى گۈللالە چاي ئىچمەي يېتىۋالدى. ماھىنۇر كىرىپ چاقىرسىمۇ ئورنىدىن تۇرمىدى، چۈشتىمۇ تاماققا چىقمىدى. ئۇنىڭ چىرايى يەنە ئوساللىشىشقا باشلىدى، ماھىنۇر ئادەم ئەۋەتىپ قەمەرنى چاقىرتتى، قەمەر كېلىپ گۈللالىنىڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن ، خاسىيەتنى چاقىرتتى، خاسىيەت كېلىپ گۈللالىنىڭ قېشىغا كىردى.

— ئورنىڭدىن تۇر ئاداش، تاماق يېمىسەڭ بولمايدۇ، — دېدى خاسىيەت گۈللالىنىڭ كۆزلىرىنى ئېرتىپ.

— گېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيدۇ ئاداش، مەن سەن بىلەن كېتەي، سەن ھەدەم بىلەن سۆزلەش، ئۇلار مەندىن ئەنسىرەپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى گۈللالە خاسىيەتكە قاراپ.

— بولىدۇ ئاداش، مەن ھازىر ماھىنۇر ھەدەم بىلەن كۆرۈشەي، — دېدى خاسىيەت.

قەمەر گۈللالىنىڭ قېشىدا قالدى، خاسىيەت ئۆيدىن چىقىپ ماھىنۇر بىلەن كۆرۈشتى.

— لالە بۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ ماھىنۇر ھەدە، ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمەڭلار، مەن ئۇنىڭغا ياخشى ھەمراھ بولىمەن، مەن بۇ قېتىم ئۇنى ئالغاچ كېتەي، تونۇگۇن كىچىك دادامغا تېلىفون قىلدىم، لالىنى بىر ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىغان بولدى، سىز خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى خاسىيەت.

— بىزمۇ بۇ ئىشنى جىق ئويلاشتۇق خاسىيەت، ئەمدى ئۆزىنىڭ مەيلى بويىچە ئىش كۆرمىسەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئەگەر مۇشۇنداقلا يېتىۋالىدىغان بولسا، يەنە بىر ئىش چىقىدىغاندەك قىلىدۇ، ئەمىسە لالىنى سىزگە تاپشۇردۇم سىڭلىم، بارسا بېرىپ كەلسۇن.

— خاتىرجەم بولۇڭ ماھىنۇر ھەدە. . . .

خاسىيەت گۈللالىنىڭ قېشىغا كىردى. گۈللالە ئۇنى كۆرۈپ

بېشىنى كۆتۈردى.
— ھەدەڭ قوشۇلدى ئاداش، خۇدايىم بۇيرۇسا ئەمدى يولغا چىقىمىز، — دېدى خاسىيەت كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ساڭا رەھمەت ئاداش، — دېدى گۈللالە بىردىنلا روھلىنىپ، ئۇ خۇشاللىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.
— ئەمدى ياخشى بولدى ئاداش، مېڭەڭنى سەگىتىپ كېلىدىغان بولدۇڭ، — دېدى قەمەرمۇ خۇشال بولۇپ.
ئۈچ كۈندىن كېيىن ، خاسىيەت قەمەرنى ئەگەشتۈرۈپ بېكەتكە كەلدى. خاسىيەتنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى گۈللالىنىڭ ئاكىسى بىلەن ھەدىسى، قەمەرلەرمۇ ئۇلارنى ئۇزىتىپ كەلدى.
— ئەمىسە مەن دېگەن گەپلەرنى قۇلىقىڭىزدا چىڭ تۇتۇڭ، بىزگە خەت يېزىڭ، ئاڭلىدىڭىزمۇ، — دېدى ماھىنۇر.
— ئاڭلىدىم ھەدە، خوش ئەمىسە، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭلار، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى.

## 7

گۈللالە A شەھىرىگە كەلگەندىن كېيىن ، بىر ھەپتىگىچە خاسىيەتنىڭ ياتىقىدا ياتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن، خاسىيەتنىڭ كىچىك دادىسى ئۇنى قۇرۇلۇش ئەترىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى، قۇرۇلۇش ئەترىتىدىكىلەر ئۇنى قۇم تاسقاش گۇرۇپپىسىغا بۆلدى، ئۇ خاسىيەتنىڭ ياتىقىدىن كۆچۈپ چىقىپ، ئۆزى بىلەن بىر گۇرۇپپىدا ئىشلەيدىغان روشەن بىلەن بىر ئۆيدە ياتتى، ئۇ شۇ كۈندىن باشلاپ قۇم تاسقاش ئەمگىكى بىلەن شۇغۇللاندى. ياز تۈگەپ كۈز كەلدى، كۈز تۈگەپ قىش كەلگەندە، قۇم تاسقايدىغان ئىشمۇ ئاخىرلاشتى، خاسىيەت كىچىك دادىسىغا دەپ، گۈللالىگە باشقا

ئىش تېپىپ بەرمەكچى بولدى.
روشەن بويى ئېگىز، ئورۇق قىز ئىدى. ئۇنى گۇللالە بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى. بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن، روشەن ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پىلانىنى سۆزلەپ بەردى.
— مەن ئەسلى H شەھىرىدىن كەلگەن لالە، بۇ شەھەردە ئىككى يىل ئىشلىدىم، ھەر ھالدا ئۆزۈمگە تۇشلۇق پۇل تېپىۋالدىم، ئەمدى يۇرتۇمغا كەتمىسەم بولمايدۇ، يۇرتۇمغا بېرىپ ئوقەت قىلىمەن، كىچىك بىر چايخانا ئېچىۋالىمەن، قولۇمدىكى پۇل يېتىدۇ، مەن ئانامدىن كىچىك قالغان، ئاكامنىڭ قولىدا چوڭ بولغان ، ئەمدى ئۆزۈمنىڭ دەردىنى ئۆزۈم تارتمىسام بولمايدۇ، ئىككى - ئۈچ يىل چايخانا ئېچىۋالسام ئاندىن بىر ئاشخانا ئاچىمەن، مېنىڭ ئەڭ چوڭ ئارزۇيۇم مۇشۇ، مەن كەتسەم سىز بۇ ياتاقتا يالغۇز قالىسىز، شۇڭا مەن مۇنداق بىر ئويغا كېلىۋاتىمەن، مەن سىزنى بىر چاچ ياساش مەركىزىگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇرۇن مەن بىلەن مۇشۇ ياتاقتا بىللە يېتىپ ئىشلەيدىغان بىر قىز ھازىر ئاشۇ يەردە ئىشلەۋاتىدۇ، ئۇ يەرنىڭ پۇلى ياخشى، ئەسلىدە مەنمۇ ئاشۇ يەرگە بېرىپ ئىشلىگەچ ھۈنەر ئۆگىنەي دېگەن، بىراق ئۇلارنىڭ خوجايىنى مېنى ياراتمىدى، بويى بەك ئېگىز كەن دەپتۇدەك. ھازىر بۇ شەھەردە چاچ ياساش كەسپى بەك ئېقىۋاتىدۇ، ھۈنەر ئۆگەنگەنگە يېتەمدۇ، ھۈنەر دېگەن قايەرگە بارسا ئەسقاتىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى روشەن.
روشەننىڭ بۇ گېپى گۇللالىگە خېلى تەسىر قىلدى. ئۇ ئالدىراپ خوجايىنىنىڭ ئېتىنى سورىدى.
— ئالىيە، ئۆزى بەك ياخشى چوكان، سىزنى كۆرسە چوقۇم يېپىشىدۇ، ئۇنىڭ قولىدا ئىشلەۋاتقان دوستۇمنىڭ ئىسمى رۇقىيەم، ئەگەر ماقۇل كۆرسىڭىز، مەن سىزنى رۇقىيەمگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئۇ سىزنى خوجايىن ئالىيەگە تونۇشتۇرۇپ قويىدۇ، ئۇ چوقۇم سىزنى ئىشلىتىدۇ.

— ئۇنداقتا ياتاقنى قانداق قىلىمەن؟
— ئۇ دېگەن چوڭ يەر ، ياتاقتىن ئەنسىرىمەڭ!
— مەن بۇ گەپكە قىزىقىپ قالدىم ئاداش، ئەتە خاسىيەت بىلەن كۆرۈشەي، ئۇنىڭغا مەسلىھەت سېلىپ باقاي، — دېدى گۈللالە.
— خاسىيەتمۇ سېنى قوللايدۇ ئاداش، بولمىسا قىشقىچە نېمە ئىش قىلىسەن؟ ئۆتكەن يىلى قىشتا مەن ئاشخانىدا ئىشلىدىم، سەي ئاقلاپ، چىنە ـ قاچا يۇيۇپ دېگەندەك بىر قىشنى چىقاردىم، چاچ ياساش ئورنىنىڭ ئىشى ئاشخانىنىڭ ئىشىدىن يېنىك ئەمەسمۇ! — دېدى روشەن.
روشەننىڭ بۇ مەسلىھەتى گۈللالىنى ھەقىقەتەن قىزىقتۇردى.
— مەنمۇ ئادەم قاچانغىچە خەقنىڭ قولىغا قاراپ ياشايمەن، ئەگەر چاچ ياساش ھۈنىرىنى ئۆگىنىۋالسام، كېيىن يۇرتقا بېرىپ ئۆز ئالدىمغا چاچ ياساش مەركىزىدىن بىرنى ئېچىۋالساممۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى گۈللالە ئۆز ـ ئۆزىگە.
گۈللالە خاسىيەت بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئويىنى خاسىيەتكە ئېيتتى.
— ھۈنەر ئۆگىنىمەن دەمسەن ئاداش؟ بۇ ئىش قانداق بولا؟ كىچىك دادام تېخى ساڭا بىر ئاشخانىدىن ئىش ئۇقۇشۇۋاتاتتى، — دېدى خاسىيەت.
— مەن ئاشخانىدا ئىشلىمەيمەن ئاداش، روشەن مېنى ئاشۇ چاچ ياساش مەركىزىدىكى رۇقىيەم دېگەن قىزغا تونۇشتۇرۇپ قويىدىغان بولدى. مەن ئاشۇ يەردە ئىشلەي ئاداش، پۇلىمۇ ياخشى دەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى ھۈنەر ئۆگىنىۋالىمەنكەن، بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقىلى بولىدىكەن، — دېدى گۈللالە.
— مەيلى ئۇ يەردە ئىشلىسەڭ ئىشلەپ باق ئاداش، ئەگەر كېيىن ئۇ يەرنىڭ ئىشى كۆڭلۈڭگە ياقمىسا، قايتىپ كېلەرسەن، — دېدى خاسىيەت.
بىر كۈنى روشەن گۈللالىنى بازارغا ئەكىرىپ، چاچ ياساش

مەركىزىدىكى رۇقىيەمگە تونۇشتۇردى.
— ياخشىمۇ سىز؟ سىزكەنسىزدە؟ ئىسمىڭىز گۇللالەكەندە، لالە دېسەك بولغۇدەك، ياخشى، بىزنىڭ ئالىيە خانىم چوقۇم سىزنى ياقتۇرىدۇ، يۈرۈڭ ئەمىسە، ئالىيە خانىم بىلەن كۆرۈشۈڭ، — دېدى رۇقىيەم.
— ئەتە كۆرۈشەمدۇق يا ئاداش، — دېدى گۇللالە روشەنگە قاراپ تۇرۇپ.
— ئەتە كۆرۈشكىنىڭىز تېمىسى، بۈگۈن كۆرۈشۈۋېرىڭ، ئەگەر قوبۇل قىلىنسىڭىز ئىشلەپ قالسىز ئەمەسمۇ، يۈك - تاقلىرىڭىزنى مەن ئۆزۈم يەتكۈزۈپ بېرىمەن، — دېدى روشەن.
— ماقۇل ئەمىسە، — دېدى گۇللالە رۇقىيەمگە قاراپ تۇرۇپ.
— ئەمىسە سىز مۇشۇ يەردە تۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ئالىيە خانىمنىڭ قېشىغا كىرىپ چىقاي، — دېدى رۇقىيەم.
رۇقىيەم چاچ ياساش مەركىزىگە كىرىپ كەتتى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەيلا يېنىپ چىقتى.
— ئالىيە خانىم سىزنى كىرسۇن دەيدۇ لالە، — دېدى رۇقىيەم، — سەن كېتىۋەر روشەن، ئەتە كۆرۈشىمىز، مەن ساڭا خەۋەر قىلىمەن، يا ياتىقىڭغا ئۆزۈم بارىمەن، لالىنى مەن ئەكىرىپ تونۇشتۇراي.
— ماقۇل ئەمىسە، مەن كېتىۋېرەي ئاداش، — دېدى روشەن.
رۇقىيەم گۇللالىنى باشلاپ چاچ ياساش مەركىزىگە كىردى. زالنىڭ ئىچى ناھايىتى چوڭ ئىدى. مۇلازىمەت قىلىدىغان قىزلارنىڭ ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. رۇقىيەم ئۇنى ئىچىدىكى بىر ئۆيگە باشلاپ كىردى، چوڭ ئۈستەلنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان چىرايلىق بىر چوكانغا گۇللالىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ئۆزى چىقىپ كەتتى.
— ئولتۇرۇڭ ئاپئاق قىز، — دېدى ئالىيە خانىم ئۇنىڭ

كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.
گۇللالە ئالىيە خانىمنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.
ئالىيە خانىم ھەقىقەتەن چىرايلىق چوكانىدى. ئۇ ئادەمگە ناھايىتى تاتلىق قارايتتى، ئۇنىڭ ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ ئەڭ ئوبرازلىق ئىپادىسى ئىدى. ئۇ ئاساسەن مۇشۇ بىر جۈپ كۆزىگە تايىنىپ ئىگىلىك تىكلىگەن چوكانىدى. ئۇ دەسلەپتە بىر سەيپۇڭخانىدا ئىشلىدى، كېيىن ئۆز ئالدىغا بىر دۇكان ئاچتى، رەخت بازىرىغا كىرىپ رەختچىلىك قىلدى، ئۇ رەختچىلىكتە خېلى پۇل تېپىپ بېيىۋالدى. ئاندىن ئۇ بۇ ئوقەتنى ئېغىر كۆرۈپ، ھازىرقى مۇشۇ چاچ ياساش مەركىزىنى ئېچىۋالغانىدى.
— ئېتىڭىز نېمە ئاپئاق قىز.
— گۇللالە.
— گۇللالە، نېمىدېگەن ياخشى ئىسىم بۇ، ئۆزىڭىزمۇ گۇلدەك چىرايلىق قىز ئىكەنسىز، بەك چىرايلىق ئىسمىڭىز بار ئىكەن، — دېدى ئالىيە خانىم.
گۇللالە بۇ گەپنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كەتتى.
— سىز قايسى شەھەردىن كەلدىڭىز؟
— B شەھىرىدىن.
— بۇ شەھەردە تۇغقىنىڭىز بارمۇ؟
— يوق، بىر ساۋاقدىشىم بار.
— ئۇ ياق نېمە ئىش قىلىدۇ؟
— شەھەرلىك قۇرۇلۇش ئىدارىسىدە ئىشلەيدۇ.
— ئېتى نېمە؟
— خاسىيەت.
— ھە، مۇنداق دەڭ، سىز بۇرۇن چاچ ياساش ئورنىدا ئىشلەپ باققانمۇ؟
— ياق.

— بىر توي قىلىپ ئاجرىشىپ كەتكەن دەپ ئاڭلايمەن، شۇنداقمۇ سىڭلىم؟

— شۇنداق ، — دېدى گۈللالە يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن سىڭلىم، سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز بىزگە توغرا كېلىدىكەن. ئەگەر مۇشۇ يەردە ئىشلەپ قالاي دېسىڭىز، بىز سىزنى قوبۇل قىلايلى، مەن سىزگە بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، بىزنىڭ بۇ يەردە ئوتتۇزدىن ئارتۇق قىزلار ئىشلەيدۇ، ئىشلەيدىغان ئىشلىرىمىز ئاساسەن چاچ بۇدۇر قىلىش، چاچ ياساش، بوياش، بۇ يەرگە قىزلار، ئاياللارمۇ كىرىدۇ، ئەرلەر، يىگىتلەرمۇ كىرىدۇ، خېرىدارلار بەزىدە بەدەنلىرىمىزنى ئۇۋۇلاپ تۇتۇپ قويساڭلار دەپ تەلەپ قىلىدۇ، بىزنىڭ قىزلىرىمىز ئۇلارنىڭ تەلەپلىرى بويىچە خېرىدارلارنى رازى قىلىپ يولغا سالىدۇ، بەدەن تۇتۇشمۇ بىر خىل ھۈنەر، تىرىشسىڭىز تېز ئىگىلەپ كېتىسىز، سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزغا قارىغاندا مۇشۇ يەردە يېتىپ ئىشلەشكە توغرا كېلىسىزكەن، ئۆزىڭىز ئويلىشىڭ، ھازىر جاۋاب بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، — دېدى ئالىيە خانىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن چاچ ياساش كەسپىگە بەك قىزىقىمەن، سىزنىڭ قولىڭىزدا ئىشلەپ قالاي ھەدە، — دېدى گۈللالە.

— ئەمىسە بولىدۇ لالە، سىزنى رۇقىيەم قىزغا شاگىرتلىققا بېرەي، ئۇ قىز چاچنى ياخشى بۇدۇر قىلىدۇ، ياخشى ئىشلەڭ، قىزلار بىلەن چىقىشىڭ، ئۇلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭىز ياخشى بولسۇن، ئەڭ مۇھىمى، قالايمىقان گەپ - سۆزلەرگە ئارىلاشماڭ، ئۆزىڭىزگە چىڭ بولۇڭ، ھەرقانداق ئادەمدىن سىر ساقلاشنى ئۆگىنىڭ، — دېدى ئالىيە خانىم.

ئالىيە خانىم گۈللالىنى رۇقىيىگە تاپشۇرۇپ بەردى. رۇقىيە خۇشاللىق بىلەن ئۇنى شاگىرتلىققا قوبۇل قىلدى. ئەتىسى روشەن ئۇنىڭ ئورۇن - كۆرپىلىرىنى ئەكىلىپ بەردى. گۈللالە مۇشۇ

ئورۇندا يېتىپ - قوپۇپ ئىشقا چۈشۈپ كەتتى.
گۈللالە بىر مەزگىل چاچ يۇيۇش، ئۇستىسىغا ياردەملىشىش ئىشلىرى بىلەن قولىنى كۆندۈرۈپ يۈردى. رۇقىيەممۇ ئۇنى ئەستايىدىل يېتەكلىدى. كۇنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن گۈللالە خېرىدارلارنى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل يولغا سالالايدىغان بولدى.
بۈگۈن كەچتە ئۇ ئىشتىن بوشىغاندىن كېيىن، قولىغا قەلەم ئېلىپ ھەدىسىگە خەت يازدى. خېتىدە ئۇ ھەدىسىگە ئۆزىنىڭ سالامەت تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېيتتى، لېكىن ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى ھەققىدە ھېچنېمە يازمىدى، ئۇ خېتىنى يېزىپ بولۇپ كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى. ئاندىن سومكىسىدىن ھەدىسى بەرگەن ئەينىكىنى ئېلىپ قارىدى. ئۇ تەلەپ بويىچە ھەر كۈنى گىرىم قىلىپ تۇرغاچقا، يۈز - كۆزلىرى بەكمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى، ئۇ قۇم تاسقاپ ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلىرىنى ئەسلىدى، يۈرتىدىكى ئاشۇ ئېغىر كۈنلىرىنى ئەسلىدى، ئۇ ھاياجانلىنىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ بۇ شەھەرگە كەلگەندىن كېيىن، بۈگۈنكىدەك ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ باققان ئەمەس ئىدى. ئۇ يوتقان بىلەن بېشىنى يۆگىۋېلىپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. . . .
ئەتىسى سەھەردە ئۇنىڭ كۆز قاپاقلىرى ئىششىپ قوپتى، رۇقىيەم ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.
— كېچىچە يىغلىغان ئوخشىمامسەن ئاداش، — دېدى ئۇ گۈللالىنىڭ چاچلىرىنى تۈزەشتۈرگەچ.
گۈللالە گەپ قىلمىدى.
— بۇ يەرگە ئاستا - ئاستا كۆنۈپ قالىسەن ئاداش، مەنمۇ بۇرۇن ساڭا ئوخشاش مۇشۇنداق يىغلىغان، مانا ھازىر ھەممە ئىشقا كۆنۈپ كەتتىم، ھە راست، نەچچە كۈندىن بېرى سورايمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، پۇللىرىڭنى نەگە قويۇپ ساقلاۋاتىسەن؟
— سومكامدا.
— سومكىدا ساقلىساڭ بولمايدۇ، بانكىغا قويۇپ ساقلا،

مەخپىي نومۇر قوللان، مەخپىي نومۇرۇڭنى يادلىۋال، — دېدى رۇقىيە.

— ھە، مۇنداقكەنده! — دېدى گۈللالە دىققەتتە بولۇپ.

— ئېسىڭدە بولسۇن، مەخپىي نومۇرۇڭنى ھېچكىمگە كۆرسەتمە، — دېدى رۇقىيە.

— ماقۇل، بۈگۈن چۈشتىلا پۇلۇمنى بانكىغا قويۇۋېتەي ئەمىسە! — دېدى گۈللالە.

— يەنە بىر گەپ ئاداش، ھېلىقىدەك بەدەنلىرىنى تۇتقۇزغىلى كەلگەن ئادەملەرگە ھەرگىز راست گەپ قىلما، بەزى ئادەملەر بەك تېتىقسىز بولىدۇ، ئېتىڭىز نېمە، قانچىگە كىردىڭىز، ئۆيىڭىز قەيەردە دەپ ئاۋارە قىلىدۇ، ئۇنداقلارغا يالغاندىنلا بىرنېمىلەرنى دەپ قويساڭ بولدى، راست گەپ بىزگە ئاۋارىچىلىق تېپىپ بېرىدۇ، — دېدى رۇقىيە.

— ماقۇل ئاداش، بۇ گەپنى بەك ياخشى دېدىڭ! — دېدى گۈللالە.

# 8

گۈللالە بۈگۈن چۈشكىچە ئىككى قىزنىڭ چېچىنى بۆدۈر قىلدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن، ئۇ بىر سائەتتەك ئۇخلاپ دەم ئېلىۋالدى. چۈشتىن كېيىن ئىگىز، يوغان بىر ئەر كېلىپ ئۇنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇردى.

— چېچىمنى يۇيۇپ قويۇڭ ئاپئاق قىز، — دېدى ئەر.

گۈللالە ئۇنىڭ چېچىنى پاكىز يۇيۇپ، ئۇنى ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغۇزۇپ چاچلىرىنى قۇرۇتۇپ قويدى.

— ئۆزىڭىز تارىۋالامسىز؟ — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ تاغاقنى خېرىدارغا تەڭلەپ.

— ياق، هازىر تارىمايمەن، بىلىمنى تۇتۇپ قويۇڭ، — دېدى خېرىدار گۈللالىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.
— ئەمىسە ئىچىدىكى ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى گۈللالە.
خېرىدار كىچىك ئۆيگە كىردى. ئايىغىنى سېلىپ، چاپىنىنى كىيىم ئاسقۇغا ئېسىپ قويۇپ، كارىۋاتتا دۈم ياتتى. گۈللالە بىر لۆڭگىنى ئۇنىڭ دۈمبىسىگە يېيىپ، ئۇنىڭ بېلىنى تۇتۇشقا باشلىدى.
— بەك ياخشى تۇتىسىزكەن ئاپئاق قىز، ئاڭلىغىنىم راست چىقتى، سىزنى ماڭا بىرنەچچىسى ماختاپ بەرگەن، بەك ھۇزۇرلىنىپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى خېرىدار.
— رەھمەت.
— بۇ يىل قانچە ياشقا كىردىڭىز ئاپئاق قىز، — دېدى خېرىدار ئىنجىقىنى توختىتىپ.
— قىز بالىنىڭ يېشىنى سورىسا بولماسمىش ئاكا، — دېدى گۈللالە ھۆرمەت بىلەن.
— خاپا بولماڭ ئاپئاق قىز، باشقىلار سىزنى بەك ماختايدىكەن، شۇڭا يېشىڭىزنى سورىغۇم كېلىپ قالدى، — دېدى خېرىدار گېپىنى ئوڭشاپ.
— ئۆيىڭىز قەيەردە؟ — دېدى خېرىدار يەنە تەلەپپۇزلىرىنى ياساپ.
— مېنىڭ ئۆيۈم يوق، مۇشۇ يەردە تۇرىمەن، ئاتا - ئانام ئۆلۈپ كەتكەن، مەن كىچىك دادامنىڭ قولىدا چوڭ بولغان، — دېدى گۈللالە تەلەپپۇزىنى قايغۇلۇق چىقىرىپ.
— ھە. . . . ، — دېدى خېرىدار ئوڭايسىزلانغاندەك قىلىپ، — سىز بەدەننى بەك ياخشى تۇتىسىزكەن، ئەمدى پۇتلىرىمنى ياخشىراق تۇتۇپ قويسىڭىز.
گۈللالە خېرىدارنىڭ دۈمبىسىدىكى لۆڭگىنى ئۇنىڭ پۇتى تەرەپكە تارتتى، ئاندىن ئۇنىڭ پۇتىنى تۇتۇشقا باشلىدى.

گۈللالە خېرىدارنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ بولغاندىن كېيىن، خېرىدار ئورنىدىن تۇرۇپ ئايىغىنى كىيدى.

— سىزگە رەھمەت ئاپئاق قىز، خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە كېلىمەن، — دېدى خېرىدار.

— قارشى ئالىمەن، كېلىڭ، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.

خېرىدار چىقىپ كەتتى، گۈللالە بىردەم تۇرۇۋېلىپ، تامدىكى ئەينەككە قاراپ چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى ـ دە، ئۆيدىن چىقتى.

رۇقىيە ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— دېرىزىنىڭ قېشىدىكى ئاۋۇ بومبا ساقاللىق خېرىدار سېنى ساقلاپ تۇرىدۇ، تونۇمسەن، — دېدى رۇقىيە بوش ئاۋازى بىلەن.

— ياق.

— ئەنە، سېنى كۆردى، كېلىۋاتىدۇ.

رۇقىيە گۈللالىنىڭ ئىش ئۈستىلى ئۈستىدىن چاچ ماي ئالغان بولۇپ تۇرۇۋالدى. بومبا ساقاللىق خېرىدار گۈللالىنىڭ ئورۇندۇقىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— كېلىڭ، ئولتۇرۇڭ، — دېدى گۈللالە خۇشخۇي هالدا.

— ھە، خانقىز، ياخشى تۇرۇپسىز، چېچىمنى بىر يۇيۇپ قويامسىز، ئاندىن بەدەنلىرىمنى كېلىشتۈرۈپ بىر تۇتۇپ قويۇڭ، — دېدى خېرىدار.

— ماقۇل ، — دېدى گۈللالە ھۆرمەت بىلەن.

گۈللالە خېرىدارنىڭ چېچىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى بەدەن تۇتۇش ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى.

خېرىدار بەدەن تۇتۇش ئۆيىگە كىردى. ئاندىن كىيىملىرىنى سېلىپ كارىۋاتتا دۈم ياتتى.

— ئايىغىڭىزنى سېلىۋېتەمسىز، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— كەچۈرىسىز، — دېدى خېرىدار، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ

چاقچانلىق بىلەن ئايغىنى سىلىغۋەتتى.
گۈللالە قولىدىكى چوڭ لۆڭگىسىنى خېرىدارنىڭ دۈمبىسىگە يېپىپ، ئۇنى تۇتۇپ ئۇۋۇلاشقا كىرىشتى.
— پاھ، نېمىدېگەن راھەت - ھە، خۇدايىم قولىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن خانقىز، سىز بەدەننى ھەقىقەتەن ياخشى تۇتىسىزكەن، تۇنۇگۈن بىر ئاغىنەم سىزنى ماختاپ بەرگەن، شۇنىڭ بىلەن بۈگۈن ئالايىتەن كېلىشىم، — دېدى خېرىدار راھەتلىنىپ ئىنجىقلاپ.
— رەھمەت، — دېدى گۈللالە.
— ماختىغۇچىلىكىڭىز باركەن خانقىز، ئىككى كۈندىن بېرى بېلىم ئاغرىپ، ئۇستىخانلىرىم شاراقشىپ كەتكەن، مانا ئەمدى سىزنىڭ قولىڭىزدا ئورنىغا چۈشۈۋاتىدۇ، خۇدايىم بۇيرۇسا بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇ يەرگە كېلىپ سىزنى ئىزدەيمەن، — دېدى خېرىدار.
— قارشى ئالىمىز، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.
— سىز بەك چىرايلىق قىز ئىكەنسىز خانقىز، كۆز - قاشلىرىڭىز سۆزلەپ تۇرىدىكەن، مەن سىزدەك چىرايلىق قىزنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، — دېدى خېرىدار ئۆرۈلۈپ يېتىپ.
گۈللالە گەپ قىلماي كۈلۈپ قويدى، ئۇ ھېرىپ كەتكەنىدى. ئۇ كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ تەرىنى ئېرتتى.
— سىز بۇ شەھەرلىك ئەمەسقۇ دەيمەن، — دېدى خېرىدار قولىدىكى تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ كۆزى گۈللالىنىڭ كۆزىدە ئىدى.
گۈللالە ”ھەئە“ دېگەن مەنىدە بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.
— ئەمدى پۇتۇمنى تۇتۇپ قويامسىز، — دېدى خېرىدار.
— ماقۇل، خاپا بولماي تاماكىڭىزنى ئوچۇرۇۋەتكەن بولسىڭىز! — دېدى گۈللالە. ئاندىن لۆڭگىنى خېرىدارنىڭ پۇتىغا يېپىپ، ئۇنىڭ پۇتىنى تۇتۇشقا كىرىشتى.
بۈگۈن گۈللالە كەچ سائەت ئونغىچە بىكار بولالماي ئىشلىدى.

ئۇ بىر قىزنىڭ چېچىنى بوياۋاتقاندا، خاسىيەت ئۇنى ئىــزدەپ كەلدى. ئاخىر ئۇ قولىنى بىكار قىلىپ، ئىچىدىكى ئۆيگە كىرىپ كىيىملىرىــنى ئالــماشتۇردى، خاســيەت چاندۇرماي ئۇنىڭ مېڭىش - تۇرۇشلىــرىنــى بايقاپ ئولتۇردى، گۈللالە باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، خاسىيەتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ئۇزاق بولدى سېنى يوقلاپ كېلەلمىدىم ئاداش، ئەھۋالىڭ قانداقراق؟ — دېدى خاسىيەت گۈللالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ قولى مۇزدەك سوغۇق ئىدى.

— ياخشى ئاداش، ئىشىمىز ياخشى، خېرىدارلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىۋاتىدۇ، ئالىيە خانىم ئىش ھەققىمىزنىمۇ ياخشى بېرىۋاتىدۇ، — دېدى گۈللالە.

— مــــجەزىڭ يوقمۇ قانداق، قولۇڭ نېمانداق مۇزدەك؟ —دېدى خاسىيەت.

كۈندە سۇ بىلەن ھەپىلەشكەندىن كېيىن ئادەمنىڭ قولــى مۇشۇنداق مۇزدەك بولۇپ قالىدىكەن ئاداش، تالاغا چىقىپ تاماق يەۋالايلى ئاداش، قورسىقىم بەك ئېچىپ كەتتى. دوقمۇشتا بىر مومايىنىڭ چۆچۈرەخانىسى بار، چۆچۈرىنى بەك ياخشى ئېتىدۇ، مەن ئاشۇ مومايىنىڭ چۆچۈرىسىگە ئۆگىنىپ قالدىم، — دېدى گۈللالە.

— يۇرە ئەمىسە، مەنمۇ سەن بىلەن ئازراق پاراڭلىشاي دەپ كەلگەنىدىم، — دېدى خاسىيەت قېشىدىكى سومكىسىنى قولىغا ئېلىپ.

— ئەمىسە ئاشۇ چۆچۈرەخانىغا چىقايلى، — دېدى گۈللالە ئىش ئۈستىلىنىڭ ئاستىدىكى كىچىك ئىشكاپنىڭ ئىچىدىن قول سومكىسىنى ئېلىپ.

— سەن چىقىپ ئىشىكنىڭ ئالدىدا تۇرۇپ تۇر ئاداش، مەن رۇقسىيىگە دەپ قوياي، — دېدى گۈللالە.

خاسىيەت چىقىپ كەتتى، گۈللالە ئىشلەۋاتقان رۇقىيەنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ھېلىقى خاسىيەت دېگەن دوستۇم كەلگەنتى ئاداش، بىز ھېلىقى چۆچۈرەخانىدا، ئالىيە خانىم سوراپ قالسا دەپ قويارسەن، — دېدى گۈللالە.

— ماقۇل ئاداش، خاتىرجەم چىقىۋەر، — دېدى رۇقىيە گۈللالىگە قاراپ.

گۈللالە تالاغا چىقىپ، خاسىيەتنى باشلاپ دوقمۇشتىكى چۆچۈرەخانىغا كىردى. بۇ كىچىك چۆچۈرەخانىدا تۆت ـ بەش ئادەم ئارانلا پاتىدىغان ئۇستەلدىن ئۇچىلا بار ئىدى. ئۇلار يۇقىرى تەرەپتىكى ئۇستەلگە كېلىپ ئولتۇردى. گۈللالە ئىككى سىركايىنى چايقىۋېتىپ، چاي قۇيدى. چۆچۈرە ساتىدىغان موماي ئىچىدىكى ئاشخانا ئۆيدىن چىقىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى.

— ئەھۋالىڭلار ياخشىمۇ قىزلىرىم، مەن تېخى سىلەرگە چاي قۇيۇپ بېرەي دەپ چىققانىدىم، ئۆزۈڭلار قۇيۇپسىلەر، قېنى، چاي ئىچىڭلار ئەمىسە، بۈگۈن چۆچۈرىنىڭ قىيمىسى بەك ئوخشىدى، ئىككى چىنە چۆچۈرە ئېتىپ بېرەيما؟ — دېدى موماي.

— ھەئە، ئىككى چىنە چۆچۈرە ئېتىپ بېرىڭ، — دېدى گۈللالە مومايغا كۈلۈپ تۇرۇپ.

موماي ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى، گۈللالە چۆگۈننى قولىغا ئېلىپ، خاسىيەتنىڭ چىنىسىنى لىقلاپ قويدى.

— مەن بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم ئاداش، سېنى يوقلاپ بارالمىدىم، — دېدى گۈللالە خاسىيەتكە قاراپ تۇرۇپ.

— مەنمۇ سېنى يوقلىيالمىدىم ئاداش، خاپا بولمايسەن، ئەسلىدە مەن سېنى يوقلاپ تۇرسام بولاتتى، ھە، ئىشلىرىڭ قانداق ئاداش، ھەر كۈنى مۇشۇنداق كەچ بىكار بولامسىلەر؟ — دېدى خاسىيەت.

— شۇنداق ئاداش، خېرىدارغا قارايمىز، خېرىدارنى قاچۇرۇپ قويساق بولمايدۇ، — دېدى گۈللالە.

— بىرنەچچە كۈن بولدى، ئەتە بارىمەن، ئۆگۈن بارىمەن دەپ

كېلەلمىدىم، سىلەرنىڭ بۇ چاچ بېزەش مەركىــــزىگە ئەرلەرمۇ كىرىدىكەنغۇ ئاداش، — دېدى خاسىيەت.

— كوچىلاردا يۈرگەن بالىلارنــى كۆرمــــدىڭما، ھازىر يىگىتلەرمۇ چاچلىرىنى بوياپ بۆدرە قىلىدىغان بولۇۋالدى ئەمەسمۇ ئاداش! — دېدى گۈللالە.

— شۇ، خوزنەك كۆپىيىپ كەتتــى دېگــــنە، — دېدى خاسىيەت.

گۈللالە كۈلۈپ كەتتى.

— لالە، مۇشۇ يەردە ئىشلىمىسەڭ بولامدىكــــن ئاداش! —دېدى خاسىيەت ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— بۇ يەردە ئىشلىمىسەم نەدە ئىشلەيمەن!

— مەن خەقلەردىن بەزى گەپلەرنى ئاڭلاۋاتىمەن، بەزىلەر بۇ چاچ ياساش ئورنى دۇرۇس ئەمەس، ئىچىدە قالايمىقان ئىشلار بار ئوخشايدۇ، دېيىشىــۋاتــــدۇ، خەقلەرغۇ مۇشۇ كۈندە دەۋېرىدۇ ئەمدى، شۇنداق بولسىمۇ ئادەم ئەنسىرەپ قالىدىكەن ئاداش، — دېدى خاسىيەت.

گۈللالە خاسىيەتنىڭ كۆزىگە قارىدى. خاسىيەت چاققانلىق بىلەن كۆزىنى ئۇنىڭدىن قاچۇردى.

— دۇرۇس ئەمەس دېگەن قانداق گەپ ئاداش، — دېدى گۈللالە.

— ئۇلار ئاياللارنىڭ چاچ ياساش ئورنىغا ئەرلەر نېمىشقا كىرىدۇ دەيدىكەن، مەنمۇ ئۇلارنىڭ پىكرىگە قايىل بولۇپ قالدىم، — دېدى خاسىيەت.

— ئۇلار بۇنداق دېسە بولمايدۇ خاسىيەت، ھازىر دېگەن قانداق زامان، چاچ ياساش ئورنىغا ئەرلەر نېمە ئۈچۈن كىرىدۇ دېسە قانداق بولىدۇ؟ چاچ ياساش ئورنى بولغاندىن كېيىن خالىــغان ئادەم كىرىۋېرىدۇ - دە، مۇلازىمەت ئورنى ئەمەسمۇ!

— مەيلى نېمە بولسا بولسۇن ئاداش، سەن مۇشۇ يەردە

ئىشلىمىسەڭ دەيمەن، — دېدى خاسىيەت.
— بۇ يەردە ئىشلىمىسەم نەدە ئىشلەيمەن! — دېدى گۈللالە خاسىيەتكە قاراپ تۇرۇپ.
— كىچىك دادام ساڭا ئىدارىسىنىڭ ئاشخانىسىدىن ئىش تېپىپ بېرىدىغان بولدى، — دېدى خاسىيەت.
— مەن مۇشۇ يەردە ئىشلەۋېرەي ئاداش، مېنىڭمۇ ئۆزۈمگە چۇشلۇق پىلانىم بار، هازىر چاچ ياساش بىلەن چاچ بۆدرە قىلىش هۈنىرىنى خېلى ئۆگىنىپ قالدىم، بۇ يەردە يەنە يېرىم يىل ئىشلىسەم بۇ هۈنەرنى پۇتۇنلەي ئىگىلەپ بولىمەن، ئۇ ۋاقىتدا ئۆز ئالدىمغا بىر چاچ ياساش ئورنى ئاچساممۇ بولىدۇ، شۇڭا سەن مېنى چۈشەن، هېلىقىندەك ئېگىز - پەس گەپلەرگە قۇلاق سالما، هازىرقى ئادەملەرنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، ھەممىسى مەنمەنچى بولۇپ كەتتى، ئۇنداق گەپلەرنى ئاڭلاپ قالسا، بىرگە ئوننى قوشۇپ دەۋېرىدۇ، ئىشقىلىپ، سەن مېنى چۈشىنىسەنغۇ، مېنىڭ بېشىمدىن ئۆرغۇنلىغان ئىشلار ئۆتتى، مەن ئۆزۈمنى باشقۇرالايدىغان ئادەم، مەندىن ئەنسىرىمە! — دېدى گۈللالە.
— مەن ئەلۋەتتە سەندىن خاتىرجەم ئاداش، شامال چىقمىسا دەرەخ لىڭشىمايدۇ دېگەن گەپ بار، بىرىنىڭ كاساپىتى مىڭغا بولمىسۇن دەيمەنغۇ! — دېدى خاسىيەت.
— مەن ئۆزۈمنى ئۆزۈم باشقۇرالايمەن ئاداش، مەن مۇشۇ هۈنەرنى ياخشى ئۆگەنمىسەم بولمايدۇ، مەن پۇل تېپىپ ئۆزۈمنىڭ جېنىنى جان ئېتىشىم كېرەك، ۋاقتى كەلگەندە هېچكىم ماڭا ياردەم بېرەلمەيدۇ، — دېدى گۈللالە.
خاسىيەت ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى.
كۇتكۇچى قىز ئاشخانا ئۆيدىن ئۇلارنىڭ چۆچۈرىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، گۈللالە هۇزۇرلىنىپ چۆچۈرە ئىچىشكە باشلىدى. خاسىيەت قولىدىكى قوشۇق بىلەن چۆچۈرىنى ئارىلاشتۇرۇپ، خىيال سۈرۈپ قالدى. . . .

تاماقتىن كېيىن، گۈللالە خاسىيەت بىلەن خوشلاشتى، خۇشال - خۇرام كەلگەن خاسىيەت خۇشال - خۇرام كېتەلمىدى، گۈللالىنىڭ بەزى گەپلىرى ئۇنىڭ يۈرىكىنى چېكىپ قويغاندەك قىلدى، گۈللالە چاچ ياساش مەركىزىگە قايتىپ كىرىپ، ياتىقىغا كىرىپ ياتتى، گۈللالىنىڭ روھىي كەيپىياتى ناھايىتى ياخشى ئىدى، ئۇ كارىۋىتىنىڭ بېشىدىكى كىچىك چىراغنى ياندۇرۇپ، سومكىسىدىن ئەينىكىنى ئېلىپ ئەينەككە قارىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ چىرايىنى كۆردى، بۇ ئۇنىڭ ئەركىنىدىن ئايرىلغاندىن بېرىقى ئەڭ ياخشى كۆرۈنۈشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئابدۇۋەلى بىلەن باغلاردا قوغلىشىپ ئوينىغان ئاشۇ ئالتۇن كۈنلىرىنى ئەسلىدى، شۇ ۋاقىتىدا ئۇنىڭ چىرايى مۇشۇنداق تىنچ، غالىب، مۇھەببەتلىك ئىدى، ئاشۇ يىللاردىكى كۆرۈنۈشلەر ئەينەكتە بىر - بىرلەپ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئەڭ گۈزەل نەرسە ھامان ئادەمنىڭ قەلبىدە ساقلىنىپ قالاتتى.

## 9

گۈللالىنىڭ چاچ ياساش مەركىزىدە ئىشلەۋاتقىنىغا بىر يىلدىن ئېشىپ قالدى. بۇ جەرياندا ئۇ خېلى جىق پۇل تېپىۋالدى. ئۇ ھەدىسىگە پات - پات خەت يېزىپ تۇردى، لېكىن خېتىدە قايەردە ئىشلەۋاتقانلىقىنى دېمىدى. خاسىيەتمۇ ئۇنى بۇرۇنقىدەك پات - پات ئىزدەپ كەلمەيدىغان بولۇۋالدى. بۇنىڭ سەۋەبىنى ھەر ئىككىلىسى ئىچىدە بىلىشەتتى.

شەنبە كۈنى ئىدى، ئەتىگەندىلا بىر قىز كېلىپ گۈللالىنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇردى. بۇ قىزنىڭ چاچلىرى ناھايىتى چىرايلىق ئىدى، سېرىق رەڭ بىلەن قىزىل رەڭنى ئارىلاشتۇرۇپ بويىغان بۇ چاچ قىزغا بەكمۇ ياراشقانىدى. مۆرىسىنى يېپىپ تۇرىدىغان

چاچلىرى ئادەمنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى.
— چېچىمنى يۇيۇپ قۇرۇتۇپ قويسىڭىز بولدى، — دېدى خېرىدار كۈلۈپ تۇرۇپ گۈللالىگە.
گۈللالە ئۇنىڭ چېچىنى يۇيۇپ قويدى، قىزنىڭ چاچلىرى تېخىمۇ پارقىراپ گۈزەللىشىپ كەتتى.
— ئاڭلىسام سىزنى B شەھىرىدىن كەلگەن دەيدۇ، شۇنداقمۇ؟
— دېدى خېرىدار يېنىدىن پۇل قاپچۇقىنى ئېلىۋېتىپ.
— شۇنداق، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.
— مەنمۇ B شەھىرىدىن بولىمەن، ئىككىمىز بىر يۇرتلۇق ئىكەنمىز، مەن سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى ئاڭلىغان، گۈللالىغۇ دەيمەن.
— شۇنداق.
— تونۇشۇپ قالايلى، مېنىڭ ئىسمىم قۇندۇز، — دېدى قىز كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ھە، قۇندۇز، نېمىدېگەن چىرايلىق ئىسىم، ۋاقتىڭىز چىقسا كېلىپ تۇرۇڭ، — دېدى گۈللالە.
— چۇشتە بىللە تاماق يېسەك قانداق، مەن سىزنى دوقمۇشتىكى چۆچۈرەخانىدا كۈتۈپ تۇراي، — دېدى قۇندۇز گۈللالىگە.
— سىزمۇ ئاشۇ چۆچۈرەخانىنى بىلىسىزكەندە.
— بىلىمەن، ھەم سىزنىڭ چۆچۈرىگە ئامراقلىقىڭىزنىمۇ ياخشى بىلىمەن، — دېدى قۇندۇز.
— بولىدۇ، چۇشتە كۆرۈشەيلى ئەمىسە، — دېدى گۈللالە، ئۇ بىردىنلا قۇندۇزنى ياقتۇرۇپ قالدى.
گۈللالە قۇندۇزنى ئۇزىتىپ قويدى، قۇندۇز چاچ ياساش مەركىزىدىن چىقىپ، ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى ”شيالى“ ماركىلىق قىزىل ماشىنىنى ھەيدەپ كەتتى. گۈللالە قۇندۇزنىڭ ماشىنا ھەيدەپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— نېمىدېگەن يامان قىز، ماشىنا ھەيدىيەلەيدىكىنا؟ — دېدى ئىچىدە.

گۈللالە ئىش ئورنىغا قايتىپ كىردى، بىراق ئۇنىڭ قولى ئىشقا بارماي قالدى. ئۇ قۇندۇزنىڭ جانلىق قاراشلىرىغىلا ئەمەس، ئۇنىڭ ئاشۇ كىچىك ماشىنىسىغىمۇ ئەسىر بولۇپ كەتكەنىدى.

چۈشتە ئۇ دوقمۇشتىكى چۆچۈرەخانىغا باردى، موماي ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى، قۇندۇز دېرىزىنىڭ قېشىدىكى ئۈستەلدە ئولتۇراتتى. ئۇ گۈللالىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى ئۆزىنىڭ ئورنىغا تەكلىپ قىلدى.

— كېلىڭ لالە، مۇنۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇڭ.

— ئوخشاش، مەن مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇۋېرەي.

— ياق، سىز يوقىرىدا ئولتۇرىسىز، ھەممە ئىش ئۆز يولى بىلەن بولىدۇ، بۈگۈن مەن سىزنى تەكلىپ قىلدىم ئەمەسمۇ، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇ كۈلسە مەڭزى شۇنداق چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى، يۈزلىرىنىڭ گۆشلىرى ئالمىدەك بىر يەرگە يىغىلىپ قالاتتى.

گۈللالە يۇقىرىغا چىقىپ ئولتۇردى. كۈتكۈچى قىز ئۇلارغا چاي قۇيۇپ بەردى، موماي ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— سىلەرگە ئىككى چىنە چۆچۈرە قىلىپ بېرەمدىم قىزلىرىم؟ — دېدى موماي كۈلۈپ تۇرۇپ.

— تۇز - تەمىنى ياخشىراق قىلىپ بېرەرسىز چوڭ ئاپا، — دېدى قۇندۇز مومايغا قاراپ كۈلۈپ .

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ قىزلىرىم، — موماي ئورنىدىن تۇرۇپ ، تاماق ئېتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— خېرىدار بەك جىق ئوخشىمامدۇ لالە، — دېدى قۇندۇز ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ.

— شۇنداق، بولۇپمۇ يېقىندىن بېرى خېرىدارلار بەك كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى گۈللالە.

— مەن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى بىر دوستۇمدىن ئاڭلىغان، بىز بىر يۇرتلۇق ئىكەنمىز، ئارىلىشىپ ئۆتەيلى، — دېدى قۇندۇز.

— بولىدۇ، ئارىلىشىپ ئۆتەيلى، مەنمۇ سىز بىلەن تونۇشقىنىمغا بەك خۇشال، بىر يۇرتلۇق ئىكەنمىز، — دېدى گۈللالە.

— سىزگە بىر ئىشنى دېسەم بولارمۇ گۈللالە. ئەتىگەن سىزنى كۆرۈپ مۇشۇ ئويغا كېلىپ قالدىم، بايامۇ سىزنىڭ كېلىشىڭىزنىڭ ئالدىدا مۇشۇ ئىشنى ئويلاۋاتاتتىم، مۇشۇنداق ئانار دەك چىرايىڭىز بىلەن چاچ ياساش مەركىزىدە خەقنىڭ چېچىنى بوياپ يۈرگۈچە باشقا ئورۇندا ئىشلىسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى قۇندۇز گۈللالىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ. ئۇ گۈللالىنىڭ بۇ گەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىنكى ئۆزگىرىشىنى بىلگىسى بار ئىدى.

— بۇ ئىشتىن باشقا نېمە ئىش بار دەيسىز قۇندۇز.

— كۆپ پۇل تاپقىلى بولىدىغان بىر ئىش بار لالە، مەن سىزنى بىر تانسخانىغا تونۇشتۇرۇپ قوياي، سىز ئاشۇ تانسخانىدا ئىشلەڭ، بىر - ئىككى يىلدىلا نۇرغۇن پۇللۇق بولۇپ قالىسىز، مەنمۇ بۇرۇن ئاشۇ تانسخانىدا ئىشلىگەن، مانا ھازىر ئۆي ئالدىم، ئاستىمدا ماشىنا بار، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا ھەممە نەرسەم تولۇق، — دېدى قۇندۇز.

گۈللالە قۇندۇزنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى.

— ئۆتكەن ئايدا بىر تانسخانىنىڭ خوجايىنى چېچىنى بوياتقىلى كېلىپتىكەن، ئۇ مېنى بىزنىڭ تانسخانىدا ئىشلەمسىز، بۇ يەردىكىدىنمۇ كۆپ پۇل تاپالايسىز دېگەنىدى، مەن ئۇنىمىغانىدىم، ئەگەر تانسخانىدا ئىشلىسەم، ئۇ يەردە نېمە قىلىمەن؟ — دېدى گۈللالە قۇندۇزغا قاراپ تۇرۇپ.

كۈتكۈچى قىز ئىككى چىنە چۆچۈرىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويدى. قۇندۇز گۈللالىنى تاماققا تەكلىپ قىلدى:

— ئالدى بىلەن تائام دەپتىكەن لالە، تاماق يەۋالايلى، بۇ يەردە

گەپ قۇلاشمايدىغاندەك تۇرىدۇ، تاماقتىن كېيىن مەن سىزنى ئۆيگە باشلاپ باراي، قالغان گەپلەرنى شۇ يەردە دېيىشەيلى، — دېدى قۇندۇز.

تاماقتىن كېيىن، قۇندۇز گۇللالىنى ماشىنىسىغا سېلىپ، ئۆيىگە ئاپاردى. ئۇنىڭ ئۆيى تەرەققىيات رايونىدىكى كۆركەم سېلىنغان تاۋار بىنالارنىڭ بىرىدە ئىدى.

قۇندۇز ئىشىكنى ئېچىپ گۇللالىنى ئۆيىگە باشلىدى. گۇللالە ئۆيگە كىرىپ ھەيران قالدى، ئۆيدە ھەممە نەرسە تولۇق ئىدى. ئۆينىڭ ھەممە يېرى قىپقىزىل گىلەم ئىدى. بۇ ئۈچ ئېغىز ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىك، ھەربىر ئۆيدە بىر دانە چوڭ كارىۋات بار ئىدى، گۇللالە كارىۋاتتا ئولتۇردى، بۇ ئارىدا قۇندۇز توڭلاتقۇنىڭ ئىچىدىن سوغۇق ئىچىملىكتىن بىرنى ئېلىپ، گۇللالىنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— مەن بۇ ئۆيدە ئۆزۈم يالغۇز تۇرىمەن گۇللالە، بۇ ئۆينى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا سېتىۋالغانىدىم، كىرىپ - چىقىشقا ئاسان بولسۇن دەپ بىرىنچى قەۋەتتىن ئالغانىدىم، ئەسلىدە ئىككىنچى قەۋەتتىن ئالىدىغان گەپ ئىكەن، قىش كۈنلىرى تازا كۈن چۈشمەيدۇ، قېنى ئازادە ئولتۇرۇڭ، ئاۋۇ تەكلەرنى تارتىپ يۆلىنىپ ئولتۇرۇڭ، — دېدى قۇندۇز.

— رەھمەت، ئازادە ئولتۇرۇۋاتىمەن، — دېدى گۇللالە، ئۇ ئۆينىڭ ئىچىگە قاراپ تېخىمۇ جىمىپ كەتتى.

— ئەمىسە لالە بايامقى گېپىمنىڭ ئايىغىنى چۈشۈرۈۋېتەي، ئەمەلىيەتتە ماڭا سىزگە ئوخشاش بىر ھەمراھ كېرەك، سىز مەن بىلەن مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇڭ، مەن سىزنى ياخشى بىر تانسىخانىغا تونۇشتۇرۇپ قويىمەن، شۇ يەردە بىر مەزگىل ئىشلىگەندىن كېيىن، ئىشنىڭ يولىنى تېپىپ كېتىسىز، تانسىخانىدا ئىشلەيدىغان قىزلار ئاساسەن خېرىدارلارغا ھەمراھ بولۇپ تانسا ئوينايدىغان گەپ، ئىشقىلىپ، تانسىخانىغا خىلمۇخىل ئادەم كېلىدۇ، ئادەمگە

قاراپ مۇئامىلە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەگەر ماقۇل تاپسىڭىز، مەن سىزنى مەن بۇرۇن ئىشلىگەن تانسىخانىغا تونۇشتۇرۇپ قوياي، خۇدايىم بۇيرۇسا ھەممە ئىشىڭىزغا ئۆزۈم ئىگە بولىمەن، ئاقىۋىتىڭىزنىڭ ياخشى بولۇپ كېتىشىگىمۇ ئۆزۈم ئىگە بولىمەن، تانسىخانا سىلەرنىڭ ئۇ يەردىن مىڭ ھەسسە ياخشى ئەمەسمۇ؟ — دېدى قۇندۇز.

گۈللالە قولىدىكى سوغۇق ئىچىملىكنى قويۇپ قويۇپ، قۇندۇزغا قارىدى. ئۇ قۇندۇزنىڭ گېپىنى تولۇق چۈشەندى.

— مەن ئويلىشىپ باقاي قۇندۇز، — دېدى ئۇ.

— بولىدۇ، مەن سىزگە چاقۇرغۇم بىلەن قول تېلېفونومنىڭ نومۇرىنى يېزىپ بېرەي، قاچان ماقۇل كۆرسىڭىز ماڭا تېلېفون بېرىڭ، مېنىڭ دەيدىغان گېپىم يەنە شۇ، سىز مۇشۇ چىرايىڭىز بىلەن ئۇنداق يەردە ئىشلىسىڭىز، زايا كەتمەمسىز، مېنىڭ گېپىمگە كىرسىڭىز، گۈللىنىپ روناق تاپىسىز — دېدى قۇندۇز.

— ئەمىسە مەن قايتاي قۇندۇز، ئالىيە خانىم ئاڭلىسا خاپا بولىدۇ. مەن ئەتە سىزگە تېلېفون بېرەي، — دېدى گۈللالە ئورنىدىن تۇرۇپ.

— يۈرۈڭ ئەمىسە، مەن سىزنى ئاپىرىپ قوياي، — دېدى قۇندۇز ئورنىدىن تۇرۇپ.

— سىزنى ئاۋارە قىلماي، ئۆزۈم كېتىۋېرىمەن، — دېدى گۈللالە.

— ئاۋارە بولمايمەن ، مەنمۇ بازارغا چىقىمەن ئەمەسمۇ، مەن سىزنىڭ يېشىڭىزنى سورۇشتۇرگەن لالە، مەن سىزدىن ئۈچ ياشلا چوڭ ئىكەنمەن، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز سەنلىشىپ يۈرۈۋېرەيلى، — دېدى قۇندۇز.

گۈللالە كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ بەك ياخشى گەپ بولدى، شۇنداق قىلايلى!

قۇندۇز گۈللالىنى چاچ ياساش مەركىزىگە ئاپىرىپ قويدى.

گۈللالىنىڭ قولى ئىشقا بارماي قالدى، ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى ھە دېگەندە رۇقىيە بايقىدى. كەچلىك تاماقتا رۇقىيە ئۇنى گەپكە سالدى:

— جىمىپ كەتتىڭغۇ ئاداش، ئاڭلىسام چۈشتە قۇندۇز سەتەڭ بىلەن چۆچۈرەخانىدا چۆچۈرە ئىچىپسىلەر، ئاشۇ سەتەڭ بىرنېمە دېدىمۇ دەيمەن ساڭا! — دېدى رۇقىيە.

— سەن ئۇنى تونۇمسەن؟

— تونۇيمەن، ئۇمۇ B شەھىرىدىن، بەش يىلنىڭ ئالدىدا ئۇ بۇ شەھەرگە بىر ئۆڭۈپ كەتكەن ئەسكى كۆڭلىكى بىلەن كەلگەن، مانا ھازىر بېيىپ كەتتى، يۇرۇش - تۇرۇشلىرىغا قارىمامسەن، ئاستىدا ماشىنا، ئۆزى ھەيدەيدۇ تېخى، راستىمۇ - يالغانمۇ تەرەققىيات رايونىدا بىر يۇرۇش ئۆيى بار دەپ ئاڭلايمەن، بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى ئۇنى سەتەڭ دەيدۇ، ئۇ ساڭا بىرنېمە دېگەن ئوخشىمامدۇ؟

— بۇ يەردە ئىشلىگۈچە تانىسخانىدا ئىشلەڭ، مەن سىزنى بىر ياخشى تانىسخانىغا تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى.

— ھە، مۇنداق دە ئاداش، ياخشى گەپكەنغۇ، ئەمەلىيەتتىمۇ ساڭا تانىسخانا لايىق ئاداش، بۇ يەردە چاچ بوياپ، بەدەن تۇتۇپ تۆت - بەش تەڭگە تاپماق تەس ئاداش، ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇۋاتىسەن، تاپقان پۇلىمىزنىڭ تەڭدىن تولىسىنى خوجايىن ئالىدۇ، تانىسخانىنىڭ پۇلى ياخشى، بارساڭ بار، ئاخىرقى ھېسابتا بىز پۇل تاپالمىساق ئادەم بولالمايمىز، پۇل تاپىمىز دەپ ئىشلىگەندىن كېيىن پۇل تېپىشقا تۇرۇش كېرەك! — دېدى رۇقىيە.

— ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بۇ ئىشقا قىزىقىپ قالدىم ئاداش، ئۆزۈممۇ ساڭا مەسلىھەت سالاي دەپ تۇراتتىم، — دېدى گۈللالە.

— ئىككىلەنمە ئاداش، بۇ يەردىن ئەتىلا كەت، ئەگەر مېنىڭ سېنىڭدەك چىرايىم بولغان بولسا، بۇ يەردىن ئاللىقاچان كەتكەن

بولاتتىم، ھە راست ئەتە ماڭساڭ بولمايدىكەن، ئاي توشىدىغانغا يەنە بەش كۈن بار، ئەگەر ئەتە كەتسەڭ ئالىيە خانىم بىر ئايلىق ئىش ھەققىڭنى تۇتۇپ قالىدۇ، بىرسىگە تىنما، ئاي توشۇپ كەتسۇن، ئىش ھەققىڭنى ئېلىۋال، ئاندىن كەتسەڭ كەت، باشقا يەرگە بېرىپ ئىشلەيمەن دېسەڭ بولمايدۇ، بۇ گەپنى ئاڭلىسا ئالىيە خانىم سەن بىلەن ياتاقنىڭ ھەققىنى ھېسابلىشىمەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ، بۇ خانىم كۈلۈپ تۇرغىنىنى بىلەن ئىچى بەك يامان، مەن ئۇنىڭ نەچچە قىزلارنى ئاشۇنداق بوزەك قىلغىنىنى كۆرگەن، — دېدى رۇقىيە.

— ھە. . . . مۇنداقمۇ ئىشلار باركەندە، ماقۇل ئاداش، بۇ گەپنى ماڭا ياخشى دېدىڭ، مەن ئالدى بىلەن مۇشۇ ئاينىڭ ئىش ھەققىنى ئېلىۋالاي، — دېدى گۈللالە.

گۈللالە رۇقىيىنىڭ كۆرسەتكەن يولى بويىچە، ئاي توشقىچە بېشىنى كۆتۈرمەي ئىشلىدى. ئۇ ئايلىق ئىش ھەققىنى ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، يۇرتۇمغا كېتىمەن دەپ چاچ ياساش مەركىزىدىن قول ئۈزدى.

شۇ كۈنى گۈللالە رۇقىيىنىڭ ياردىمى بىلەن قۇندۇزنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كىردى. قۇندۇز ئۇنى قىزغىن قارشى ئېلىپ، ئۇنىڭغا بىر ئېغىز ئۆينى تۇتۇپ بەردى.

— بۇ ئىشىڭ بەك ياخشى بولدى لالە، ئۇ يەردە خەقنىڭ يۈندىسىنى تۆكۈپ ياشىغۇچە بۇ يەردە پەرىشتىدەك ياشايسەن ئەمەسمۇ، كەل، ماۋۇ تام ئەينەكنىڭ ئالدىدا ئولتۇر، مەن سېنى راسا بىر ياساپ قوياي، ئاسماندىن چۈشكەن پەرىدەك ياسىۋېتىمەن سېنى، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

گۈللالە تام ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. قۇندۇز بىر سومكىدىن بىرمۇنچە نەرسىلەرنى چىقىرىپ، ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— تۆۋەنرەك ئولتۇر لالە، بېشىڭنى ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە قوي، — دېدى قۇندۇز.

قۇندۇز كىچىك بىر قۇتىنىڭ ئىچىدىن قۇناقچىلىك بىر تال مايىنى ئېلىپ، سىقىپ سۈيىنى چىقىرىپ گۈللالىنىڭ يۈزىگە سۈركىدى. يەنە بىر كىچىك قۇتىنىڭ ئىچىدىن بىر تال قىلنى قولىغا ئېلىپ، گۈللالىنىڭ يۈزلىرىدىكى سېرىق تۈكلەرنى قىرىپ چۈشۈردى. ئاندىن قولىغا بىر كىچىك چوتكىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى پەردازلاشقا باشلىدى.

— ئەمدى تۈز ئولتۇرە لالە، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈڭ قىلىسەن، ھازىر لەۋنى كەرەشناۋاي رەڭدە گىرىم قىلىش مودا بولۇۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن قىزىلنى ئىشلەتمە، مانا، مۇنۇ قاشنى تۈزەيدىغان كىچىك قايچا، بۇ چەتتىن كىرگەن، بەك ياخشى، مانا، مۇنۇ قەلەمدە قېشىڭغا گىرىم قىلىسەن، ئەمدى سەن مۇنداق ئەتىر ئىشلەت، فرانسىيىنىڭ، كىيىمنىڭ ياخشىسىنى كىيگىن، ئۆزۈڭنى ياخشى ياساپ يۈر، بىزنىڭ قىممىتىمىز كىيىملىرىمىز بىلەن بولىدۇ، بىز گىرىم بىلەن مەقسىتىمىزگە يېتىشىمىز كېرەك، — دېدى قۇندۇز.

— ماقۇل ئاداش، — دېدى گۈللالە خۇشخۇي ھالدا، ئۇ ئۆزىگە گىرىم قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ئەينەككە قاراپ يېرىم سائەتتەك گىرىم قىلغاندىن كېيىن ، ئورنىدىن تۇردى.

— قاملاشتىما؟ — دېدى گۈللالە قۇندۇزغا قاراپ.

— قاملىشىپتۇ، ئۇستىكەنسەنغۇ گىرىم قىلىشقا، مەن تېخى ساڭا ئۆگىتىپ كېتىپتىمەن، مانا، ئەمدى ھەقىقەتەن ئىسمى - جىسمىڭغا لايىق گۈللالە بولدۇڭ، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەنمۇ ئاشۇنداق يۈزنى تازىلايدىغان قىلدىن بىرنى تېپىۋالسام بولىدىكەن، ئۇ قىل يۈزنىڭ تۈكلىرىنى بەك ياخشى تازىلايدىكەن، — دېدى گۈللالە.

— مەن ساڭا تېپىپ بېرەي، ئۇ دېگەن ئاتنىڭ قىلى، قالغان نەرسىلەر ماگىزىندا بار ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىرنەچچە قۇر كۆڭلەك ئېلىۋال، بولۇپمۇ ئىچ كىيىمدىن جىقراق ئېلىۋال،

كىيىملىرىمىزنى يەڭگۈشلەپ تۇرمىساق بولمايدۇ، — دېدى قۇندۇز.

— ھېلىقى تانسىخانىغا قاچان بارىمىز؟ — دېدى گۈللالە.

ئەتە چۈشتە بارايلى، ئۇلار چۈشكىچە دەم ئالىدۇ، — دېدى قۇندۇز.

قۇندۇز ئۇستەلدىكى نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ چاي دەملىدى. ئۇلار چاي ئىچكەچ تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدى.

— مىكسىكىنىڭ بىر تېلېۋىزيە چاتما تىياتىرىنى كۆرۈۋاتىمەن ئاداش، بەك ياخشى ئىكەن، — دېدى قۇندۇز.

دېرىزىدىكى تېلېفون جىرىڭلىدى.

قۇندۇز تېلېفوننى ئالدى، گۈللالە تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازىنى پەسلەتتى.

— ۋەي، كىم؟ ئەنۋەر؟ قايسى ئەنۋەر؟ ھە، مۇنداق دېمەمسىز! ھە، ئۆيدە، ياق بىر ياققا چىقمايمەن، ساراڭ، تېلېفوندا سەت گەپ قىلماڭ، خەقلەر ئاڭلاپ قالىدۇ! ھە، سىلەر قانچە ئادەم؟ ئىككى؟ كىم ئۇ؟ سادىق؟ نېمە ئىش قىلىدىغان بالا ئۇ؟ ھە، مۇنداق دەڭ، ھېلىقىنىدەك غىتمەك نەرسىلەردىن ئەمەستۇ! ساراڭ، تېلېفوندا ئۇنداق گەپ قىلماڭ دەيمەن، ياق، بولدى، ئۆيدە بىر دوستۇم بار، كېلىۋېرىڭلار. . . . ماقۇل ئەمىسە، خوش. . . .

قۇندۇز تېلېفوننى قويۇپ قويدى.

— ئەنۋەر دەيدىغان ئاداش بار، بېشى ئاغرىپ قالسا پات - پات مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇپ كېتىدۇ، سادىق دېگەن بىر ئاغىنەم بىلەن بارىمەن دەيدۇ، كېلىڭلار دەپ قويدۇم، يەنە بىر سائەتتىن كېيىن كېلىدىغان بولدى، كەلسە كەلسۇن، ئۆزۈمىز زېرىكىپ قالغانتىم، پاراڭلىشىپ ئولتۇرمايمىزمۇ! — دېدى قۇندۇز.

گۈللالە گەپ قىلماي كۈلۈپ قويدى. ئۇ داۋاملىق تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇردى. قۇندۇز ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

دېرىزىدىكى تېلېفون يەنە جىرىڭلىدى.

— تېلېفوننى ئالە لالە، — دېدى قۇندۇز ئاشخانا ئۆيدە تۇرۇپ.

گۈللالە تېلېفوننى ئالدى.

— ۋەي، ياخشىمۇ سىز، كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دېدى گۈللالە مۇلايىملىق بىلەن.

— قۇندۇز بارمۇ!؟

— بار، تۇرۇپ تۇرۇڭ.

قۇندۇز گۈللالىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئاشخانا ئۆيدىن چىقىپ قولىغا تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى ئالدى.

— ھە، مەن، ئەنۋەرما، ھە، نېمە؟ ھازىر بارىمىز، بايام بىر سائەتتىن كېيىن دەۋاتاتتىڭىزغۇ! بولىدۇ، كېلىڭلار ئەمـــسە، يولۇڭلارغا قارايمىز، — دېدى قۇندۇز.

— ئۇلار ھازىرلا كېلىمىز دەيدۇ، ماقۇل دېدىم، ھە، لالە، سىزگە بىر گەپنى دەيمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، چاقىرغۇ بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ، ئەتە قولفوندىن بىرنى ئېلىۋېلىــڭ، — دېدى قۇندۇز.

— ماقۇل ، قانداق ماركىلىقتىن ئالىمەن؟

— ئەتە بازارغا بىللە كىرىمىز!

— سىز بۇنىڭدىن كېيىن ئىككىمىز سەنلىشەيلى دېگەنىدىڭىز، لېكىن يەنىلا مېنى سىزلەۋاتىسىزغۇ!

— ئۇنتۇپ قاپتىمەن، يەنىلا سەنلىگىنىمىز ياخشى ئاداش.

ئۇلار ئۆزلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئولتۇراتتى، ئىشىكنىڭ بوش چېكىلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. گۈللالە ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىۋالدى، قۇندۇز ئىشىكنى ئاچتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى ئەنۋەر ئۆيگە كىرىپ كۈلۈپ

تۇرغان قۇندۇزنىڭ كۆزىگە قاراپ. ئارقىدىن سادىق ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كىردى. ئىككىسىنىڭ قولىدا ئىككى سومكا بار ئىدى. ئۇلار سومكىنى ئۇستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

— كېلىڭلار، ئەھۋالىڭلار ياخشىمۇ، ئولتۇرۇڭلار، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئەنۋەر بىلەن سادىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرغاندىن كېيىن، گۈللالە ئۆيدىن چىقىپ ئاشخانا ئۆيگە ماڭغان بولۇپ ئۇلار بىلەن يۈز كۆرۈشۈۋالدى، ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ گۈللالە بىلەن كۆرۈشتى.

— مەن سىلەرگە بۇ دوستۇمنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇ دوستۇمنىڭ ئىسمى گۈللالە بولىدۇ، لالە، ئەمدى ساڭا ئەنۋەرنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، بۇياقىنىڭ ئىسمى ئەنۋەر، بىز كونا تونۇشلاردىن بولىمىز، ئۆزى بەك ياخشى يىگىت، لېكىن كەمچىلىكلىرىمۇ بار، يىلدا بىر - ئىككى قېتىم يالغان سۆزلەپ قالىدۇ، مۇشۇ يېرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۆزى بەك ياخشى يىگىت، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىز قۇندۇزنىڭ گېپىگە تولۇق ئىشىنىپ كەتمەڭ لالە قىز، مەن مۇشۇ كۈنگىچە يالغان سۆزلەپ باققان ئوغۇل بالا ئەمەس، ئاپام مېنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان، مەن خۇدايىم بۇيرۇسا بۈگۈنگىچە تېخى جىنسىمدىن ياتلىشىپ كەتمىدىم، ئەگەر مەن بەزىدە يالغان سۆزلەپ قويغان بولسام، ئۇ مەن ئەمەس، مېنىڭ كۆلەڭگەم بولۇشى مۇمكىن، ھازىر ئادەملەر ئۆزىنىڭ كۆلەڭگۈسىگىمۇ ئىگە بولالمايۋاتىدۇ، — دېدى ئەنۋەر چاقچاق قىلىپ.

— ئەمىسە كۆلەڭگۈڭىزگە ياخشىراق ئىگە بولسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى قۇندۇز ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ.

— مۇشۇ كۈندە ئۆزۈمگە ئىگە بولالمايۋاتىمەن، كۆلەڭگەمگە قانداق ئىگە بولالايمەن! — دېدى ئەنۋەر.

گۇللالىمۇ كۇلۇپ كەتتى.

— ئەمىسە بۇ مېھماننى ئەنۋەر تونۇشتۇرسۇن، بۇ ياقنى مەنمۇ بۇگۇن كۆرۈشۇم، — دېدى قۇندۇز سادىققا قاراپ تۇرۇپ.

— بولىدۇ، بۇ ئاغىنەمنىڭ ئىسمى سادىق، ئۆزى بازاردا رەۋەندىچىلىك قىلىدۇ، بۇگۇن سىلەرنى يوقلاپ كېلىپ قالدۇق، — دېدى ئەنۋەر.

— ياخشى بوپتۇ، قارشى ئالىمىز، — دېدى قۇندۇز كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

سادىقنىڭ بويى ئېگىز، ئۆزى ئورۇق يىگىت بولۇپ، بىر يەردە ئولتۇرسا پۇت - قوللىرى ئويناپ تۇراتتى. ئۇ ئەنۋەرگە ماسلىشىپ:

— ئاغىنەم سىلەرنى يوقلاپ كەلسەك دېدى، ئۆزۈڭ بېرىۋەر ئاداش دېسەم قورقىمەن دەپ ئۇنىمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ بىللە كەلدىم، — دېدى.

— ئۆزى ئەزەلدىنلا سەتەڭدىن قورقىدۇ بۇ ئاغىنىڭىز، —دېدى قۇندۇز قىزىقچىلىق قىلىپ.

ئۆيدىكى ھەممە ئادەم كۇلۇپ كەتتى.

— نېمانچىلا جىق نەرسە ئەكەلدىڭلار؟ — دېدى قۇندۇز ئىككى چوڭ سومكىغا قاراپ تۇرۇپ.

— سۇپىتىڭىزگە تەسىر يەتمىسۇن دەپ جىقراق نەرسە ئالغاچ كەلدۇق، — دېدى ئەنۋەر.

ھەممە ئادەم يەنە بىر قېتىم كۇلۇپ كەتتى.

— ئازراق يەيدىغان، ئىچىدىغان دېگەندەك نەرسىلەرنى ئالغاچ كەلدۇق قۇندۇز، ئاشخانىغا ئەكىرىپ ئوڭشاپ چىقامسىز! — دېدى ئەنۋەر.

گۇللالە سادىقنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرغانىدى، سادىق كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئۇنى گەپكە سالغىلى تۇردى، قۇندۇز سومكىلارنى كۆتۇرۇپ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئەنۋەر ئۇنىڭ

كەينىدىن ئاشخانىغا كىردى.

— ھە، يامان گۈيدە ھە، سەن، — دېدى ئەنۋەر قۇندۇزنىڭ چىرايلىق چاچلىرىنى تۇتۇپ، — پەردەك بىر نېمىنى تېپىۋاپسەنغۇ، نەلىك نەرسە ئىكەن؟

— قانداق، ئۆز يۇرت، — دېدى قۇندۇز ناز قىلىپ.

— قاچان كەپتۇ؟

— كەلگىلى خېلى بولدى ، باشقا يەردە ئىشلەۋاتاتتى، تېخى ئۇنى بۈگۈن ئەكىلىۋالغانىدىم، بۈگۈن ئىككىمىز ياخشىراق بىر دەم ئالايلى دېگەنتۇق، سىلەردىن تېلېفون كېلىپ قالدى. . . .

— ياخشى ، ھەر ھالدا ئۆزۈڭگە بىر ياخشى ھەمراھ تېپىۋاپسەن، — دېدى ئەنۋەر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھە، بىر يېرىڭىز بىرقىسما بولۇۋاتامدا؟ — دېدى قۇندۇز ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، سوراپ قوياۋاتىمەنغۇ ئەمدى، — دېدى ئەنۋەر كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئەنۋەر توخۇ گۆشى، تونۇر كاۋىپى، سامسا، گازىر-پۇرچاق، كەمپۇت، ھاراق ـ شاراب دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىپ كەلگەنىدى. قۇندۇز بۇ نەرسىلەرنى تەخسە ـ تاۋاقلارغا چىرايلىق ئېلىپ، ئۇستەلگە تىزدى. ئۇ سىركايلىرىنى يۇيۇپ تەييار قىلغۇچە، گاز ئوچاققا قويۇپ قويغان چايمۇ قايىنىدى. ئۇلار داستىخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— قېنى ئەمىسە، ئېلىڭلار مېھمانلار، لالە، سامسىدىن ئېلىڭ، ئەنۋەر دائىم كەلسە ياخشى سامسا ئېلىپ كېلىدۇ، — دېدى قۇندۇز.

— ئۆزۈممۇ سامسا، مانتا دېگەندەك نەرسىلەرگە ئامراق، — دېدى ئەنۋەر چاقچاق قىلىپ.

— يەيدىغان نەرسىگە چاقچاق قىلماڭ ئەنۋەر، يامان بولىدۇ، — دېدى قۇندۇز.

ئۇلار ئىسسىق چاي بىلەن سامسا يېيىشكە باشلىدى. سامسا تېخى سوۋۇپ قالمىغانىدى.

— ئەنۋەر ئاغىنەمنىڭ ئاغزى تاتلىق، ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يەۋېرىدۇ، — دېدى سادىق قولىدىكى بىر سامسىنى يەپ بولۇپ.

— بىرەرنى سۆيۈپ قويغۇڭ كېلىۋاتامدا؟ — دېدى ئەنۋەر. ھەممەيلەن كۇلۇشۇپ كەتتى. گۇللالە كۇلۇپ تېلىقىپ قالدى.

— يا ئادەمگە ئەتىر ئېلىپ بەرمەيسەنكەن، — دېدى سادىق قىزىقچىلىق قىلىپ.

— ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا بىر قېتىممۇ مۇنچىغا چۇشمىسەڭ، ئەتىرنىڭ نېمە كېرىكى ساڭا؟ — دېدى ئەنۋەر چاقچاق قىلىپ.

— مۇنچىغا ئەكىرمىسەڭ قانداق چۇشىمەن، — دېدى سادىق.

— سادىق سىزنى ئېلىپ قويىدى ئەنۋەر، ئەمدى بولدى قىلىڭ! — دېدى قۇندۇز.

— ئالىدۇ بۇ گوي، كۆرگەنلا نەرسىنى ئالىدىغان گوي بۇ، — دېدى ئەنۋەر.

— سەن كۆزەتچى بولغاندىن كېيىن ئالالمايسەندە! — دېدى سادىق كۇلۇپ تۇرۇپ.

قۇندۇز قاقاقلاپ كۇلۇپ كەتتى.

— ھە، ماۋۇ گەپ كەلدى، — دېدى قۇندۇز كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ.

— ئۇستەلدىكى نەرسىلەردىنمۇ ئالغاچ ئولتۇرايلى ئەمدى، — دېدى ئەنۋەر قىزلارنى تەكلىپ قىلىپ.

— توغرا، ئەمدى ئازراق بىرنېمە قىلغاچ ئولتۇرايلى ، بىز ئاق ھاراق ئىچەيلى ئاداش، قىزلار قىزىل ھاراق ئىچسۇن، ئەمىسە قۇندۇز، خاپا بولمايسىز، سىزنى ئىشقا بۇيرۇپ قويىدىغان بولدۇم، يەنە بىر رومكا، ئىستاكان ئەكەلسىڭىز، ھاراقنى جۇپلەپ ماڭدۇرايلى.

— هاراقنى ئۆزۈم قۇيسام بولارمىكىن ئاداش، — دېدى ئەنۋەر ئۇنىڭ كۆزلىرىگە گۇمانلىق قاراپ.

— مەنمۇ چوڭ بولۇپ قالدىم ئاداش، بىرەر قېتىم ساقلىق قىلىپ باقاي، — دېدى سادىق.

قۇندۇز يەنە بىر رومكا بىلەن ئىستاكاننى سادىقنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى. سادىق ئىككى رومكىغا ئاق هاراق، ئىككى ئىستاكانغا قىزىل هاراق قۇيدى.

— قېنى، ئەمىسە ئۆزۈڭ بىرنېمە دەمسەن ئاداش، — دېدى سادىق ئەنۋەرگە قاراپ.

— بۈگۈن باشقا گەپ يوق ، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى دەپ كەلگەنىدۇق، ئەمىسە دوستلۇقىمىز ئۈچۈن ئىچەيلى، — دېدى ئەنۋەر. ئۇ قولىدىكى هاراقنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. قۇندۇز بىلەن سادىقمۇ ئىچىۋەتتى. گۈللالە ئىستاكاندىكى هاراقنى بىر ئوتلاپ قويۇپ، ئۈستەلگە قويۇپ قويدى.

— قېنى ، ئىچىۋېتىڭ لالە قىز، — دېدى سادىق ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ.

— مەن بۇنداق جىق هاراقنى ئىچەلمەيمەن! — دېدى گۈللالە.

— ئەمىسە يېرىمىنى ئىچىڭ! — دېدى قۇندۇز.

گۈللالە ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ، كۆزىنى يۇمۇپ تۇرۇپ هاراقنىڭ يېرىمىنى ئىچىۋەتتى.

— قېنى ، لالە قىز، ماۋۇ تونۇر كاۋىپىدىن ئېلىڭ، — دېدى سادىق ئۇنى كاۋاپقا تەكلىپ قىلىپ، ئاندىن ئۇ قۇندۇزنىڭ ئىستاكانىغا هاراق قۇيۇپ قويدى. ئاندىن ئەنۋەر بىلەن ئۆزىنىڭ رومكىسىغا ئاق هاراق قۇيدى.

ئەنۋەر كۆزلىرىنى ئوينىتىپ قۇندۇزنىڭ قولىقىغا بىر نېمىلەرنى دەۋاتاتتى، ئەنۋەرنىڭ هەربىر ئېغىز گېپىنى ئاڭلىغاندا، قۇندۇزنىڭ چىرايى ئارتىسلارنىڭ چىرايىدەك ئۆزگىرىپ تۇردى. گۈللالە قولىدىكى ئاپئاق قولياغلىقى بىلەن كۆزىنى ئېرتىۋاتاتتى،

سادىق ئۆننىڭ مۆشۈ ھەرىكىتىدىن پايدىلىنىپ، ئالدىدىكى بىر رومكا ھاراقنى گۈللالىنىڭ ئىستاكانىغا قۇيۇۋەتتى، ئاندىن چاندۇرماي رومكىسىغا ھاراق قۇيۇۋالدى.

ئەنۋەر قولاق ئويۇننى تۈگەتكەندىن كېيىن، سادىق رومكىنى قولىغا ئالدى.

— ھۆرمەتلىك دوستلار، مەن ساقى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ئىككى ئېغىز گەپ قىلماقچى . . . .

— ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن قورقماي تۆت - بەش ئېغىز گەپ قىلمامسەن، ئىككى ئېغىز گەپ قىلماقچى دېگىنىڭ نېمىسى ئۇ، — دېدى ئەنۋەر سادىقنىڭ گېپىگە چاڭ سېلىپ.

— قۇلاققا گەپ قىلمىغاندىن كېيىن ئازراق سۆزلەيمىزدە ئەمدى!

قۇندۇز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى:

— پەيزىڭىز بار سادىق ، گەپ قىلىۋېرىڭ، — دېدى قۇندۇز ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ.

— بۈگۈن بەك خۇرسەنمەن، چۈنكى مەن ئىككى پەرى بىلەن تونۇشتۇم، بۇ مېنىڭ ھاياتىمدىكى ئەڭ چوڭ ئىش، مانا مەن ئەڭ بەختلىك. . . .

— ئىككى پەرى بىلەن دەيسەنغۇ گۇي، بىرى بىلەن دېمەمسەن! نېمانداق قارنىڭ يامان نەرسە سېنىڭ، — دېدى ئەنۋەر چاقچاق قىلىپ.

— يۈرىكىمدىكى گەپلەرنى دەۋاتىمەنغۇ ئاداش . . . .

— سەندە يۈرەك نېمىش قىلسۇن، كىم بىر چىشلەم نان بەرسە شۇنىڭغا خۇشامەت قىلىپ، بۈگۈن ھاياتىمدىكى ئەڭ بەختلىك كۈنۈم بولدى دەپ خەقلەرنى ساز قىلىپ قازان قاينىتىدىغان بىر نېمە تۇرساڭ! — دېدى ئەنۋەر.

— ماۋۇ گېپىڭ جايىدا بولدى ئاداش، مېنىڭ يۈرىكىم سەندە ئەمەسمۇ! — دېدى سادىق.

— ئەنۋەر، سادىق گېپىنى قىلىۋالسۇن، — دېدى قۇندۇز.
— بۇ گۇي مېنى كۇنلەپ كېتىۋاتىدۇ. . . .
يەنە كۇلكە كۆتۈرۈلدى. گۇللالىنىڭ چىرايى قىزىرىپ كەتكەنىدى، ئۇ كۇلسە تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى.
— دېمەكچى بولغۇنۇم، بۇگۇن مەن بۇ ئىككى پەرى بىلەن بىر رومكا هاراق ئىچمەكچى، قېنى تونۇشۇپ قالدۇق، شەخسەن مەن ئۆزۈم يامان ئادەم ئەمەس، ئىچىۋېتەيلى! — دېدى سادىق قولىدىكى رومكىنى قىزلارنىڭ ئىستاكانىغا سوقۇشتۇرۇپ تۇرۇپ.
— خوش ئەمىسە، ئىچىۋەتتۇق، — دېدى قۇندۇز سادىقنىڭ تەكلىپىگە ئاۋاز قوشۇپ.
گۇللالە ئىستاكاندىكى هاراقنى ئىچىۋەتتى، ئۇ ئىستاكاننى قولىدا چىڭ تۇتۇپ بىئارام بولۇپ كۆزلىرىنى ئاچالماي قالدى. . . .
— مەن يالغۇز قالدىمغۇ، — دېدى ئەنۋەر قىزىقچىلىق قىلىپ.
— ئۆزۈڭ گەپ قىلماي ئولتۇرساڭ، — دېدى سادىق.
— گەپ سەندىن ئاشمايۋاتسا. . . .
— ئۆي ئىگىسى بولغاندىن كېيىن ئاشۇنداق بولىدۇ ـ دە، ئاداش ئەمدى، — دېدى سادىق .
— مۇنداق قارا نىيەت ئەمەسمۇ بۇ، قورسىقى تويغاندىن كېيىنلا يۈزسىزلىك قىلىدۇ. . . .
— هازىر دېگەن تالا مۇشۇكى ئۆي مۇشۇكىنى قوغلايدىغان جاهان تۇرسا ئاداش، — دېدى سادىق.
گۇللالە هېلىقى بىر رومكا هاراق تەسىر قىلدى بولغاي، كۇلۇپ ئېچىلىپ كەتتى. كۆزلىرىمۇ خۇمارلىششقا باشلىدى.
— سىزگە هاراق ياقىدىغان ئوخشايدۇ، يۈز- كۆزلىرىڭىز قىزىرىپ بەك چىرايلىق بولۇپ كەتتىڭىز خانقىز، — دېدى سادىق گۇللالىگە يېقىن ئولتۇرۇپ.

— مەن هاراق ئىچەلمەيمەن، — دېدى گۇللالە.

ئەنۋەر سادىقنىڭ گۇللالىگە پىچىرلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۇمۇ قۇندۇزغا چاپلىشىپ سۆزلەپ چۇشۇپ كەتتى. . . .

ئۇلار مېھمانلارنى يېرىم كېچە بولغاندا يولغا سېلىپ قويدى. گۇللالە بەك هېرىپ كەتكەنىدى، ئۇ ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى ئاتتى، بىراق ئۇخلىيالمىدى، هاراق ئۇنى بەك خۇشخۇي قىلىۋەتكەنىدى، ئۇ ئۆيگە سىنچىلاپ قاراپ كەتتى، چىرايلىق بېزەلگەن بۇ ئۆي ئۇنىڭ كۆڭلىگە بەكمۇ ياققانىدى، ئۇ سومكىسىدىن كىچىك ئەينىكىنى چىقىرىپ قارىدى. هاراق ئۇنىڭ چىرايىنى تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ قۇندۇزدىن رازى بولۇپ قالدى، ئۇنىڭ هەقىقىي بىر ياخشى قىز ئىكەنلىكىگە ئىشەندى، ئەڭ مۇهىمى قۇندۇزنىڭ مىجەزى ئۇنىڭغا بەك ياقتى، ئۇ مۇشۇنداق كەيپىيات ئىچىدە ئۆزىنىڭ كەلگۈسى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئۇخلاپ قالدى. كىچىك ئەينىكى قولىدا ئىدى، ئەمەلىيەتتە بۇ كىچىك ئەينەك ئۇنىڭ مەنۋىيىتىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان ئەڭگۈشتەرىگە ئايلىنىپ قالغانىدى. . . .

## 10

قۇندۇز گۇللالىنى ئۆز ۋاقتىدا ئۆزى ئىشلىگەن ”جەننەت تانسىخانىسى“غا ئاپىرىپ تونۇشتۇردى. خوجايىن ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى، ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى بىر قۇر چۈشەندۈرۈپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، گۇللالە تانسىخانىدا ئىشلەپ كەتتى. ئۇ قۇندۇزنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن، تانسىخانىدا ئىسمىنى گۇلمىرەگە ئۆزگەرتىۋالدى. بىر كۈنى هەسەنجان ئۇنى تانسىخانىغا ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى. ئۇلار بۇرۇن تونۇشاتتى، گۇللالە چاچ ياساش مەركىزىدە ئىشلىگەندە، هەسەنجان

پات - پات كېلىپ ئۇنىڭغا بىلىنى تۇتقۇزاتتى.

— خوش، مۇنۇ نەرسىلەردىن ئالغاچ ئولتۇرۇڭ لالە، مەن بىلىمەن، سىز ئۇرۇك قېقىغا ئامراق! — دېدى ھەسەنجان.

— رەھمەت، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئېتىڭىزنى گۈلمىرەگە ئۆزگەرتىۋالغان ئوخشىمامسىز؟

— ياق، مېنىڭ ئەسلى ئىسمىم گۈلمىرە ئىدى.

— ھە، مۇنداق دەڭ، بۇ پىۋىنى ئىچكەچ ئولتۇرايلى، —دېدى ھەسەنجان پىۋا ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ.

گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ ئىستاكاننى قولىغا ئالدى، ھەسەنجان ئىستاكاننى ئۇنىڭ ئىستاكانىغا سوقۇشتۇردى. ئۇلار پىۋىنى ئىچىۋەتتى.

— لالە، مەن سىز بىلەن ياخشىراق بىر پاراڭلىشاي دېگەن ئىدىم، لېكىن پۇرسەت بولمىدى، بۈگۈن مەن سىز بىلەن تانسا ئوينىماقچى ئەمەسمەن، بىز ياخشى بىر پاراڭلىشىۋالايلى، مەن سىزگە كۆڭلۈمنى ئاز- تولا ئىزھار قىلدىم. لېكىن سىز مېنى ھەقىقىي چۈشەنمىدىڭىز، مەن يامان ئادەمنىڭ بالىسى ئەمەس، ئۆزۈممۇ يامان ئادەم ئەمەس، مېنىڭ بازاردا بىر دۇكىنىم بار، مەن شۇ دۇكىنىمغا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىمەن، دۇكاننىڭ قېشىغا قوشۇمچە كاۋاپ چىقىرىپ قويىمەن، سودام يامان ئەمەس، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ئايالىم ماشىنا ۋەقەسىدە قازا قىلدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىر بالام بىلەن قالدىم، بالامنى قېيناتام ئەكەتتى، قارىسام بالا مەن بىلەن تۇرسا قىينىلىپ قالىدىغاندەك تۇرىدۇ، مەيلى دېدىم، دۇكىنىمنىڭ قېشىدىكى دۇكاندا ئۆپكە - ھېسىپ چىقىرىدىغان بىر چوكان بار ئىدى، بىر كۈنى ئۇ مېنى دۇكىنىغا چاقىردى، كىرسەم ئالدىمغا تاماق ئەكەلدى، تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ماڭا ”ئۆيلىنىۋالسىڭىز بولمامدۇ، بويتاق يۈرسىڭىز قانداق بولىدۇ، تۇرمۇشتا قىينىلىپ قالىسىز“ دېدى . مەن ئۇنىڭغا مەن ھازىر بۇ ئىش ئۈستىدە ئويلاشمايمەن دېدىم. ئۇ ئايال مەن

” سىزگە بىر قىز تونۇشتۇرۇپ قويااي، ئۆزى H شەھىرىدىن، بۇ يەرگە چىققىلى تېخى ئىككى ئاي بولدى“ دېدى. بۇ گەپ مېنى قىزىقتۇرۇپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇ قىز بىلەن كۆرۈشتۈم، ئۆزى چاققان قىز ئىكەن، قولىدىن ئىش كېلىدىكەن، بىز توي قىلدۇق. ئۇ ماڭا ياخشى ماسلاشتى، بەزى كۈنلىرى مەن كاۋاپ بىلەن بولۇپ كەتسەم، ئۇ دۇكاننىڭ ھۆددىسىدىن چىقاتتى، لېكىن يېرىم يىلدىن كېيىن ئۇ چوكان قېچىپ كەتتى، ساندۇقتىكى پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ قېچىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن تا بۈگۈنگىچە بويتاق يۈرۈۋاتىمەن، ئىش قىلىپ ئوقىتىم ياخشى، كۈن ھالىم يامان ئەمەس، قېنى ئەمىسە لالە، قولىڭىزغا ئىستاكاننى ئېلىڭ، ئازراق ئىچىپ قويايلى، — دېدى ھەسەنجان.

گۈللالە قولىغا ئىستاكاننى ئالدى.

— ئەلۋەتتە، قىزلارنىڭ ئەھۋالىنى سوراشنىڭ ئۆزى سەت، شۇنداق بولسىمۇ سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى بەك بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، مەن ھەرگىز يامان ئادەم ئەمەس، ماڭىمۇ ئازراق گەپ قىلىپ بەرگەن بولسىڭىز، — دېدى ھەسەنجان.

گۈللالە ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ئويلىنىپ قالدى. ئۇ چاندۇرماي كۈلۈپ ئولتۇرغىنى بىلەن، ئىچىدە بۇ ئاداشقا نېمىلەرنى دەپ يولغا سېلىشىم كېرەك دەپ ئويلاۋاتاتتى.

— سىزنىڭ يۇرتىڭىز قايەر؟ — دېدى ھەسەنجان گۈللالىگە تىكىلىپ قاراپ.

— ئۇنى سورىماڭ ھەسەنجان، ئىشقىلىپ، مەن ئۇيغۇر. سىز مۇشۇنى بىلىپ قالسىڭىز بولدى.

— مەن ئەلۋەتتە سىزنىڭ ئۇيغۇرلىقىڭىزنى بىلىمەنغۇ!

— ئەمىسە بىلگەن ئىشنى سورىماڭ، مەن ئانامدىن كىچىك قالغان ، دادام يەنە بىر ئايال بىلەن توي قىلدى. كۈنلەر ئۆتۈۋەردى، كېيىن دادام ئۆلۈپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۆگەي ئانام ئەرگە تېگىۋالدى، ئاندىن مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. مەن ئۇ

يەردە، بۇ يەردە سوقۇلۇپ يۈردۈم، كۆرمىگەننى كۆردۈم. كېيىن بۇ شەھەرگە كېلىپ بىرسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن بىر چاچ ياساش ئورنىدا ئىشلىدىم، ئاندىن مۇشۇ تانسىخانىغا كەلدىم، بىر قىز ئۈچۈن جان باقماق بەك تەس ئىكەن ھەسەنجان، ھازىر ئەھۋالىم ياخشى، خۇدايىم بۇيرۇسا كۈنۈم يامان ئەمەس، — دېدى گۈللالە.

— ھە، مۇنداق دەڭ. . . . بەك جىق جاپا تارتقان قىز ئىكەنسىز، — دېدى ھەسەنجان گۈللالىگە ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ.

— مۇشۇ كۈنلەردە بىزدەك ئاجىز ئادەملەرنىڭ كۈنى تەس بولۇپ قالدى ھەسەنجان، — دېدى گۈللالە ھەسەنجاننىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ھەسەنجاننىڭ قورسىقىدىكىنى بىلگۈسى بار ئىدى.

— شۇنداق لالە، شۇنداق بولسىمۇ يەنە ياشاش كېرەك، ئىككىلىمىز دەردمەنلەردىن ئىكەنمىز، چوڭلار، كەچ قويغان خۇدايىم ئاچ قويماس دەپتىكەن، بىز كېچىكسەكمۇ بەختىمىزنى تاپالايمىز، مەن مۇنداق بىر ئويغا كېلىۋاتىمەن، مەن دەپ باقاي، سىز خاپا بولماڭ، سىز بۇ تانسىخانىدا بىر ئۆمۈر ياشىيالمايسىز، ئەگەر توغرا تاپسىڭىز، مېنى چوڭكەنسىز دېمىسىڭىز، ئىككىمىز توي قىلايلى، مەن سىزنى ئالقىنىمدا باقىمەن، ماڭا ئۆزىڭىزگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىڭ. . . .

گۈللالە كۈلۈپ كەتتى.

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت ھەسەنجان، مەندىن خاپا بولماڭ، بىراق مەن ھازىر توي قىلمايمەن، مەن ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى ياخشى بىلىمەن، مۇشۇ كۈنلەردە مەن مۇشۇنداق ياشاشنى توغرا تېپىپ قالدىم، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلمىسىڭىز. . . .

گۈللالە يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— سىز يەنىلا مېنى چۈشەنمەيۋاتىسىز گۈللالە . . . .

— ئۇنداق ئەمەس ھەسەنجان، سىز ياخشى ئادەم، مەن سىزنى چۈشىنىمەن، مەن پەقەت سىز بىلەن مېنى ئويىنىتىۋاتقان مۇشۇ جاھاننى چۈشەنمەيمەن، دېسەم گەپ تولا، ئەڭ ياخشىسى بىز بۇ توغرىدا بىرنېمە دېيىشمەيلى، مەن سىزگە ئېنىق جاۋاب بەردىم، مېنىڭ مىجەزىمنى سىز تېخى تولۇق بىلمەيسىز، كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ قالسا ۋارقىراپ يىغلاپ كېتىدىغان ئادىتىم بار، ئۇ ۋاقىتتا ئىككىلىمىز سەتلىشىپ قالىمىز، شۇڭا سىز ئەمدى بۇ گەپنى ئېغىزىڭىزغا ئالماڭ! — دېدى گۈللالە.

ھەسەنجان ئۇنىڭغا قاراپلا قالدى. ئۇ سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى. لېكىن يەنىلا ئىچىدە بۇ قىز مېنى چۈشەنمەيۋاتىدۇ، دېدى. ئەمدى ئولتۇرۇۋېرىشىنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ گۈللالە بىلەن خوشلاشتى.

— خوش ئەمىسە، خاپا بولمايسىز، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق دېمەڭ، مەن نېمە ئۈچۈن سىزدىن خاپا بولمايمەنكەن، خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە سىزنى يوقلاپ كېلىمەن، — دېدى ھەسەنجان.

بۈگۈن گۈللالە يېرىم كېچىدە بىكار بولدى. ئۇ ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى. ئۆيدە قۇندۇز يوق ئىدى، ئۇ ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى، ھەسەنجاننىڭ تانسىخانىدا دېگەن سۆزلىرى ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى، ئۇ سومكىسىدىن كىچىك ئەينەكنى ئېلىپ، يۈزىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىگە تۇتتى، ئەينەك گەپ قىلماي پارقىراپ تۇرغىنى بىلەن، ئەينەكنىڭ ئىچىدىكى بىر جۈپ قارا كۆز ئۇنىڭ ھەممە تارىخىنى سۆزلەپ تۇراتتى، ئۇ ئاشۇ توي كۈنىنى ئەسلىدى، تويدىن كېيىنكى پاجىئەلىك كۈنلىرىنىمۇ ئەسلەپ ئۆتتى، ئۇ مۇشۇنداق ھېس - تۇيغۇ ئىچىدە ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ كەتتى:

— شۇنداق ، مېنىڭ بۇ ئەينىكىم پەقەت مېنىلا رازى قىلالايدۇ، پەقەت مېنىڭ خۇشاللىقىم بىلەن مېنىڭ قايغۇ -

ھەسرىتىمنىلا كۆرەلەيدۇ، لېكىن ئۇ مېنىڭ كەلگۈسى ھاياتىم توغرىسىدا ھېچ نەرسە دەپ بېرەلمەيدۇ، ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسى ھاياتىمنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدىغان بىر سىرلىق ئەينەككە ئىگە بولالىسام نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە! ئاھ خۇدا، ماڭا ئاشۇنداق بىر سىرلىق ئەينەك ئاتا قىلارسەنمۇ!؟

قۇندۇز ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى. گۈللالە ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقتى، قۇندۇز مەست بولۇپ قالغانىدى. گۈللالە ئۇنى يۆلىدى.

— ماشىنىنىڭ، ماشىنىنىڭ ئاچقۇچى، ئاچقۇچى، ماشىنىدا قالدى ئاداش، چىقىپ ئەكىرىۋال، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قولۇڭدا ماشىنا بولغاندىن كېيىن ئازراق ئىچسەڭ بولمامدۇ ئاداش، — دېدى گۈللالە ئۇنىڭ ئايىغىنى سالدۇرۇۋېتىپ.

— ئاشۇ گۈيلار ئاز ئىچكەنگە ئۇنامدۇ، ئىسىڭدە بولسۇن ئاداش، ئەر دېگەن يىلانغا ئوخشاش نەرسە، چاقىمەنلا دەپ تۇرىدۇ. . . .

گۈللالە قۇندۇزنى ياتقۇزۇپ قويۇپ ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ئالغىلى چىقىپ كەتتى.

## 11

قۇندۇز ئەتىسى ئورنىدىن تۇرالمىدى، گۈللالە باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ ئاداش، — دېدى قۇندۇز كۆزىنى ئاستا ئېچىپ.

— ئاچچىق قىلىپ مەنپەر ئېتىپ بېرەيما؟ — دېدى گۈللالە

ئۇنىڭ پېشانىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— شۇنداق قىلە ئاداش بولسا، بازاردىن يېڭى گۆش ئەكىرسەڭ ياخشىراق بولارمىكىن.

— ماقۇل ئاداش.

— تېلېفون كەلسە ئالما، سەنمۇ چاقىرغۇڭنىڭ مېيىنى ئېلىۋەت، قولفونۇڭنى ئېتىۋەت، مەنمۇ شۇنداق قىلاي، بۈگۈن ئىككىمىز ئارامخۇدا بىر دەم ئالايلى، — دېدى قۇندۇز.

— ماقۇل ئاداش، ئەمىسە مەن بازارغا چىقىپ كىرەي.

— ساڭا ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىتىپ قويمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ ئاداش، — دېدى قۇندۇز.

— نېمە دەيدىغانسەن ئاداش، مەن قانداق ئۆگىنەلەيمەن.

— مەن ئۆگىنەلىگەندىن كېيىن سەنمۇ ئۆگىنەلەيسەن ئاداش. . . .

گۈللالە سومكىنى ئېلىپ بازارغا چىقىپ كەتتى. قۇندۇز يەنە ئۇيقۇغا كەتتى.

قۇندۇز B شەھىرىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان قىز ئىدى، ئۇنىڭ دادىسى سالى كۆنلۈكىنى كۆندە تېپىپ يەيدىغان ئاددىي بىر ئەمگەكچى ئىدى. سالى مۇشۇ شەھەرنىڭ قىزىلكۆۋرۈك دېگەن يېرىدە كۆنلۈك ئىشلەيتتى. كىشىلەر ئۇلار تۇرغان يەرنى ئىشلەمچىلەر بازىرى دەپ ئاتايتتى. ئۇنىڭ ئىككى قىزى بار ئىدى، چوڭ قىزى قۇندۇز بولۇپ، كىچىك قىزىنىڭ ئىسمى يۇلتۇز ئىدى. بىر كۈنى سالى ماشىنىدىن يۇك چۈشۈرۈۋېتىپ، يۇكنىڭ ئاستىدا قېلىپ پۇتى سۇنۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئاغرىپ ئۆيدە ئۇزاق يېتىپ كەتتى. ئۆيدە ئۇنى داۋالىتىشقا پۇل يوق ئىدى. ئاخىرقى ھېسابتا، ئۇ ياخشى بولالماي ئالەمدىن ئۆتتى. شۇنىڭدىنمۇ كەلگۈلۈك قۇندۇزنىڭ ئاپىسى نۇرنىساغا كەلگەنىدى. ئۇلار دەسلەپكى يىللاردا ئۆيدىكى پۇل بولغۇدەك نەرسىلەرنى سېتىپ يۈرۈپ جان بېقىپ كەلدى. كېيىن نۇرنىسا باشقا ئەرگە ياتلىق بولۇشقا مەجبۇر بولدى.

چۈنكى ئۇ ئىككى بالىسىنى باقالماي قالغانىدى، قۇندۇز دادىسى هايات ۋاقتىدا باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرگەنىدى، دادىسى قازا قىلغاندىن كېيىن ، مەكتەپتىن قالغانىدى. قۇندۇز ئەقلىگە كەلگەندىن كېيىن ، ئاپىسى قىزىم چوڭ بولۇپ مېنىڭ كۆڭلۈمنى كۆرۈپ قالمىسۇن، ئەرنىڭ قولىغا قاراپ قالمىسۇن دەپ ئۇنى ئىشخانىغا ، يەنى سەيپۇڭلۇققا شاگىرتلىققا بەرگەنىدى. قۇندۇز ئۇستىسى ئۇبۇلقاسىم دېگەن ئادەمنىڭ قولىدا ئىككى يىل ھۈنەر ئۆگەنگەن بولدى، ئۇنىڭ قولى خېلى ئىشقا كېلىپ قالغانىدى، لېكىن ئىشلار ئۇنىڭ ئاپىسى ئويلىغاندەك بولمىدى، ئىشخانىدا، يەنە ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، قىزلار ئىچىدە ئۇبۇلقاسىم بىلەن قۇندۇزنىڭ ئوتتۇرىسىدا گەپ چىقىپ كەتكەنىدى. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇ گەپلەر يېڭى - يېڭى تەپسىلاتلىرى بىلەن مەھەللىلەرگە تارقالدى، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان ئىشلارنى ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان قىزلار ئۇنى ئاشكارا تىللايدىغان بولۇۋالدى، قىزلارنىڭ بىرسى، ئاداش، مۇشۇ كۆنلەردە ئىشخانىغا ئىش كەلمەيدىغان بولۇپ كەتتىغۇ، دېسە، يەنە بىرسى دەرھال ماسلىشىپ، قانداق ئىش كېلەتتى ئاداش، دۇكاننىڭ ئىگىسى دۇكاننىڭ ئىچىدە بۇزۇقچىلىق قىلىپ يۈرسە دەپ قۇندۇزغا زەربە بېرەتتى. ئاخىرقى ھېسابتا قۇندۇز ئىشخانىدا تۇرالمىدى، ئۇ ئۆيىگە قايتتى. شۇ ئايلاردا ئۇ مەھەللىدىن A شەھىرىگە بېرىپ بالا بېقىۋاتقان ئىككى قىزغا ئارىلىشىپ قالدى، ئاخىر قىزلار ئۇنى A شەھىرىگە قىزىقتۇرۇپ، ئېلىپ كەتتى. ئۇ ئاپىسىغا ئاشۇ شەھەردە ئىشلىگەچ داۋاملىق سەيپۇڭلۇقنى ئۆگىنىمەن دەپ يولغا چىققانىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ A شەھىرىگە كەلگەندە، ھېلىقى قىزلار ئۇنى ھازىر گۈللالە ئىشلەۋاتقان ”جەننەت تانسىخانىسى“غا تونۇشتۇرغانىدى. قۇندۇز تانسىخانىدا بىر شوپۇر بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى، ئۇ شوپۇر بىر شىركەتنىڭ كىچىك ماشىنىسىنى

ھەيدەيتتى. بەزىدە ئۇ تانسىخانىغا كېلىپ قۇندۇزنى ئېلىپ كېتەتتى، بەزىدە ئۇنىڭ قولفونىغا تېلېفون بېرىپ ئۇنى چاقىرتاتتى. مۇشۇنداق ۋاقىتتا قۇندۇز ئۇنىڭغا ماڭا ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىتىپ قويۇڭ دەپ تۇرۇۋالاتتى. ئۇ شوپۇر ئۈچ ئاي ئىچىدە ئۇنىڭغا ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىتىپ بولدى، ئاندىن ئۇنىڭغا بىر ماشىنا ھەيدەش كىنىشكىسى ھەل قىلىپ بەردى. قۇندۇز ماشىنا ھەيدەش كىنىشكىسىنى قولىغا ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، "شيالى" ماركىلىق بىر ماشىنا ئېلىپ، ئۆزى ھەيدەپ يۈردى. دېمەك، مۇشۇ يىللار ئىچىدە قۇندۇز بىر قېتىممۇ يۈرتىغا بارمىغانىدى.

گۈللالە بازاردىن قايتىپ كېلىپ مەنپەرگە تۇتۇش قىلدى. ئۇ تاماقنى ئېتىپ تەييار قىلىپ، قۇندۇزنىڭ قېشىغا كىردى.

— ئورنۇڭدىن تۇرۇپ يۈز - كۆزلىرىڭنى يۇ ئاداش، تاماقنى تەييار قىلدىم، ئىسسىق ۋاقتىدا ئىچىۋال، ئاندىن ئورنۇڭغا كىرىپ يات، بىر تەرلىۋالساڭ ساقىيىپ كېتىسەن، — دېدى گۈللالە.

— ماقۇل ئاداش، بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، ئۇ گۈيلار ئاخشام چوقۇم قىزىل هاراقتا ئاق هاراق ئارىلاشتۇرۇۋەتتى، بولمىسا مەن بىرەر بوتۇلكا قىزىل هاراق ئىچكىنىمگە بۇنداق بولۇپ كەتمەيتتىم، — دېدى قۇندۇز.

قۇندۇز باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. گۈللالە تاماقنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويدى. ئۇ هۇزۇرلىنىپ تاماق يېيىشكە باشلىدى. گۈللالە لۆڭگىنى هۆل قىلىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى:

— پېشانەڭنى ئېرتىۋال ئاداش.

قۇندۇز پېشانىسىنى ئېرتىۋاتقاندا تېلېفون جىرىڭلىدى.

— ئالما ئاداش، بۈگۈن بىر كۈن دەم ئالايلى، سەنمۇ تانسىخانىغا بارما، خوجايىنىغا تېلېفون قىلىۋەت، ئاغرىپ قالدىم دە، بىزمۇ ئادەم، جېنىمىزنى ئاسرىمىساق بولمايدۇ، — دېدى قۇندۇز.

# 12

دۈشەنبە كۈنى ئىدى، گۈللالە چۈشتىلا تانسىخانىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ خېلى ئۇزاققىچە تانسىخانىدىكى قىزلار بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇردى. ئۇلار يېقىندىن بېرى تانسىخانىدا يۈز بەرگەن ئىشلار ئۈستىدە مۇنازىرە قىلدى. ئۇلار ھەر كۈنى كۈننى مۇشۇنداق پاراڭلار بىلەن كەچ قىلاتتى. كەچ بولغاندا تانسىخانىغا كەلگەن ئەرلەر قىزلارنى بىردىن، ئىككىدىن باشلاپ چوڭ زالغا كىرىپ كېتەتتى.

بۈگۈن گۈللالىنى چاقىرىدىغان ئادەم چىقمىدى، ئۇ قىزلارنىڭ ياتىقىغا كىرىپ بىردەم يېتىۋالاي دەپ تۇراتتى، بىر يىگىت كېلىپ ئۇنى چاقىردى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ يىگىتكە قارىدى. شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ يۈرىكى ”جىغ“غىدە قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىدىكى بۇ يىگىت ئابدۇۋەلىگە قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايتتى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ كۆزلىرى ئابدۇۋەلىنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئۆزى ئىدى. ئۇ يىگىتكە ئەگىشىپ چوڭ زالغا چىقىپ تانسا ئوينىدى، ئۇلار ئىككى مەيدان تانسا ئويناپ بولغاندىن كېيىن ، يىگىت بىر ئايرىم خانا ئېلىپ، ئۇنى باشلىدى.

— بۈگۈن ئىككىمىز كۆڭۈلدىكىدەك بىر تاماشا قىلايلى ياخشى قىز، مېنىڭ ئىسمىم غالىب، سىزنىڭ ئىسمىڭىز نېمىكىن؟ — دېدى غالىب كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ گەپ - سۆزلىرى، تۇرۇشلىرى ئادەمنى جەلپ قىلىپ تۇراتتى.

— توۋا، — دېدى گۈللالە ئىچىدە، — ئۇنىڭ ئاۋازىمۇ ئابدۇۋەلىنىڭ ئۆزىغۇ!

— ئىسمىم گۈلمىرە، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— نېمىدېگەن چىرايلىق ئىسىم، ئۆزىڭىزنىڭ چىرايىغا

ئوخشاش چىرايلىق ئىسىم ئىكەن، خوش، گۈلمىرە، نېمە ئىچىسىز مۇلازىمەتچى قىزنى چاقىرىپ ئۆزىڭىز بۇيرۇۋېرىڭ، مەن بىر بوتۇلكا پىۋا ئىچسەم بولدى، — دېدى غالىب كۈلۈپ تۇرۇپ.

غالىبنىڭ گەپ - سۆزلىرى گۈللالىگە يېقىپ قالدى، ئۇ مەيلى ئىلگىرى ئۆزى ئىشلىگەن چاچ ياساش مەركىزىدە بولسۇن ياكى هازىرقى تانسىخانىدا بولسۇن، غالىبتەك بۇنداق تۇزۇك بالىنى يولۇقتۇرمىغانىدى، ئۇ مۇلازىمەتچى قىزنى چاقىرىپ ئۇنىڭغا پىۋا، گازىر - پۇرچاق، قاق - كەمپۈت دېگەندەك نەرسىلەرنى بۇيرۇتتى.

مۇلازىمەتچى قىز ئۇلار بۇيرۇتقان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەكىرىپ بېرىپ چىقىپ كەتتى. غالىب ئىككى ئىستاكانغا پىۋا قويۇپ، ھۆرمەت بىلەن گۈللالىنى پىۋىگە تەكلىپ قىلدى.

— قېنى ئاپئاق قىز، ئەمىسە خۇشال - خۇرام كۆڭۈل ئېچىشىمىز ئۈچۈن ئىچتۇق، گۈللالە بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى. ئۇ قولىدىكى پىۋىنى كۆتۈرۈپ بىراقلا ئىچىۋەتتى.

— خاپا بولمايسىز ئاپئاق قىز، سوراپ باقسىڭىز، بۇلاردا ئۇيغۇرچە كارائوك لېنتىسى بارمىكىن، مەن سىزگە بىر ناخشا ئېيتىپ بېرەي، مەن ئۆزۈمنى ماختاپ قوياي، مەن ھەر ھالدا ناخشىنى ياخشى ئېيتىمەن، مەن ناخشا ئېيتسام هاردۇقۇم چىقىپ قالىدۇ، — دېدى غالىب كۈلۈپ تۇرۇپ.

”توۋا، ھەممە قىلىقلىرى ئابدۇۋەلىنىڭ ئۆزى“ دېدى گۈللالە ئىچىدە ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ، ئۇ مۇلازىمەتچى قىزنى چاقىرىپ، ئۇيغۇرچە مۇزىكا قويۇپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى.

— ئەمىسە مەن ناخشىنى باشلىۋەتتىم سىزمۇ ماڭا ئەگىشىپ ئېيتىڭ، — دېدى غالىب قولىغا مىكروفوننى ئېلىپ.

ئۇ ناخشىنى باشلىدى.

يايرىم كەتتى يىراقتا،
كەلگەنلەردىن سورايمۇ.

يار كەلگۈچە تاقەت يوق،
شامىلىنى پۇرايمۇ.

ھاۋا ئايلىناي دەيدۇ،
مەنمۇ ئايلىنامەنمۇ.
دۈشمەننىڭ سۆزى بىلەن،
سېنىڭدىن ئايرىلامەنمۇ.

ئالمىنىڭ شاخى تولا،
ئېگىلىپ سۇنمايدىكەن.
يارىمنىڭ گېپى تولا،
گېپىدە تۇرمايدىكەن.
... ... ...

غالىب ھەقىقەتەن ناخشىغا ئۇستا يىگىت ئىدى، ئۇ مۇڭلىنىپ ناخشا ئېيتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ناخشىلىرى گۈللالىگە بەكمۇ تەسىر قىلدى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ ئېقىپ كەتتى. ...

— ھە، يىغلاپسىزغۇ، بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى، — دېدى غالىب ھەيران بولۇپ گۈللالىگە قاراپ.

گۈللالە دەرھال كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى.

— ھېچ ئىش بولمىدى، ئۆزۈمچە ناخشا ئاڭلاپ ئولتۇرۇپلا يىغلاپ كېتىپتىمەن، — دېدى گۈللالە.

— يىغلىماڭ ياخشى قىز، بۇ جاھاندا يىغلىغۇدەك ئىش يوق، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ كۈلۈپ ياشاش كېرەك، بىزنىڭ ھاياتىمىز ئۆزىمىزنىڭ قولىدا ئەمەس، شۇڭا ئارتۇقچە قايغۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق!

— كەچۈرىسىز، مەن سىزنىڭ پەيزىڭىزنى بۇزۇپ قويدۇم، — دېدى گۈللالە مەجبۇرى كۈلۈپ.

— ئۇنداق دېمەڭ، كىمنىڭ دەردى يوق دەيسىز، گەپ ئاشۇ دەردلەرنى كۆلكىگە ئايلاندۇرۇشتا، بۇ جاھاندا كىم بىر ئۆمۈر سۈزۈك سۇ ئىچەلىگەن، بەزىلەر سۇ بېشىدىن لاي دەيدۇ، مەن بۇ گەپكە ئىشەنمەيمەن، ھە، ھەممىمىزدە مەسىلە بار، سۇنى ئۆزىمىز بۇلغاپ قويغان، سۇ ئېقىپ كېتىدۇ، ئايلىنىپ مېنىڭ قاچامغا چىقمايدۇ دەپ ئۆزىمىزنى ئالدايمىز، ئەمەلىيەتتە ئىش بۇنداق ئەمەسكەن.

گۈللالە غالىبنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى، ئۇ ئىچىدە ئەگەر غالىب ئەركىن بولۇپ قالغان بولسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە، دېيىشتى. غالىب يەنە بىرنەچچە ناخشا ئېيتتى. ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ گۈللالە بىلەن خوشلاشتى.

— ئەمىسە سىزگە رەھمەت، مەن قايتاي، بەك كەچ بولۇپ كەتتى، كەلسەم يەنە سىزنى ئىزدەيمەن، — دېدى غالىب.

— يەنە بىردەم ئولتۇرغان بولسىڭىز، ناخشىنى بەك ياخشى ئېيتىسىزكەن، — دېدى گۈللالە.

بۇ ئۇنىڭ تۇنجى قېتىم خېرىدارنى تۇتۇپ قېلىشى ئىدى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە كۆرۈشىمىز، — دېدى غالىب.

— مەن سىزگە قولفونۇمنىڭ نومۇرىنى بېرىپ قوياي، —دېدى گۈللالە غالىبنىڭ قېشىغا كېلىپ. غالىب تېلېفون نومۇر دەپتىرىنى چىقىرىپ، گۈللالىنىڭ قولفون نومۇرىنى يېزىۋالدى.

— خوش ئەمىسە، مەن كەتتىم، — دېدى غالىب ئۆيدىن چىقىپ.

گۈللالە غالىبنى ئىشىكنىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ ئىشىكنىڭ قېشىدا غالىب كۆزىدىن غايىب بولغۇچە قاراپ تۇردى. ئاندىن قايتىپ كىرىپ، قولىغا مىكرافوننى ئېلىپ ناخشا ئېيتتى. ئۇ ناخشىسىنى ئېيتىپ بولۇپ، ئۇزاققىچە تامدىكى ئەينەككە قاراپ تۇردى. ئەينەكنىڭ ئىچىدە غالىبنىڭ خۇشخۇي ئوبرازى پارقىراشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئابدۇۋەلىگە ئوخشايدىغان كۆزلىرى

ئۇنىڭغا يەنە ھېسداشلىق قىلىپ تۇراتتى، ئارقىدىن ئەينەكتە ئابدۇۋەلىنىڭ كۆزلىرىمۇ كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ئابدۇۋەلىنىڭ كۆزلىرى غالىبىنىڭ كۆزلىرىگە ئايلىنىشىپ، گۈللالىنىڭ روھىي دۇنياسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇشقا باشلىدى. ئەينەكتە ئابدۇۋەلىنى ئەينى يىللاردا ئۇنى باشلاپ چىققان ئاشۇ تاغ كۆرۈندى، ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر ئۇنىڭ مەنىۋى دۇنياسىدا مەڭگۈ يىلتىز تارتىپ بولغانىدى، كۇندۇزى تاغدا ئۇلار قانغۇچە ئوينىغانىدى، ھەربىر تۈپ دەرەخ ئۇلار ئۈچۈن چاۋاك چالغانىدى، ھەربىر يوپۇرماق ئۇلار ئۈچۈن چاۋاك چالغانىدى، ھەربىر تال گۈل ئۇلار ئۈچۈن ناخشا ئېيتقانىدى. مۇنبەت تۇپراقتىكى ھەربىر چېچەك ئۇلار بىلەن تەڭ سۆيۈشكەنىدى. گۈللالە ئابدۇۋەلىنىڭ كۆزلىرى ئىچىدە، قاراشلىرى ئىچىدە، ھەرىكەتلىرى ئىچىدە مەست بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن مۇشۇنداق ئۇلۇغ بەخت ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك يار بولالمىدى. . . .

## 13

بۈگۈن يەكشەنبە ئىدى، قۇندۇز ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ گۈللالىنى ئويغاتتى.

— ئورنىڭدىن تۇر ئاداش، بۈگۈن ھاۋا بەك ياخشى تۇرىدۇ، سېنى بىر يەرگە ئاپىرىپ مېھمان قىلىمەن، چاقىرغۇ بىلەن قولفونىمىزنى ئۆيگە قويۇپ قويايلى، ماشىنىمۇ قالسۇن، ئىككىمىز ياخشى دەم ئېلىپ كېلەيلى، — دېدى قۇندۇز.

— ماقۇل ئاداش قەيەرگە بارىمىز؟ — دېدى گۈللالە بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— بىر يەر بار، مەن سېنى شۇ يەرگە ئاپىرىمەن، دەريانىڭ بويىدا بىر ساياھەت ئورنى بار، سەل يىراقراق، لېكىن مەنزىرىسى

بەك ياخشى، ئاشۇ يەرگە بېرىپ دەم ئېلىپ كېلەيلى، — دېدى قۇندۇز.

گۇللالە ئورنىدىن تۇرۇپ باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، چاي قايناتتى، ناشتىدىن كېيىن ئۇلار ئىككىلىسى ئەينەك ئالدىدا ئولتۇرۇپ گىرىم قىلدى، ئاندىن كىيىملىرىنى ئالماشتۇرۇپ يولغا چىقتى.

ئۇلار بىر تاكسىغا چىقتى، ئىككى سائەت يول ماڭغاندىن كېيىن، دەريا بويىدىكى ساياھەت ئورنىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار يەردىن كۆتۈرۈپ سېلىنغان كۇتۇۋېلىش ئورنىغا چىقىپ شامال يەپ ئولتۇردى. دەريا ئۇلارنىڭ كۆز ئاستىدا كۆنپېتىشقا قاراپ ئېقىۋاتاتتى، ئەتراپ ناھايىتى تىنچ ئىدى، سۇزۇك ئاسماندىكى ئاپئاق بۇلۇتلار شۇقەدەر سۇزۇك ئىدى، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى توقايلارنىڭ شاخلىرى لەرزان شامالنىڭ سۆيۈشلىرىدىن نازلانغاندەك يېنىك لىڭشىيتتى.

— بۇ بەك چىرايلىق يەركەن قۇندۇز، — دېدى گۇللالە كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىلەردىن ھۇزۇرلىنىپ.

— مەن بۇرۇن بۇ يەرگە جىق كېلەتتىم، تانسىخانىدا ئىشلىگەن ۋاقتىمدا دائىم باللار بىلەن مۇشۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇراتتۇق، — دېدى قۇندۇز.

بىر كۇتكۇچى قىز كېلىپ ئۇلارغا چاي قۇيۇپ بەردى.

— سىلەرنىڭ يەنە كېلىدىغان ئادىمىڭلار بارمۇ؟ — دەپ سورىدى كۇتكۇچى قىز.

— يوق، چەينەكنى مۇشۇ يەرگە قويۇپ قويۇڭ، بىز بىردەم ئولتۇرۇۋالايلى، — دېدى قۇندۇز.

كۇتكۇچى قىز چەينەكنى ئۇستەلنىڭ ئۇستىگە قويۇپ قويۇپ چىقىپ كەتتى.

— بىزنىڭ يۇرتنىڭ مەنزىرىلىرى بۇنىڭدىن چىرايلىق ئاداش، — دېدى گۇللالە قولىدا پىيالىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— ھە مانا، ماۋۇ گېپىڭ قاملاشتى ئاداش، ۋاھ دېگۈدەك مەنزىرىلەر ئەمەس بۇ ئاداش، قارىسام ماختاپ كەتتىڭ، بىزنىڭ يۇرتنىڭ مەنزىرىلىرىگە يېتەمدۇ، — دېدى قۇندۇز.

بۇ ساياھەت ئورنىنىڭ خوجايىنىنىڭ ئىسمى پولات بولۇپ، ئۇ قۇندۇز بىلەن ياخشى تونۇشاتتى، پولات بەكمۇ يوغان ئادەم ئىدى، ئۇ ئولتۇرسا بىر ئۇستەلنىڭ ئورنىنى ئالاتتى، ئۆزى بىر يەردە، قورسىقى يەنە بىر يەردە تۇراتتى. ئۇ قۇندۇزنى كۆرۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

— خۇش كېلىپسىلەر مېھمانلار، — دېدى پولات ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ.

گۈللالە پولاتنىڭ قورسىقىنى كۆرۈپ، كۈلۈۋەتكىلى تاس قالدى.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ پولاتكا، — دېدى قۇندۇز ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ. گۈللالىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئورنىدىن تۇردى.

— ئولتۇرۇڭلار كېپىنەكلەر، ھە، ماڭا تېلېفون بەرمەيلا چىقىپسىلەرغۇ، — دېدى پولات چىنىدەك يوغان ئاغزىنى ماكىلدىتىپ.

— ئۆزىمىز دەم ئېلىپ چىققانتۇق، — دېدى قۇندۇز.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، — دېدى پولات پاختىلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى بىلەن گۈللالىنىڭ چىرايىغا قاراپ تۇرۇپ.

— راست، — دېدى قۇندۇز پولاتقا.

— ھە، مۇنداق دەڭ، بۇ دوستىڭىزنى مەن كۆرمەپتىمەنكەن-غۇ؟ — دېدى پولات گۈللالىنى ئىما قىلىپ.

— كۆزىڭىز بىكار ئەمەس ھەقىچان، بىرنەچچە يىل بولدى، بىز بىللە، دىققەت قىلماپسىزكەندە، — دېدى قۇندۇز.

— ھە، مۇنداق دەڭ، ئۆزۈڭلار مۇنداق بىر دەم ئېلىپ كېلەيلى دەپ چىقىپسىلەكەندە، ياخشى بوپتۇ، ئويناپ تۇرۇش

كېرەك، ئادەمنىڭ ياشلىق باھارى شامالغا ئوخشايدىغان نەرسە، ئۇچۇپ كەتسە كەلمەيدۇ، شۇنداق بولسىمۇ ئىككىڭلار زېرىكىپ قالىسىلەر، قىز بالا بىلەن قىز بالىنىڭ گېپى قىزىمايدۇ، شۇڭا خۇدايىم ئەرلەرنى ياراتقان. خوش، تالادا ئولتۇرۇپ قاپسىلەر، كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئۆيلەرنىڭ بىرسىگە كىرىپ ئولتۇرۇڭلار، ھازىر بىر ئاغىنەم كېلىدۇ، تۆتىمىز پاراڭلىشىپ ئولتۇرىمىز، — دېدى پولات كالپۇكلىرىنى شالاقشىتىپ.

— ياق ئىككىمىزنىڭ مۇھىم گېپى بار، شۇڭا بىز شەھەردىن بۇ يەرگە قېچىپ چىقتۇق، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى ئىكەن، بىز مۇشۇ ئورۇندا ئولتۇرۇۋېرەيلى! — دېدى قۇندۇز.

— مېنى قېرى دەپ ياراتمىساڭلار ياش بالىلىرىمىزدىنمۇ بار، — دېدى پولات چاقچاق قىلىپ.

— ئەرزانىراق يىگىتلىرىڭىزدىن بولسا ئىككىمىزنى كەلتۈرەمسىزيا؟ — دېدى قۇندۇز چاقچاق قىلىپ.

پولات كۈلۈپ كەتتى.

— ھە مانا، ماۋۇ گېپىڭىز بولىدىكەن، بۇ ئىشلار ئەتە ـ ئۆگۈن چوقۇم سىز دېگەندەك بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، بۇرۇن يىگىتلەر قىزلارنى قوغلايدىغان، ھازىر قىزلار ئوغۇللارنى قوغلايدىغان بولۇپ.قالدى، زاماننىڭ ئاخىرى بولۇپ قالدىمىكىن دەيمەنغۇ، — دېدى پولات.

— ئۇنداق ئەمەس، زاماننىڭ ئاخىرى بولمىدى، زامان ئەمدى باشلىنىۋاتىدۇ، يىللار ئالماشقىنى بىلەن قۇياش ئالماشمىدى. گەپ يىگىتلىرىمىزدە، يىگىتلەر لەگلەك مىجەز بولۇۋالدى، شامال قاياققا چىقسا ئۆزىنى شۇ ياققا ئاتىدۇ! — دېدى گۈللالە گەپكە ئارىلىشىپ.

— مانا، ما قىزنىڭ گېپى بولىدىكەن، راست دەيسىز، ئادەملەر ھەقىقەتەن لەگلەك مىجەز بولۇپ كەتتى، — دېدى پولات كۈلۈپ تۇرۇپ.

گۈللالىنىڭ بۇ گېپى قۇندۇزغا بەك ياقتى، ئۇ بېشىنى لىڭشىتىپ گۈللالىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى.

— ئەمىسە سىلەرگە قانداق قورۇمىلاردىن كەلتۈرىمىز؟ — دېدى پولات قۇندۇزنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ! — دېدى قۇندۇز.

— يەنە شۇ بۇرۇنقى قورۇلمىلار، يېقىندا بىرنەچچە هاراقكەش كېلىپ بىز "ئايپەرى" دېگەن بىر خىل قورۇما ئىجاد قىلدۇق، شۇنى قىلىپ بېرىسىلەر دەپ تۇرۇۋالدى، ئۇ خەقنىڭ "ئايپەرى"سى نېمىكەن دېمەمسىز، ئالدى بىلەن گۆشنى، سەۋزىنى قەلەمچە قىلغاندەك توغرايمىزكەن، ئۇنى مايدا پىشۇرۇپ ئېلىۋالىمىزكەن، ئاندىن پىيازنى كۆيدۈرۈپرەك قورۇپ ئېلىۋالىمىزكەن، ئاخىردا يەنە قەلەمچى قىلىپ توغراپ تەييار قىلغان ياڭيۇنى مايدا پىشۇشۇرۇۋالىمىزكەن، ئاخىردا ئۈچىنى مايسىز قازانغا سېلىپ قورۇپ، دورا - دەرمەكلىرىنى تېتىتىپ، تۇز - تەمىنى تەڭشەپ تەخسىگە ئۇسۇمىزكەن. "ئايپەرى"سى مۇشۇ ئىمىش.

— بولىدىغان قورۇمىدەك قىلىدۇ، ھەممىدىن نوچىسى بۇ قورۇمىنىڭ ئېتى بەك چىرايلىق ئىكەن، ئەمىسە بىزگىمۇ ئاشۇ "ئايپەرى"دىن بىر تەخسە كەلتۈرمەمسىز پولاتكا، — دېدى قۇندۇز.

— سىلەرگە ئۆزۈم قورۇپ بېرىمەن، مۇشۇ يەردە بىرنەچچە خوجايىن بار، ئۇلار پۇل تاپتى، ئىچتى، ئوينىدى، ئاخىر ھەممە نەرسىدىن زېرىكتى، ئەڭ ئاخىرى "ئايپەرى" دېگەن مۇشۇنداق بىر تۈرلۈك قورۇمىنى تېپىپ چىقىپتۇ. يەنە شۇ قورساقنىڭ غېمى، — دېدى پولات.

— ئۇلار ئويناشلىرىمىز "پەرى"لەردىن بولغاندىن كېيىن، يەيدىغان قورۇمىلىرىمىزمۇ "ئايپەرى" بولسۇن دەپتۇ - دە، — دېدى قۇندۇز چاقچاق قىلىپ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇ گۇيلار ئەتە ـ ئۆگۈن يەنە "سەتەڭ" دېگەن بىر قورۇمنى تېپىپ كەلمىگىدى، — دېدى پولات چاقچاق قىلىپ.

قۇندۇز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— يارايسىز پولاتكا، بىر كەلتۈرۈۋالدىڭىز ـ دە، — دېدى قۇندۇز كۈلكىسىنى باسالماي.

— سىلەرگە يەنە قانداق قورۇملار كېرەك؟ — دېدى پولات.

— دەريا بېلىقى بارما؟

— بار، سىزلا بېلىق يەيمەن دېسىڭىز دەريادىن بولسىمۇ سۈزۈپ چىقىمىزغۇ!

— ئەمىسە ھېچ نەرسە ئاربلاشتۇرماي، مايدا پۇشۇرۇپلا بېرىڭ.

— ئىچىملىكتىنچۇ؟

— ياق، چاي ئىچسەك بولدى.

— ئۆي نومۇرۇڭلارنى دەپ بېرىدىغان قىزىل ھاراق بار، ئىككىڭلار بىر بوتۇلكا ئىچمەمسىلەر؟ — دېدى پولات كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھازىرقى گۇيلارنىڭ ئۆيىنىڭ نومۇرى يوق، بىزنىڭ لالە دېدىغۇ، ھەممىسى لەگلەك مىجەز بولۇپ كەتتى ئۇ گۇيلار، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ھە مانا، ماۋۇ گېپىڭىز بولىدۇ، — دېدى پولات.

پولات قازان بېشى تەرەپكە كەتتى.

— بۇ ئادەمنىڭ قورسىقى نېمىدېگەن يوغان قۇندۇز، نېمە يەيدىغاندۇ! — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئاشخانا ئاچقان ئادەم قورسىقىغا ئامراق بولۇپ قالىدىكەن، ھەممە نەرسىنىڭ ياخشىسىنى يەيدىغان گەپكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاراق ئىچىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قورساق سېلىپ كېتىدىغان گەپ، — دېدى قۇندۇز.

— سىلەرنىڭ ”ئايپەرى“ ڭلار چىقتى، — دېدى كۈتكۈچى قىز بىر تەخسە قورۇمىنى ئۈستەلگە قويۇپ قويۇپ.

— ھە، ”ئايپەرى“ دېگەن قورۇما مۇشۇنداق بولىدىكەندە! قۇرۇقلا قورۇيدىكىنا بۇنى، ئەمىسە يەپ باقايلى لالە، — دېدى قۇندۇز، ئۇ چۇكا بىلەن بىر تال گۆشنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى.

— تەمى ياخشى ئىكەن، — دېدى قۇندۇز.

تاماقلار كەينى - كەينىدىن چىقتى، دوخوپكىدا پىشۇرغان كەپتەر كاۋىپى بەكمۇ ئوخشىغانىدى.

— خوش ئەمىسە لالە، ئىككىمىز گەپ قىلغاچ ئولتۇرايلى، سەن تانسىخانىدا ئۇچ يىلدىن كۆپرەك ئىشلىدىڭ، يېقىندىن بېرى سەن بىلەن ياخشىراق پاراڭلىشاي دېگەنىدىم، پەقەت ۋاقتىم چىقماي كەتتى، مانا بۈگۈن ۋاقتى - سائىتى كېلىپ قاپتۇ، مەن سېنى ياخشى كۆرۈمەن ئاداش، بولۇپمۇ سېنىڭ كەچۈرمىشلىرىڭ ماڭا بەك تەسىر قىلغان، چۈنكى مەنمۇ يىغلاپ چوڭ بولغان ئادەم، ئەمەلىيەتتە ھازىر ئىككىمىز يەنىلا تۇتۇننىڭ ئىچىدە ياشاۋاتىمىز، شۇڭا مەن سېنىڭ غېمىڭنى قىلمىسام بولمايدۇ، شۇڭا بۈگۈن مەخسۇس مۇشۇ ئىشنى دەپ سېنى مۇشۇ يەرگە ئېلىپ چىقتىم، قورسىقىڭدا نېمە بولسا شۇنى دە ئاداش، سەندىن بىر ئىشنى سوراي، يۇرتقا كېتەمسەن يا مۇشۇ شەھەردە تۇرۇپ قالامسەن؟ — دېدى قۇندۇز.

گۈللالە كەپتەرنىڭ قانىتىنى يەۋاتاتتى، ئۇ قۇندۇزنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، قولىدىكى گۆشنى ئالدىدىكى كىچىك گۈللۈك تەخسىگە قويۇپ قويدى. ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇندۇزغا قارىدى.

— بۇ گەپنى ياخشى سوراپ قالدىڭ ئاداش، مەن بۇرۇن ئۆزۈمنىڭ كەلگۈسى پىلانىم توغرىسىدا ساڭا ئاز - تولا سۆزلەپ بەرگەن، مېنىڭ مۇشۇ شەھەردە تۇرۇپ قالغۇم بار، مەن يۇرتقا كەتمەيمەن، بىزدەكلەرنىڭ ئۇ يەردە ياشىمىقى بەك تەس، — دېدى گۈللالە.

— ئەمىسە قانداق قىلاي دەيسەن؟
— بىز بۇنداق كېتىۋەرسەك بولمايدۇ ئاداش، مەن ياخشىراق بىر بالىنى تېپىپ توي قىلىۋالايمىكىن دەيمەن.
— بۇ گېپىڭ بولمىدى ئاداش، توي قىلىشقا ئالدىرىما، بىزدەك ئادەملەر توي قىلساق دوزاخقا كىرگەندەك بولۇپ قالىمىز، توي دېگەن بىز ئۈچۈن بىر قولۇپ، بۇ قولۇپ بىزنىڭ ھەرىكىتىمىزنىلا ئەمەس، بىزنىڭ يۈرىكىمىزنىمۇ قولۇپلاپ قويىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ ئەركىنلىكىمىز پۈتۈنلەي يوقايدۇ، سەن توي قىلىپ كۆرگەنغۇ، بۇ ئىشلارنى سەن مەندىن ياخشى بىلىسەن، ھازىر يىگىتلەرگە خوتۇن كېرەك ئەمەس، ئۇلارغا قول كېرەك، شۇڭا قول بولۇپ ياشاشنى خالىمايدىغان قىزلار توي قىلىشقا ئالدىرىماسلىقى كېرەك، سەن بۇ ئويۇڭنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت ئاداش، — دېدى قۇندۇز.
گۈللالە گەپ قىلمىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشتا ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى قۇندۇزنىڭ پىكرىگە ئوخشىمايتتى، ئۇ قۇندۇزنى ھۆرمەت قىلىپ ئۇششۇق گەپ قىلمىدى.
— مېنىڭ بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتۈرۈشۈمدىكى مەقسىتىم مۇنداق ئاداش، ئەگەر ئىقتىسادىي ئەھۋالىڭ يار بەرسە، ساڭا بىر ئۆي ئالساق دەيمەن، سەنچە قانداق؟ — دېدى قۇندۇز.
قۇندۇزنىڭ بۇ گېپى ئۇنىڭغا بەك ياقتى، چۈنكى ئۇ قۇندۇزنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ كىرگەندىن باشلاپ، ئۇنىڭدا مۇشۇنداق بىر يۇرۇش ئۆيگە ئىگە بولۇش ئارزۇسى پەيدا بولغانىدى.
— بەك ياخشى گەپ بولدى ئاداش، مەنمۇ سەن دېگەندەك بىر يۇرۇش ئۆي سېتىۋالسام دەپ يۈرەتتىم، — دېدى گۈللالە.
— مېنىڭچە يېڭى ئۆي ئالمايلى ئاداش، تۆت بەش يىل بولغان ئۆيدىن بىرنى ئالساق بولدى، خوش، بىر يۇرۇش ئۆي، بىر ”شيالى“ ماركىلىق ماشىنا ئېلىشقا كۈچۈڭ يېتەمدۇ؟ — دېدى قۇندۇز.

— يېتىپ قالا ئاداش، يەتمىسە سەن بارغۇ! — دېدى گۈللالە.

— ياخشى ئاداش، بىر ئۆي ئال، ئەمدى مۇستەقىل ياشا، ماشىنا ھەيدەشنىمۇ ئۆگىنىۋالدىڭ، كىنىشكاڭنىمۇ ئېلىپ بەردىم، ئەمدى ئۇچۇپ ياشىساڭ بولىدۇ ئاداش، يەتمىگەن يېرىگە مەن بار، ئىككىمىز ئىككى ماشىنىنى ھەيدەيمىز، كۈنىمىزنى گۈلدەك ئۆتكۈزىمىز، — دېدى قۇندۇز.

گۈللالە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بەكمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— بۇگۈن بەك ياخشى گەپ قىلدىڭ ئاداش، ئەسلى ئىككىمىز سوقۇشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئازراق قىزىل ھاراق ئىچىپ قويساقمۇ بوپتىكەن، — دېدى گۈللالە.

— چاتاق يوق ئاداش، ئىچەيلى، مەن پولاتكامنى چاقىراي، — دېدى قۇندۇز.

كۆتكۈچى قىز قۇندۇزنىڭ تەلىپى بويىچە پولاتنى چاقىرىپ كەلدى.

— خوش، ياخشى قىزلار، كېيىنەكلەر، قانداق يولىيورۇقلىرىڭلار باركىن؟ — دېدى پولات يوغان قورسىقىنى سۆرەپ كېلىپ قۇندۇزنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ.

— ئەمىسە بىزگە بايام دېگەن ھېلىقى ئۆي نومۇرىنى دەپ بېرىدىغان قىزىل ھارىقىڭىزدىن بىرنى كەلتۈرمەمسىز، — دېدى قۇندۇز ناز قىلىپ.

— ھە، شۇنىڭغا قارىغاندا ئۆيىنى تاپالماي تېنەپ قاپسىلەردە، — دېدى پولات چاقچاق قىلىپ.

— تېنەپ قالامدىغان، مىجەزى يوق ئىكەن ئەمەسمۇ ئۇ گۈينىڭ، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنىڭغا قارىغاندا يىلىكى توشمىغان بىرنەرسىلەر بىلەن ئارىلىشىپ قاپسىلەردە، — دېدى پولات.

— يىلىكى توشقانلىرى ئولتۇرغان يېرىدىن قوپالمايدىكەن ئەمەسمۇ، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قوپالمايدىغان ئىش يوق، يوگورۇپ يۈرگىنىنى كۆرمەپسىزدە! — دېدى پولات.
— بىلمەن ساماندىقچە ئاران يوگۈرەلەيدۇ شۇ.
— سىزنىڭ ھۆرمىتىڭىز چوڭ، سىزنى ھەرگىز قوناقلىققا باشلىمايمىز، — دېدى پولات پاختىلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئۇۋىنىتىپ.
قۇندۇز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.
— بولدى قىلايلى پولاتكا، بىزگە ھارىقىڭىزنى ئەكىلىپ بېرىڭ، — دېدى قۇندۇز كۈلكىسىنى بېسىپ تۇرۇپ.
— ئىچسەڭلار ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ كەتسەڭلار بولارمىكىن، ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، ھارىقىڭلارنى كۆرۈپ ھېلىقىنىدەك قوڭغا تامبال كىيمەيدىغان گۈيلار كېلىپ ئولتۇرۇۋالارمىكىن قېشىڭلاردا، — دېدى پولات.
— يېنىمىزدا پارچە پۇل بار، ئۇنداقلارنى ئاسان يولغا سالىمىز، بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى ياخشى ئىكەن، مۇشۇ ئورۇندىن يۆتكەلمەيلى، — دېدى قۇندۇز.
— بولىدۇ، ھەممە ئىشنى قاملاشتۇرىسىزدە، ھە قۇندۇز، — دېدى پولات ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.
— ئاشۇ ئۆيگە كىرىپ كەتكەن بولساقمۇ بوپتىكەن ئاداش، ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ ئىچەتتۇق.
— باشتا كىرمەپتۇق ئاداش، ئەمدى بۇ قورۇمىلارنى كۆتۈرۈپ يۈرەمدۇق!
كۆتكۈچى قىز هاراقنى ئەكىلىپ بەردى.
— كەل ئاداش، سوقۇشتۇرۇپ ئىچەيلى، — دېدى گۈللالە قولىغا ئىستاكاننى ئېلىپ.
ئۇلار ئىستاكاننى كۆتۈردى.
— بۈگۈن ناھايىتى ياخشى ئولتۇردۇق لالە، ئەممىسە مەن ئەتىدىن باشلاپ ئۆي ئۇقۇشاي، تۆت - بەش يىل بولغان ئۆيدىن

بىرنى ئالساق بولدى، ماشىنىنى كېيىنرەك ئالايلى، ئىشلەتكەن ماشىنىنى ئالساق ئەرزان توختايدۇ، ئۆينى تەرەققىيات رايونى تەرەپتىن ئالايلى، ئەگەر مېنىڭ ئۆيۈمنىڭ قېشىدىكى بىنالاردىن چىقىپ قالسا تېخى ياخشى، — دېدى قۇندۇز.

— ئەڭ ياخشىسى شۇ ئەتراپتا بولغىنى تۈزۈك ئاداش، —دېدى گۈللالە.

— مانا، مانا، ئالامەت پەيزى بار قىزلاركەنغۇ بۇ، ئىككىڭلار ئولتۇرۇپ ئىچىپ كېتىپسىلەردە، — دېدى توساتتىنلا ئۇلارنىڭ بېشىدا پەيدا بولغان بىر يىگىت. ئۇ كېلىپلا قۇندۇزنىڭ قېشىدا ئولتۇردى. گۈللالە ئۇنىڭ ئاتىنىڭ يۈزىدەك ئۇزۇن يۈزىگە قاراپ، بىردىنلا يىرگىنىپ كەتتى.

قۇندۇز گەپ قىلمىدى.

— سەرەڭگىڭىزنى بېرىپ تۇرغان بولسىڭىز، — دېدى يىگىت كۆزلىرىنى ئەلگەكتەك ئويىنىتىپ.

— بىز تاماكا چەكمەيمىز، — دېدى قۇندۇز چىرايىنى ئاچماي.

— ئىچكەن ئادەم چەكمىسە قانداق بولىدۇ؟ — دېدى يىگىت قۇندۇزنىڭ ئالدىدىكى ئىستاكانغا قاراپ.

— مەن يىگىرمە تىيىن بېرەي، ئاۋۇ دۇكانغا بېرىپ بىر قاپ سەرەڭگە ئېلىۋالامسىز؟ — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

— چىرايىڭىزغا قارىسا پەرىزاتتەك تۇرسىز، بەك چۆپەي قىز ئىكەنسىز جۇمۇڭ، بەرگەندىن كېيىن ياخشىراق بەرمەمسىز! — دېدى يىگىت قۇندۇزنى يەۋەتكۈدەك قىلىپ.

— بىزنى ئولتۇرغىلى قويۇڭ، ئازراق گېپىمىز بار ئىدى، — دېدى گۈللالە قاپىقىنى تۈرۈپ تۇرۇپ.

— توۋا، مۇنۇ ئاجايىپ قاپىقى يامان قىزكىنا، ئۇنداق قىلماڭ، ئەرلەرگە قوپاللىق قىلسىڭىز يامان بولىدۇ، يامان بولىدۇ دېگەن چوڭ گەپ، مەن سىزگە بۇ سۆزنىڭ مەنىسىنى يېشىپ

بېرەي، رىسقىڭىز كەم بولۇپ قالىدۇ، ئەر دېگەن ئەۋلىيا، ئەرلەرگە قوپاللىق قىلسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى يىگىت شولگەيلىرىنى ئېقىتىپ.

قوندۇز گوللالىگە ”گەپ قىلماڭ“ دېگەن مەنىدە شەرەت قىلىپ قويدى.

— خاپا بولماڭ ئەۋلىيا، ئەمىسە مونو ئون سومنى ئېلىپ بىر قاپ سەرەڭگە ئېلىۋېلىڭ! — دېدى قوندۇز كولۇپ تۇرۇپ. ئۇ قولىدىكى ئون سوم پۇلنى ئالدىغا قويۇپ قويدى.

”ئەۋلىيا“ تېرىكىپ ۋارقىراپ كەتتى:

— ھو، شاپاقچىلار، مېنى نېمە كۆرۈشۈۋاتىسەن، سېنىڭ ئالدىڭغا پۇل دەپ كەلدىمما مەن؟ نېمە ھاقارەت بو ماڭا!

— ئەمىسە بىزدە سەرەڭگە بولمىسا قانداق قىلىمىز؟

— بوغداي نېنىڭ بولمىسا بوغداي سوزۇڭ يوقما! ؟

— ھەي لاتا پايپاق، شاپاقچى دەيسەنغو، بېشىغا سو قويۇپ بەرگەن يېرىڭ بارما! ؟ — دېدى پولات ئۇستەلنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ.

— ئەسسالامو ئەلەيكوم پولاتكا، ئەھۋالىڭىز ياخشىمو، سىزنى كۆرمەپتىمىنا؟ — دېدى ”ئەۋلىيا“ كولۇپ تۇرۇپ.

— ھەي، ھارامدىن بولغان گوي، نېمە ئاغزىڭنى بۇزىسەن، نېمە قىلدى بو قىزلار ساڭا، ئولتۇرغىلى قويمامسەن خەقنى! — دېدى پولات ”ئەۋلىيا“نى تىللاپ.

— ھېچ ئىش بولمىدى پولاتكا، سەرەڭگە سوراپ كەلگەنتىم، مونو خانقىز ۋارقىراپ كەتتى.

— بولاردا قانداق سەرەڭگە بولسۇن، سەنمو بار نەرسىدىن سورىمامسەن، ماۋۇ كەپتەر كاۋېپىدىن، ئېشىپ قالغان كەپتەر شورپىسىدىن سورىمامسەن مونداق. . . .

— ئۆزۈڭ بولغاندىن كېيىن ئومو بىر گەپ بولۇپ قالا پولاتكا، — دېدى ”ئەۋلىيا“ ھىجىيىپ تۇرۇپ.

— ھەي گۆي، ئاناڭ سىنى ئوغۇل دەپ تۇغقانمۇ يا! — دېدى پولات تىرىكىپ.

— ئەلۋەتتە ئوغۇل دەپ تۇغقاندە، مەن تېخى ھازىرلا مۇنۇ قىزلارغا ئوغۇل بالا توغرىسىدا دەرس بېرىۋاتاتتىم. . . .

— ئورنىڭدىن تۇرە گۆي، كۆزۈمدىن يوقال، كىمنىـــڭ ماشىنىسىغا ئېسىلىپ چىقىپ قالغان خومسى سەن! — دېدى پولات ۋارقىراپ.

— قىزلارنىڭ ئالدىدا قوپاللىق قىــلما پولاتكا، سەندىنمۇ قالىدۇ بۇ يەر، مانا مەندىنمۇ قالدىغۇ. . . .

— ئورنۇڭدىن تۇرۇپ كۆزۈمدىن يوقال گۆي، ھېلى بىكار دەرياغا تاشلىۋېتىمەن، — دېدى پولات ئورنىدىن تۇرۇپ.

— قوپاللىق قىلما پولاتكا، ساڭا قوپاللىـــق ياراشمايدۇ، قانچىلىك پۇل تاپساڭ شۇنچىلىك كىچىك پېئىل بولۇشۇڭ كېرەك، مانا مەن قوپاللىق قىلغان، مۇشۇمۇ تاماقمۇ، مۇشۇمۇ قورۇممۇ، مۇشۇمۇ هاراقمۇ دەپ خەقنىڭ ئۇستەللىرىنى ئۆرۈۋەتكەن، كەپتەر دېگەننى خوتەندىن ئايروپىلاندا ئەكەلدۇرۇپ يېگەن ئوغۇل بالىمەن. بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى ئۆچىمەن دەپ يۈرەتتىم، مانا ھازىر تاماكا تاپسام سەرەڭگەم يوق. . . . بولىدۇ ئەمىسە، مەن كېتەي پولاتكا، ماۋۇ قىزلارنىڭ ھېساباتىنى مېنىڭ ھېسابىمغا يېزىپ قوي، بۇ كۈنلەر بۇنداق ئۆتۈۋەرمەس، مەنمۇ بىر كۈنى ئېچىق بېشىغا ئىگە بولۇپ قالارمەن . . . .

"ئەۋلىيا" ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— سىز بۇ بالىنى تونۇيسىزكەندە؟ — دېدى قۇندۇز قېشىغا كېلىپ ئولتۇرغان پولاتقا قاراپ.

— تونۇيمەن، بۇ ئاداشنىڭ ئېتى يالقۇن، بەك جىق پۇل تاپقان نەرسە ئىدى بۇ، مانا ھازىر بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالدى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا گۇاڭجۇ شەھىرىدە رەختچىلىك قىلاتتى، مانا ھازىر بارى مۇشۇ، كوچىغا چىقىپ كەتتى، ئۇدۇل كەلگەن يەردە قورسىقىنى

تويغۇزۇپ يۈرىدۇ. بۇرۇن پۇللىرىنى خەجلەپ ئوينىغان خەجلەمچى ئاغىنىلىرىنىڭ بىرسى يوق ھازىر، مۇشۇنداق جاھانكەن بۇ، ئۇنىڭدا مانچە مىليون پۇلۇم بار، بۇنىڭدا مانچە مىليون پۇلۇم بار دېگەن بىلەن بىكار ئىكەن، ئەڭ ياخشى پۇل ئاشۇ يانچۇقۇڭدىكى ئون مانتا كېلىدىغان بەش تەڭگە ئىكەن. . . .

— ئۇ قانداق قىلىپ مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالدى پولاتكا؟

— دېدى قۇندۇز.

— ئەسلىدە يالقۇن مۇشۇ شەھەردىكى سودىگەرلەرنىڭ ئالدى ئىدى، ئۇنى مۇنداق ئىككى ئىش يوقاتتى، بىرى ئۇ يۇقىرى ئۆسۈمدە قەرز تارقاتتى، نۇرغۇنلىغان پۇللىرى خەقلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كەتتى، پۇلۇم بار دېگەن بىلەن پۇل قولۇڭدا بولمىسا بىكار گەپ ئىكەن ئەمەسمۇ! بىرنەچچە چوڭ سودىگەرلەر ئۇنىڭ پۇلىنى ئېلىپ قازاقىستانغا قېچىپ كەتتى، بۇ ئاداش پۇلۇمنى ئالىمەن دەپ قازاقىستانغا چىققاندا، ئۇ ئادەملەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ كاناداغا قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاساسىي دەسمىيىسىدىن ئايرىلىپ قالدى، ئىككىنچى بىر ئىش ئۇ قىمارغا كىرىشىپ كەتتى، بىر نەچچە قىمارۋازلار بىر بولۇۋېلىپ ئۇنى ئوڭدا قويدى. ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ پۈتۈنلەي تۈگەشتى. بۇرۇن ئۇنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىنى كۆرسىڭىز ئەيمىنەتتىڭىز، قوڭىدا چەت ئەلنىڭ ماشىنىسى، بىلىكىدە چەت ئەلنىڭ ئالتۇن سائىتى، زادى قېنىغا پاتمايلا قالغانىدى، ئادەم شۇكۇر قىلمىسا بولمايدىكەن، ئۆز ۋاقتىدا بىز ئۇنى چاقىرىپمۇ ئەكىلەلمەيتتۇق، بىزگە قارار كۆزى يوق ئىدى، مانا ئەمدى قۇيۇندا قالغان ساراڭغا ئوخشاش بېشى قايغان يەردە يۈرۈۋاتىدۇ. — دېدى پولات.

— توۋا خۇدايىم، — دېدى قۇندۇز گۇللالىگە قاراپ.

— ھازىر پۇل تاپماق تەس بولۇپ كەتتى، ئىش بۇرۇنقىدەك ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ مىدىرلاپ تۇرمىساق بولمايدۇ، پۇل دېگەن يامان نەرسە ئىكەن، ئادەمنى ئالىيجاناپمۇ قىلىۋېتەلەيدىكەن،

رەسۋامۇ قىلىشۋېتەلەيدىكەن، — دېدى پولات.
— توغرا ئېيتتىڭىز پولاتكا، — دېدى خېلىدىن بېرى جىم ئولتۇرغان گۈللالە.
— ئەمدىغۇ گېپىڭلار تۈگىگەندۇ، ئۇنداق قىلماڭلار، ئاۋۇ ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئولتۇرايلى، — دېدى پولات قۇندۇزنىڭ كۆزىگە قاراپ.
— قانداق قىلىمىز ئاداش؟ — دېدى قۇندۇز گۈللالىگە قاراپ.
— پولاتكام دەۋاتىدۇ ئەمدى، قورسىقىنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ بولسىمۇ بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.
قۇندۇز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.
— مۇشۇ كۈندە ھەممە ئادەم قورساقنىڭ غېمىدا، — دېدى پولات كۈلۈپ تۇرۇپ.
— قۇندۇز، بۇ دوستىڭىز بەك يامان ئىكەن، بەك تېگى بار گەپ قىلىدىكەن، — دېدى پولات.
— ئەمىسە سىز دېگەن ئاشۇ ئۆيگە كىرىپ بىردەم ئولتۇرايلى پولاتكا، كەچتە ئۆيگە ئاپىرىپ قويىسىز جۇمۇ؟ — دېدى قۇندۇز.
— خاتىرجەم بولۇڭلار، بۇ يەردە كېچە - كۈندۈز تاكسى بار، — دېدى پولات.
— ئەگەر مەن سىز بولغان بولسام، تاكسى بار دېمەيتتىم، ئىككىڭلارنى يۈدۈپ ئاپىرىپ قويىمەن دەيتتىم، — دېدى گۈللالە يەنە چاقچاق قىلىپ.
پولاتمۇ كۈلۈپ كەتتى.
— يارايسىز ئاپئاق قىز، خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇمۇ بولۇپ قالا، — دېدى پولات كۈلۈپ تۇرۇپ.
ئۇلار جەنۇب تەرەپتىكى ئۆيگە يۈتكەلدى.

# 14

قۇندۇز بىر ھەپتە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، يۇقىرى - تۆۋەن چېپىپ يۈرۈپ، گۈللالىگە ئۆزى ئولتۇرغان بىنانىڭ قېشىدىكى بىنانىڭ ئىككىنچى قەۋىتىدىن بىر يۈرۈش ئۆي ئېلىپ بەردى. ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئوخشاش مېھمانخانىسى بىلەن ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي ئىدى. گۈللالە بۇ ئۆيگە كۆچۈپ كىردى. قۇندۇز ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، ئۆيىنى جابدۇپ بەردى، ئاندىن ماشىنا بازىرىغا كىرىپ، ئىشلەتكىلى ئىككى يىل بولغان بىر ”شيالى“ ماشىنىنى سودا قىلىپ ئۇنىڭغا ئېلىپ بەردى.

— ئەمدى ئاداش كۈندە دېگۈدەك ئالاقىلىشىپ تۇرمىساق بولمايدۇ، ئىككىمىزنىڭ ئۆيى ئىككى يەردە بولۇپ قالدى، ئەمدى بىر - بىرىمىزنىڭ بارغان - تۇرغان يېرىنى بىلىپ تۇرغىنىمىز ياخشى، — دېدى قۇندۇز.

— كېيىنكى چۈشىنىۋاتىمەن ئاداش، سەن مەندىن خاتىرجەم بول، مەن بىر كۈنمۇ سەن بىلەن ئالاقەمنى ئۈزمەيمەن، — دېدى گۈللالە.

— ھە راست، سەندىن بىر گەپنى سورايمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن ئاداش، ھېلىقى خاسىيەت دېگەن دوستۇڭ سېنى ئىزدىمەيدىغان بولدىغۇ؟

— ئۇ مەندىن رەنجىدى، تانسىخانىدا ئىشلىگىنىمگە قارشى، ئۇ مېنى تاشلىۋەتتى ئاداش، — دېدى گۈللالە.

— ئۇ قىز سېنى چۈشىنەلمەپتۇ ئاداش، بوپتۇ، كېيىن چۈشىنىپ قالا، — دېدى قۇندۇز.

گۈللالە ئۆي سېتىۋالغاندىن كېيىن، تانسىخانىغا بارىدىغان ئىشىنى توختاتتى، قۇندۇز، ئىككىمىز تاكسىچىلىق قىلايلى

ئاداش، ماشىنىنىڭ تاكسى رەسمىيىتىنى ئۆزۈم ھەل قىلىمەن، خۇشياقسا بازارغا چىقىمىز، بولمىسا ئۆيدە دەم ئالىمىز، دەپ ئۇنى كۆندۈردى، ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي قۇندۇز ئىككى ماشىنىنىڭ تاكسى رەسمىيىتىنى پۈتتۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بازاردا تاكسىچىلىق قىلىشقا باشلىدى.

بىر كۈنى گۈللالە بىر خېرىدارنى توشۇپ كېتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ چاقىرغۇسى سايراپ كەتتى، ئۇ خېرىدارنى بارماقچى بولغان يېرىگە ئاپىرىپ قويۇپ، ماشىنىسىنى چەتكە توختىتىپ، تېلېفون قايتۇرماقچى بولۇپ تۇرۇشىغا، قولفونى جىرىڭلىدى.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ لالە، ھە، مەن، تونۇمىدىڭىزما؟ مەن روزاخۇن بولىمەن، مەن كىنوخانىنىڭ ئالدىدا، ھە، ماشىنا ئىشلىتەتتىم، مۇشۇ يەرگە كەلگەن بولسىڭىز، ماقۇل ئەمىسە، يولىڭىزغا قارايمەن. . . .

گۈللالە قولفوننى ئېتىۋېتىپ، ماشىنىسىنى كىنوخانا تەرەپكە توغرىلاپ ھەيدىدى. ئۇ كىنوخانىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، روزاخۇن ئۇنىڭ ماشىنىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى. گۈللالە ماشىنىدىن چۈشمەي ئولتۇردى. بۇ ئۇنىڭ ماشىنىغا چىقىڭ دېگىنى ئىدى، روزاخۇن ئىشىكنى ئېچىپ، ماشىنىغا چىقتى.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ لالە، مۇشۇ كۈنلەردە سىزنى تاپماق بەك تەس بولۇپ كەتتى، — دېدى روزاخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ كۈلسە سول تەرىپىدىكى ئىككى ئالتۇن چىشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— مەن كۈندە مۇشۇ بازاردىغۇ، قانداق تاپالمايسىز، — دېدى گۈللالە.

— ئىككى كۈن بولدى، يا قولفونىڭىزنى ئاچمايسىز، چاقىرغۇ قىلساممۇ قايتۇرمايسىز، — دېدى روزاخۇن.

— قولفونۇمنى ئاچمىغىنىم راست، چاقىرغۇنى خاتا ئۇرۇپ قالغان ئوخشايسىز ئەمىسە، — دېدى گۈللالە.

— نەگە بارىسىز؟ — دېدى روزاخۇن.

— مەن سىزنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىڭىزنى قانداق بىلىمەن؟ كېلىڭ دېدىڭىز كەلدىم، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سىز بىلەن پاراڭلاشماقچى ئىدىم لالە، ئۆيىڭىزگە بارغان بولساق.

— باشقا يەردە پاراڭلاشساق بولمامدۇ؟

— ئۆي تىنچ دېمەكچىغۇ مەن، — دېدى روزاخۇن.

— ئەمىسە بىزنىڭ ئۆيگە بارىمىزما؟

— باشتا ئوت كەتكەن كۆۋرۈكتىكى بازارغا بارايلى، مەن يەيدىغان، ئىچىدىغان دېگەندەك نەرسىلەرنى ئېلىۋالاي، — دېدى روزاخۇن.

گۈللالە ماشىنىسىنى ئوت كەتكەن كۆۋرۈكنىڭ قېشىدىكى چوڭ بازارغا ھەيدەپ كەلدى. روزاخۇن ماشىنىدىن چۈشۈپ بازارغا كىرىپ كەتتى. ئۇ قولفوننى ئېلىپ قۇندۇزغا تېلېفون بەردى.

— ھە مەن، سەن قەيەردە ئاداش، ئۆيدە؟ ھە، مەنمۇ ھازىر ئۆيگە ماڭدىم، ھېلىقى روزاخۇن دېگەن ئالتۇن چىشلىق ئاداشنى بىلىسەن، شۇنىڭ مەن بىلەن بىردەم پاراڭلاشقۇسى باركەن، ھازىر بىز بازاردا، ھە، بولىدۇ، كەچتە تېلېفون بېرىمەن ئەمىسە، خوش. . . .

روزاخۇن چوڭ سومكىدا بىرنېمىلەرنى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئۇ ماشىنىغا چىقتى.

— نېمانچە جىق نەرسە بۇ، — دېدى گۈللالە روزاخۇننىڭ قولىدىكى سومكىغا قاراپ.

— جىق ئەمەس، قەغەز سومكىدا! ئاشۇنداق جىق كۆرۈنىدىكەن، — دېدى روزاخۇن.

گۈللالە ماشىنىسىنى قوزغىدى. ئۇلار گۈللالىنىڭ ئۆيى بار بىنانىڭ ئالدىغا كەلگەندە، گۈللالە:

— سومكىنى ماڭا بېرىڭ، مەن ئالدى بىلەن چىقىپ ئۆينى ئاچاي، سىز ئالدىرىماي كەينىمدىن چىقىڭ، ماشىنىنىڭ ئىشكىنى

ئېيتىۋېتەرسىز! — دېدى.

— ماقۇل، — دېدى روزاخۇن.

گۈللالە سومكىنى كۆتۈرۈپ ماشىنىدىن چۈشۈپ كەتتى. خېلى ئۇزاق ئۆتكەندىن كېيىن، روزاخۇن ماشىنىدىن چۈشۈپ، ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋېتىپ، گۈللالىنىڭ ئۆيىگە كىردى.

گۈللالە چاي قاينىتىۋاتاتتى، روزاخۇن سومكىسىدىكى نەرسىلەرنى ئۈستەلگە تىزىپ، ئىككى ئىستاكانغا قىزىل هاراق قۇيدى.

— بۈگۈن بەك چاققانغۇ سىز روزاخۇن، بۇرۇن هەر قېتىم كەلسىڭىز كارىۋاتتا يېتىپ يېرىم كۈن تېلېۋىزور كۆرەتتىڭىز، بۈگۈن باشقىچىلا كۆرۈنىسىزغۇ؟ — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— بۈگۈن بەك چارچاپ كەتتىم، بازار ياخشى، ئاخشام بىر ماشىنا ياڭاق چۈشۈرگەن، بۈگۈن چۈشكىچە هەممىنى سېتىپ بولدۇم، ئىككى كۈندىن بېرى سىز كاللامغا كىرىۋالدىڭىز، شۇنىڭ بىلەن سىز بىلەن ئالاقىلاشقاندىم، — دېدى روزاخۇن.

— هە، مۇنداق دەڭ، سىزمۇ بىزنى سېغىنىدىكەنسىز - هە!

— سېغىنمامدىغان؟ — دېدى روزاخۇن كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئەمىسە سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن بىرنى ئىچىۋېتەيلى.

— مەن كەچتە ماشىنا هەيدەپ قالسام قانداق قىلىمەن؟

— بولدى، بۈگۈن چۈشتىن كېيىن دەم ئالمامسىز ئەمدى، — دېدى روزاخۇن.

ئۇلار هاراقنى ئىچىۋەتتى.

— مەن سىزگە مۇزىكا قويۇپ بېرەي روزاخۇن، — دېدى گۈللالە ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ياق لالە، سىز بىردەم ئولتۇرۇڭ، سىزگە دەيدىغان مۇهىم گېپىم بار، — دېدى روزاخۇن. گۈللالە بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— قەلبىمنىڭ چوڭقۇر يېرىدە سىزگە دەيدىغان بىر ئېغىز

گېپىم بار ئىدى لالە، بۈگۈن ۋاقتى - سائىتى كېلىپ قاپتۇ، مەيلى سىز مېنىڭ گېپىمگە قانداق جاۋاب بەرمەڭ، مەن بۇ گەپنى دېمىسەم بولمايدۇ، مەن سىز بىلەن تونۇشقىلى ئىككى يىل بولاي دەپ قالدى، مەن سىزنى تولۇق چۈشىنىمەن، ھەتتا ئۆزىڭىزدىنمۇ بەكرەك چۈشىنىمەن، سىزمۇ مېنى چۈشىنىسىز، شۇڭا ئىككىمىز توي قىلساق دېمەكچىمەن، ئەگەر ئىككىمىز توي قىلساق، سىز چوقۇم بەختلىك بولىسىز، مەنمۇ بەختىمنى تاپقان بولىمەن، ئىككىمىز بىرلىكتە تىرىكچىلىك قىلىمىز، تۇرمۇشىمىز خاتىرجەم بولىدۇ، سىز مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىسىز، مەن باشقا باللارغا ئوخشاش ۋاي ئاللا، ۋاي كاللا، مەن سىزگە كۆيدۈم، ئوتىڭىزدا كاۋاپ بولۇپ پىشتىم دېگەندەك گەپلەرنى قىلالمايمەن، شۇڭا مېنىڭ سىزگە بولغان مۇھەببىتىمگە ئىشىنىڭ، مېنىڭ بۇ تەلىپىمنى ئويلىنىپ كۆرۈڭ.

گۈللالە ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ، ئولتۇرغان يېرىدە ئولتۇرۇپلا قالدى. . . .

— سىز نېمىلەرنى دەۋاتىسىز روزاخۇن، مەست بولۇپ قالمىغانسىز؟ — دېدى گۈللالە.

— مەن ساق لالە، مەن يۈرىكىمدىن چىققان ھېسسىياتىمنى سىزگە تۆكۈۋاتىمەن.

— مۇنداق بولسۇن روزاخۇن، بۈگۈن بىز بۇ گەپ ئۈستىدە پاراڭلاشمايلى، مەن بۈگۈن سىزنى بۇنداق گەپ قىلا دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، بۇ ئىش توغرىسىدا بىز باشقا بىر كۈنى ئايرىم پاراڭلىشايلى، — دېدى گۈللالە.

— ياق لالە، ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ، مەن بۈگۈن چوقۇم سىز بىلەن مۇشۇ ئىش ئۈستىدە پاراڭلىشىشىم كېرەك، بۇ گەپ مېنىڭ يۈرىكىمدە بەك ئۇزاق تۇرۇپ كەتتى، سىز مېنىڭ بۇ تەلىپىمنى ياخشى ئويلىشىڭ، سورايدىغان گەپلىرىڭىز بولسا سوراۋېرىڭ، مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى

روزاخۇن ھاياجانلىنىپ. ئۇ ئىستاكانغا لىق قىزىل ھاراق قۇيۇپ، كۆتۈرۈپ تىنماي ئىچىۋەتتى.

— تووا، ئاجايىپ بالىكىنا بۇ! — دېدى گۈللالە ئىچىدە.

— ئەمىسە مەن سىزگە گەپنىڭ ئوچۇغىنى قىلاي، مەن ھازىر توي قىلمايمەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ توي قىلمايمەن، چۈنكى مەن مۇشۇنداق ئەركىن ياشاشنى ياخشى كۆرىمەن، ئەگەر مەن ئەركىن ياشايمەن دېمىگەن بولسام، يۇرتۇمنى تاشلاپ بۇ يەرگە چىقىپ يۈرمىگەن بولاتتىم، ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت روزاخۇن، — دېدى گۈللالە.

— سىز ماڭا يالغان گەپ قىلىۋاتىسىز، شۇنىڭغا قارىغاندا سىزنىڭ ياخشى كۆرىدىغان يىگىتىڭىز بار ئوخشايدۇ، ماڭا توي قىلمايمەن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ توي قىلمايمەن دېگۈچە مېنىڭ سۆيگۈنۈم بار، مېنى ئاۋارە قىلماڭ دەپ راست گەپ قىلسىڭىز بولمامدۇ لالە!

— ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ روزاخۇن، مېنىڭ ياخشى كۆرگەن يىگىتىم يوق ، خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ھېچقانداق يىگىتنى ياخشى كۆرمەيمەن، مەن پەقەت ئۆزۈمنىلا ياخشى كۆرىمەن، پۇلنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە مېنى تەسىرلەندۈرەلمەيدۇ، توي قىلايلى، بەختلىك بولىسىز دەيسىز، توي دېگەن ئۇ بىر ئازگال، ئادەم ئازگالنىڭ ئىچىدە بەختلىك بولالامدا؟ بۇ ئازگالدا ئەرلەرلا بەختكە ئېرىشەلەيدۇ، ئەرنىڭ خۇشى كەلسە بۇ ئازگالغا چۈشىدۇ، خۇشى كەلمىسە بېشى قايغان يەردە يۈرۈۋېرىدۇ، ئاياللار بىر ئۆمۈر ئاشۇ ئازگالدىكى يۇندىنى تازىلايمەن دەپ بېشىنى كۆتۈرەلمەيدۇ، سىز مېنى مۇشۇنداق ئازگالغا تىقماقچىغۇ ئەسلى! — دېدى گۈللالە روزاخۇننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ .

— سىز مېنىڭ كۆڭلۈمنى چۈشەنمەيۋاتىسىز لالە، مەن ھەتتا سىز ئۈچۈن جېنىمنى قۇربان قىلىشقا تەييارمەن، — دېدى

روزاخۇن.

— مەن سىزگە دېدىمغۇ روزاخۇن، مەن ئۆزۈمدىن باشقا ھېچ كىمنى چۈشەنمەيمەن، مەن خەقلەرنى چۈشىنىپ بولغان، شۇڭا ھازىر پۇلدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنى چۈشەنگۈم يوق، مۇشۇ كۈندە پۇل بولسا ھەممە ئىشلار ئۆز جايىدا پۈتۈۋېرىدۇ، قۇندۇز ماڭا پۇل ھەرقانداق دەرۋازىنى ئاچالايدۇ، دېگەن. دېمەك، پۇل ئالتۇن ئاچقۇچ دېگەن گەپ. مەن مۇشۇ جاھاندا ئاشۇ ئالتۇن ئاچقۇچتىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە ئىشەنمەيمەن، مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي روزاخۇن، بىز ئەمدى بۇ ئىش توغرىسىدا پاراڭلاشمايلى، باشقا گەپ قىلىپ ئولتۇرايلى، مەن سىزگە بىرلا ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي، ھەممە ئادەم ئۇچۇن ئۆزىنىڭ تۇزى تاتلىق، مەن باشقا ئادەمگە ئوخشىمايمەن، مېنى ئاۋارە قىلماڭ. . . .

روزاخۇننىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئىستاكانىدا ھاراق يوق ئىدى، گۇللالە ئۇنىڭ ئىستاكانىغا ھاراق قويۇپ، ئۇنى ھاراققا تەكلىپ قىلدى.

— خوش ئەمىسە روزاخۇن، كۆتۈرۈۋېتەيلى! — دېدى گۇللالە.

روزاخۇن ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ، ھاراقنى ئىچىۋەتتى.

— سىز ماڭا بەك ئېغىر جاۋاب بەردىڭىز لالە، ئەمدى مېنىڭ بىر يىلغىچە ئۇيقۇم كەلمەيدىغان بولدى، — دېدى روزاخۇن قايغۇرۇپ.

گۇللالە ئۇنىڭغا گەپ قىلمىدى، ئۇ روزاخۇندىن زېرىككەن ئىدى، ئىچىدە ”بۇ ئاداش بىلەن ئىككىنچى كۆرۈشمەيدىغان گەپكەندە“ دېدى.

روزاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ، گۇللالە بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

گۇللالە روزاخۇننى ئۇزىتىپ قويۇپ قايتىپ كەلدى. ئۇ

تېلېۋىزورنى ئېچىپ، كارىۋاتقا چىقىپ تەكىيىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا روزاخۇنغا قىلغان گەپلەر كىرىۋالدى. ئۇ نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى ئويلىدى، ئاخىر يۇمشاق تەكىي ئۇنى ئۇيقۇ دۇنياسىغا سۆرەپ كەتتى. . . .

خېلى ئۇزاقتىن كېيىن، تېلېفوننىڭ جىرىڭلىغان ئاۋازى گۈللالىنى ئويغىتىۋەتتى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تېلېفوننى ئالدى.

— ھە، مەن، ياق، ئۇخلاپ قاپتىمەن، كەتتى، خېلى بولدى كەتكىلى، ياق، بىر ياققا بارمايمەن، ئارام ئالاي ئاداش، ئەتە كۆرۈشەيلى. . . .

تېلېفون قۇندۇزدىن كەلگەنىدى. ئۇ قۇندۇز بىلەن سۆزلىشىپ بولۇپ، تېلېفوننى قويۇپ قويدى.

گۈللالە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى، ئۇ ئىشكاپنىڭ ئىچىدىن ئاپئاق بىر لۆڭگىنى ئېلىپ، پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ئەينەكنى ئېرتىشقا باشلىدى. ئەينەك ئېچىلىپ تېخىمۇ پارقىراپ كەتتى، گۈللالە ئۆزىنىڭ پارقىراپ تۇرغان يۈرىكىنى كۆرگەندەك خۇشال بولۇپ كەتتى، ئۇ قولىدىكى لۆڭگىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇپ، يەنە ئەينەكنىڭ قېشىغا كېلىپ قاراپ تۇردى. ئۇ كۆزىنى چوڭ ئېچىپ ئەينەككە قارىدى، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا سەتلىشىپ كەتتى، ئۇ ئىتتىكلا كۆزلىرىنى ئادەتتىكى ھالىتىگە كەلتۈردى، ئاندىن قاشلىرىنى سىلىدى، ئارقىدىن يۈزلىرىنى سىلاپ، ئەينەككە پۈتۈن مۇھەببىتى بىلەن قاراپ تۇردى. ئۇ ئەينەكنىڭ ئىچىدىن ئۇنىڭغا قاراپ ئېچىلىۋاتقان جەننەتنىڭ دەرۋازىسىنى كۆرگەندەك بولدى، ئۇنىڭ گۆھەردەك كۆزلىرى تېخىمۇ نۇرلىنىپ كەتتى، ئۇ ئەينەكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى، ئەينەك ئۇنى جەننەتكە باشلاپ كىردى، ئۇ يېڭى بىر دۇنيادا پەرۋاز قىلدى. . . .

# 15

ئەتىسى چۈشتە، گۈللالە قۇندۇز بىلەن تاماقتا بىللە بولدى. تاماقتىن كېيىن ئۇ قۇندۇزغا تۈنۈگۈن روزاخۇن بىلەن قىلىشقان پاراڭلىرىنى سۆزلەپ بەردى.

— مەن روزاخۇننى چۈشىنىمەن، جاھاننىڭ قېپىغا كىرىۋالغان جان باق نەرسە ئۇ، ئۇنىڭ كۆيدۈم، پىشتىم دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان، ئۇ سېنى ئالمايدۇ، ئۆيۈڭ بىلەن قولۇڭدىكى ماشىناڭنى ئالىدۇ، مەقسىتىگە يېتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ سېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، ئۇنداق نەرسىلەرگە چىرايىڭنى ئاچمىساڭ بولىدۇ، مەن ئۇنداقلارنى جىق كۆرگەن، قارىساڭ چىرايى، قىلىقلىرى ئوغۇل بالىدەك، ئەمەلىيەتتە ئاخشىمى رۇباشكا كىيىپ ياتىدۇ، ئۇلارغا ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ياخشى كۈننىڭ يامىنىغا قالسا، خوتۇنى بىلەن نان تالىشىپ يەيدىغان گۈيلار ئۇ، تازا ياخشى گەپ قىپسەن ئۇ گۈيغا، بولمىسا كەچكىچە كەينىڭگە كىرىۋېلىپ ئاۋارە قىلاتتى، — دېدى قۇندۇز.

— ھەيران قالدىم قارا ئاداش، مەن سىزنى سۆيىمەن، سىزگە كۆيىمەن، ئىككىمىز توي قىلايلى دەپ تۈگۈشۈپلا كېتىۋاتىدۇ، ھەيران قالدىم، ساراڭمىكىن دېسەم ئۇڭ، ئۇنى دېسەم بۇنى دەيدۇ، ئاخىر چىرايىمنى ئاچماي يولغا سالدىم ئۇ ئاداشنى، — دېدى گۈللالە.

— ياخشى قىپسەن ئاداش، مېنىڭ بېشىمدىنمۇ مۇشۇنداق ئىشلار ئۆتكەن، مەن ماشىنامنى ئېلىپ كېچىلىكىنى بىر ئاداشقا ئىجارىگە بەرگەن، ئۇ ۋاقىتتا ماشىنامنىڭ تاكسى رەسمىيىتى يوق ئىدى، ئۇ ئاداش ئوغرىلىقچە مېڭىپ پۇل تاپاتتى، بىر يىل ھەيدىدى، ھەر كۈنى كەچتە ماشىنىنى ئەكىتىدۇ، ئەتىگەندە ئەكىلىپ بېرىدۇ. كۈنلۈك ئىجارىسىنى ھەر كۈنى ئەتىگەندە

بېرىدۇ، ئىشقىلىپ، ھەر ئىككىمىزگە نەپ تەگدى. بىر كۈنى قىزىق، ئەتىگەندە تېخى ئورنۇمدىن تۇرمىغا نىدىم، بىرسى ئىشىكنى بەك ئۇرۇپ كەتتى، كىيىملىرىمنى كىيىپ چىقسام، ئاشۇ ئاداش، قولىدا بىر دەستە قىزىل گۈل، ھەيران قالدىم، مەن كۆزلىرىمنى ئاران ئېچىپ ئۇنىڭ تۇتقان گۈللىرىنى ئالدىم، ئۇ ئاداش ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى، ئۆي قالايمىقاندى، ئۆزۈم خىجىل بولۇپ كەتتىم، نېمە دەيدۇ دېمەمسەن، مەن سىزنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلغايسىز، مەن خۇدا يولىنى تۇتقان ئادەم، ئىچمەيمەن، چەكمەيمەن، ئىككىمىز توي قىلايلى، دېمەمدا، ئۇيقۇم بىراقلا ئېچىلىپ كەتتى. ئاغزىغا قاراپلا قاپتىمەن، ئىچىمدە سەن چەكمىسەڭ، ئىچمىسەڭ، قانداق مەن بىلەن توي قىلالايسەن، دېدىم، ئۇ ئالدىمدا ئاچ قالغان ئادەمدەك كۆزۈمگە قاراپ ئولتۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭدىن سەسكىنىپ كەتتىم، نېرۋام ئۆرلەپ كەتتى ـ دە، ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردىم، شۇنىڭ بىلەن ماشىنىنى كېچىسى ئۇنىڭغا ئىجارىگە بېرىدىغان ئىشنى توختاتتىم، جەمئىيەت دېگەندە ھەر خىل ئادەم بولىدىكەن، ئۇ ئاداشنىڭ ئىچىگە كىرىپ چىقسام، مېنىڭ ماشىنامنى قولىغا چۈشۈرمەكچى، بۇنداق گۈيلاردىن نېرى تۇرمىساق بولمايدۇ ئاداش، ئۇلار بىزنى دەسسىتىپ ئوينايدۇ، مەقسىتىگە يېتىپ بولغاندىن كېيىن، بىزگە بىرنېمىلەرنى چاپلاپ يۇرۇپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ، شۇڭا ئۇنداق گۈيلارغا چىرايىمىزنى ئاچمىساق بولىدۇ، — دېدى قۇندۇز.

— بىر ئايدەك بولدى ئاداش، بىقىنىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، دوختۇرخانىغا بېرىپ باقايمىكىن دەيمەن، — دېدى گۈللالە بېقىنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— دوختۇرخانىغا بېرىپ تەكشۈرتۈپ باققىن ئاداش، كېسەل بولۇپ قالما يەنە، ئەتە ئۆزۈم ئاپىراي، ۋاقتىدا تەكشۈرتەيلى! — دېدى قۇندۇز.

# 16

ئەتىسى ئەتىگەندە ناشتىدىن كېيىن، قۇندۇز گۇللالىنى ماشىنىسىغا سېلىپ چوڭ دوختۇرخانىغا ئېلىپ كەلدى. ئۇلار نومۇر ئېلىپ دوختۇرغا كۆرۈندى. دوختۇر ئۇنى مەخسۇس ئىچكى ئورگانىزمنى تەكشۈرىدىغان ئۇسكۇنىدە تەكشۈرتۈپ كېلىشكە بۇيرۇدى. گۇللالە ئۆزىنى تەكشۈرتۈپ بولۇپ، ئۇنى قوبۇل قىلغان دوختۇر بىلەن كۆرۈشتى. دوختۇر تەكشۈرۈش نەتىجىسىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا مەسلىھەت بەردى:

— بۆرىكىڭىزدە مەسىلە بار ئىكەن، بىر مەزگىل داۋالىنىشىڭىز كېرەك، ئۆيدە داۋالانسىڭىزمۇ بولىدۇ، دورا ـ ئوكۇللارنى يېزىپ بېرىمەن، بالنىستتا يېتىپ داۋالانسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئەگەر شارائىتىڭىز بولسا، يېتىپ داۋالانغىنىڭىز ياخشى، دورىنى ۋاقتىدا ئىچىسىز، ئوكۇلنىمۇ ۋاقتىدا سالىدۇ، تېز ساقىيىپ كېتىسىز، ئۆزىڭىز ئويلىشىپ بېقىڭ.

گۇللالە بېشىنى كۆتۈرۈپ قۇندۇزغا قارىدى.

— بولمىسا يېتىپ داۋالان ئاداش، يىراق ـ يېقىنىنىڭ ئىشلىرىنى ئۆزۈم پۈتتۈرىمەن، — دېدى قۇندۇز.

— ئەمىسە بالنىستتا يېتىپ داۋالىناي، — دېدى گۇللالە.

ئۇلار دوختۇرخانىنىڭ كەينىدىكى ئىچكى كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە چىقتى. ئۇلارنى ئۆركەش ئىسىملىك بىر ياش دوختۇر كۈتۈۋالدى.

— 5 ـ نومۇرلۇق ئۆينىڭ 18 ـ كارىۋىتىدا ياتىسىز، ماۋۇ قەغەزنى ئېلىپ دەرۋازىنىڭ ئالدىدىكى 25 ـ نومۇرلۇق ئۆيگە كىرىپ رەسمىيەت ئۆتەپ چىقىڭ، — دېدى ئۆركەش دوختۇر گۇللالىگە بىر ۋاراق قەغەزنى بېرىپ.

— قەغەزنى ماڭا بەر ئاداش، سەن ئولتۇرۇپ تۇرغىن، مەن

بىرىپ رەسمىيەتلەرنى بىجىرەي، — دېدى قۇندۇز گۈللالىنىڭ قولىدىن قەغەزنى ئېلىپ.

قۇندۇز رەسمىيەت ئۆتىگىلى كەتتى، گۈللالە 5 - نومۇرلۇق ئۆيگە كىرىپ، 18 - كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى.

— سىز مۇشۇ كارىۋاتقا كەلدىڭىزما؟ — دېدى ئۇنىڭ قېشىدىكى كارىۋاتتا ياتقان سېمىز ئايال.

— ھەئە.

— سىزنى نېمە كېسەل دەيدۇ؟

— بۆرەك كېسىلى بولۇپ قالغان ئوخشايمەن.

— ھە، ھەر ھالدا ئېغىر كېسەل ئەمەسكەن، ھازىر دوختۇرلارنىڭ پوزىتسىيىسى بەك ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ، مەنمۇ شۇ كېسەل، ئۆتكەن يىلى بىر ئاي يېتىپ چىقىپ كەتكەن، ئۇ ۋاقىتتا دوختۇرلارنىڭ، سېستىرالارنىڭ پوزىتسىيىسى بەك ئوسال ئىدى، مانا ھازىر بەك ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ، نەدىن دەيدۇ بىر يەردىن بىر باشلىق كېلىپتۇ ئىمىش، دوختۇرخانىنى شۇ ئادەم ئوڭشاپتۇ ئىمىش، ھازىر بۇ دوختۇرخانىدا ئاغرىقلار دوختۇرنى ئۆزى تەكلىپ قىلىدىكەن، مەن سائادەت ئىسىملىك بىر دوختۇرنى تەكلىپ قىلىپ داۋالىنىۋاتىمەن، سىزمۇ ئاشۇ دوختۇرنى تەكلىپ قىلىڭ، بەك ياخشى دوختۇركەن، مۇئامىلىسى شۇنداق ياخشى، كۆلۈپلا تۇرىدۇ، چىرايىغا قاراپ ئولتۇرسىڭىزمۇ ساقىيىپ قالىسىز، — دېدى سېمىز ئايال.

— ھە، بۇ ئىشنى كىمگە دەيمىزكەن؟

— سىلەر ئۆركەش دوختۇر بىلەن كۆرۈشكەنسىلەر، ئاشۇ ئۆركەش دېگەن سائادەت دوختۇرنىڭ شاگىرتى بولىدۇ، ئاشۇنىڭغا دېسەڭلار بولىدۇ.

— ھە، — دېدى گۈللالە.

قۇندۇز رەسمىيەتنى ئۆتەپ بولۇپ قايتىپ كەلدى.

— ھەممە ئىشنى پۈتتۈردۈم ئاداش، ئۆيدىن ھېچ نەرسە

ئەكەلمەيمىزكەن، مۇشۇ قورۇنىڭ ئىچىدە تۆت ئاشخانا بار دەيدۇ، بالىنىستىتا يېتىپ داۋالىنغىنىڭ ياخشى بوپتۇ ئاداش، — دېدى قۇندۇز.

ئۇلار ئۆركەش دوختۇرنىڭ قېشىغا چىقىپ، رەسمىيەتلەرنى ئۇنىڭغا بەردى.

— بىز يېڭىدىن مۇنداق بىر تۈزۈمنى يولغا قويدۇق، ئاغرىقلار ئۆزلىرى خالىغان دوختۇرنى تەكلىپ قىلسا بولىدۇ، مانا بۇ دەپتەردە دوختۇرلىرىمىزنىڭ ئاساسى ئەھۋالى بار، قايسى دوختۇرنى توغرا تاپساڭلار، شۇ دوختۇرنى تاللىساڭلار بولىدۇ، — دېدى ئۆركەش دوختۇر.

— مۇنداقمۇ ئىشلار باركەندە، — دېدى قۇندۇز.

— سائادەت دېگەن دوختۇرنى بەك ياخشى دەيدۇ، بىزمۇ شۇ دوختۇرنى تەكلىپ قىلىمىزمۇ يا؟ — دېدى گۈللالە قۇندۇزغا قاراپ.

— مەيلى ئاداش، شۇنداق قىلايلى، — دېدى قۇندۇز.

گۈللالە قۇندۇزنى كەتكۈزۈۋەتتى، قۇندۇز ئۇنىڭغا قولفونىڭىنى ئېتىۋەتمە دەپ جېكىلىدى. چۈشتىن كېيىن ئوتتۇرا ياش چامىسىدىكى بىر دوختۇر بالىنىستقا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ كەينىدە ئۆركەش دوختۇرمۇ بار ئىدى، ئۆركەش دوختۇر كۆزلىرىدىن ئىللىق نۇر يېغىپ تۇرغان بۇ دوختۇرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، ئۇنى گۈللالىگە تونۇشتۇردى:

— بۇ سىز تەكلىپ قىلغان سائادەت دوختۇر بولىدۇ، —دېدى. ئاندىن ئۇ گۈللالىنى سائادەت دوختۇرغا تونۇشتۇردى.

گۈللالە ئورنىدىن تۇرۇپ، سائادەت دوختۇرغا ھۆرمەت بىلدۈردى.

— ئولتۇرۇڭ قىزىم ، سىز بۇرۇن مۇشۇنداق كېسەل بولۇپ باققانمۇ؟ — دەپ سورىدى سائادەت دوختۇر.

ياق.

— ئەمىسە بىزگە ياخشى ماسلىشىڭ، تېز ساقىيىپ كېتىسىز، — دېدى سائادەت دوختۇر.
— ماقۇل سائادەت ھەدە! — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.
سائادەت دوختۇر گۈللالىنىڭ چىرايىغا قارىدى. ئۇ گۈللالىنىڭ كۆزلىرىدىن بىرنېمە ئىزدىگەندەك قىلاتتى.
سائادەت دوختۇر بالىنىستتىن چىقىپ كەتتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن، بىر سېسترا دورا ـ ئوكۇللارنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، ئۇنىڭغا دورا بەردى، ئاندىن ئاسما ئوكۇل سېلىپ قويدى.
ئەتىسىدىن باشلاپ گۈللالىنى يوقلاپ كېلىدىغانلار يېغىپ كەتتى، ئۇنىڭ كارخۇتىنى ھەر خىل يېمەكلىك، گۈللەرگە توشقۇزۇۋەتتى، ئۇ يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ياتاقتىكى ئاغرىقلارغا بېرىپ تۇردى، بۇ ئەھۋال سائادەت دوختۇرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى.
— مەن سىزگە بىر ئىشنى تاپشۇراي ئۆركەش، — دېدى سائادەت دوختۇر بىر كۈنى، — ھېلىقى گۈللالە دېگەن قىز بالىنىستتا ياتقىلى تېخى بىر ھەپتە بولمىدى، لېكىن ئۇنى جىق ئادەم يوقلاپ كېلىۋاتىدۇ، يوقلاپ كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدىن بىر نەچچىسىنى تونۇپ قالدىم، ئۇلار بازاردا تىجارەت قىلىدىغان باللار، سىز ئاشۇ قىزنىڭ ئەھۋالىنى سۈرۈشتۈرۈپ باقسىڭىز، مەن بۇ قىزغا بەك قىزىقىپ قالدىم.
— ماقۇل سائادەت ھەدە، مەن ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدە بۇ ئىشنى ئورۇنلايمەن، — دېدى ئۆركەش.
كەچكە يېقىن قۇندۇز دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدى. گۈللالە كارىۋاتتا ياتاتتى، ئۇنىڭ ئاسما ئوكۇلى تېخى تۈگىمىگەنىدى.
— ئاز قاپتۇ ئاداش، يەنە يېرىم سائەتتە تۈگەيدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى قۇندۇز تۆمۈر جازىغا ئېلىپ قويغان بوتۇلكىغا قاراپ.
— ھەر ھالدا ياخشى بولۇپ قالدىم ئاداش، بېقىنىمىنىڭ

ئاغرىقى قويۇۋەتتى، سائادەت دوختۇر بەك ياخشى ئايالكەن، ماڭا بەك كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ، تۇنۇگۇن مېنى يۈرەك بۆلۈمىگە ئەكىرىپ يۈرىكىمنى تەكشۈرتۈپ قويدى، يۈرىكىم شۇنداق ياخشى ئىكەن ئاداش، — دېدى گۈللالە.

— ئەمىسە سائادەت دوختۇرنى بىر مېھمان قىلىپ قويساق بولغۇدەك ئاداش، — دېدى قۇندۇز.

— دوختۇرخانىدىن چىقىدىغان چاغدا تۈركىيىنىڭ خۇرۇم چاپىنىدىن بىرنى ئېلىپ ئادەمگەرچىلىك قىلايمىكىن ئاداش، — دېدى گۈللالە.

— ئۇنىمۇ قىلاسەن ئاداش، باشتا بۇگۈن كەچتە تاماققا تەكلىپ قىلمايلىما؟ — دېدى قۇندۇز.

— ئەمىسە ئوكۇلۇم تۈگىسۇن، مەن چىقىپ ئۆزىگە دەپ باقاي، ھەي ئۇنىمايدىغۇ دەيمەن.

گۈللالىنىڭ ئوكۇلى تۈگىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قۇندۇز ئىككىسى سائادەت دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

— كەچتە بىللە تاماق يەيلى دەپ كىرگەنتۇق ئاپپاي، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— رەھمەت، مەن سەل ئالدىراش بولۇپ قالدىم، كېيىن بىر كۈنى مەن سىلەرگە خەۋەر قىلاي، — دېدى سائادەت دوختۇر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۆيگە بارسىڭىزمۇ تاماق يەيسىز، سىز بىلەن بىردەم ئولتۇرغۇمىز كېلىۋاتىدۇ ئاپپاي، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

سائادەت دوختۇر سەل ئويلىنىپ قالدى ـ دە، ئۇلارنىڭ تەلىپىگە ماقۇل بولدى.

— ماقۇل ئەمىسە، باشقا يەرگە بارمايلى، مۇشۇ قورۇنىڭ ئىچىدىكى ئاشخانىلارنىڭ بىرسىگە كىرەيلى، قورۇنىڭ كۈنپېتىش تەرەپىدە ”چىنار“ ناملىق بىر ئاشخانا بار، شۇ ئاشخانىغا كىرەيلى، ئۇلار لەغمەننى بەك ياخشى ئېتىدۇ، لەغمەن يېسەك بولىدى، —

دېدى سائادەت دوختۇر.

— ياخشىراق بىر رېستورانغا بارايلى ئاپپاي، باشقا دوختۇرلارنىمۇ چاقىرايلى، بىر جوزا بولۇپ ئولتۇرايلى، — دېدى گۈللالە.

— ئۇلارنى كېيىن چاقىرىمىز قىزىم، بۈگۈن ئۈچىمىز بىللە تاماق يەيلى، — دېدى سائادەت دوختۇر.

— ئەمىسە سىز دېگەندەك بولسۇن ئاپپاي، بىز سىز دېگەن چىنار ئاشخانىسىغا كىرگەچ تۇرايلى، سىز كەينىمىزدىن چىقارسىز! — دېدى قۇندۇز.

— ئەمىسە شۇنداق قىلايلى قىزلىرىم، مەن بىر ئازدىن كېيىن بىكار بولىمەن، — دېدى سائادەت دوختۇر.

ئۇلار سائادەت دوختۇرنىڭ قېشىدىن چىقىپ، بىنادىن چۈشتى. ئاندىن قورۇ ئىچىدىكى "چىنار" ئاشخانىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— مۇشۇ ئاشخانا ئىكەن ئاداش، كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرامدۇق؟ — دېدى گۈللالە.

— ئاۋۇ گۈلخانىنىڭ قېشىدىكى ئورۇندۇقتا بىردەم ئولتۇرايلى ئاداش، بۈگۈنچە ئاددىي تاماق بىلەن مېھمان قىلىدىغان بولدۇق ئەمدى، ئاپپاينى ئاستا - ئاستا كەلتۈرمىسەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى قۇندۇز.

ئۇلار گۈلخانىنىڭ يېنىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

گۈللالە كۆز ئالدىدىكى گۈللەرنى كۆرۈپ كۆڭلى بۇزۇلدى. ھەدىسىنىڭ قورۇسىدىكى ئاشۇ گۈللەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا گەۋدىلەندى. ئاشۇ گۈللەرمۇ مۇشۇ گۈللەرگە ئوخشاش چىرايلىق ئېچىلاتتى، ھەر يىلى باش باھارنىڭ كېلىشى بىلەنلا، ئۇنىڭ ھەدىسى ماھىنۇر پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن گۈل تېرىشقا كىرىشەتتى، يەرنى چاناپ يۇمشىتىپ، ئېغىلدىن ئوغۇت ئاچىقىپ چېچىپ، قورۇنىڭ بىكارلا يېرىگە گۈل تېرىۋېتەتتى. ياز

بولغاندا گۈللەر بەس - بەستە ئېچىلىپ كېتەتتى.

— ئۇزاق بولدى ھەدەمگە خەت يازمىدىم، بۈگۈن كەچتە چوقۇم ھەدەمگە خەت يېزىشىم كېرەك، — دېدى گۈللالە خىيال قىلىپ.

— ھە، لالە، گۈللەرگە قاراپ خىيال قىلىپ كەتتىڭغۇ! — دېدى قۇندۇز ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ.

— ئۆينى سېغىنىپ قالدىم ئاداش، — دېدى گۈللالە بېشىنى كۆتۈرۈپ.

— مەنمۇ ئۇزاق بولدى، ئۆيگە خەت يازمىدىم، نېمە دەۋاتىدىكىن ئۇلار.

— ئەمىسە بۈگۈن ئىككىمىز ئۆيگە خەت يازايلى، بۇرۇن مەن ئۆيگە يازغان خېتىمدە ياخشى تۇردۇم، سالامەتلىكىم ياخشى، مەندىن ئەنسىرىمەڭلار دېگەندەك سۆزلەر بىلەنلا بولدى قىلاتتىم، ئۇلارغا قىلىۋاتقان ئىشلىرىم ئۈستىدە ھېچقانداق ئۇچۇر بەرمەيتتىم، ئەمدى مەن مۇشۇ ئىشنى ئويلىشىۋاتىمەن، ئەمدى بۇ ھەقتە ئۆيگە ئېنىقراق بىرنېمە دېمىسەم بولمايدۇ، ھازىر بىزنىڭ ئۆيىمىز بار، ماشىنىمىز بار، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى پۇل بىلەن بولىدۇ، بىر كۈن ئەمەس، بىر كۈنى ئۇلار بىزنىڭ ئەھۋالىمىزنى بىلىدۇ، ئۇ ۋاقىتىدا ئۇلار بىزنى توغرا چۈشەنمەيدۇ، شۇڭا ئىككىمىز گەپنى بىر قىلىۋالايلى، گېپىمىز بىر يەردىن چىقسۇن، ئۆيدىكىلەرگە ئوقەت قىلىۋاتىمىز، رەخت بازىرىدا شەھەر شەھەرلەرگە رەخت تارقىتىۋاتىمىز دەيلى، — دېدى گۈللالە.

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ ئاداش، ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ، مەن مۇشۇ ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرماپتىمەن، بۈگۈن مەنمۇ ئۆيگە خەت يېزىۋېتەي، سەن دېگەندەك دەيلى، رەخت بازىرىدا ئوقەت قىلىۋاتىمىز دەيلى، — دېدى قۇندۇز روھلىنىپ.

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ ئاداش، — دېدى گۈللالە.

ۋاقىت تۈشۈپ قالغانىدى. ئۇلار "چىنار" ئاشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇردى. ئۇزاق ئۆتمەي سائادەت دوختۇر ئاشخانىغا كىرىپ

كەلدى. كۇتكۇچى قىزلار ئۇنى كۆرۈپ ھۆرمەت بىلەن سالام بەردى.

— يۇقىرىغا چىقىڭ ئاپپاي، — دېدى ئاشخانىنىڭ خوجايىنى ئۇنىڭ ئالدىغا چىقىپ.

قۇندۇز بىلەن گۇللالە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ بولغانىدى، ئۇلار ئۇنى يۇقىرىغا باشلىدى.

سائادەت دوختۇر يۇقىرىدىن ئورۇن ئالدى. ئاندىن قۇندۇز بىلەن گۇللالە ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— سودىڭىز قانداقراق تاش ئۇكام، — دېدى سائادەت دوختۇر قولىدىكى چاينى جوزىغا قويۇپ قويۇپ.

— خۇداغا شۇكۇر ئاپپاي، ئۆزلىرىنىڭ سايىسىدا جان بېقىپ كېتىۋاتىمىز ئەينا، — دېدى تاش.

— ياخشى ئۇكام، تاماقنى ياخشى چىقىرىۋاتىسىلەر، ھەممە ئادەم سىلەرنىڭ تائاملىرىڭلارنى ماختاۋاتىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن تائاملىرىڭلار تېخىمۇ ياخشى بولسۇن، تازىلىقىڭلارمۇ، مۇلازىمىتىڭلارمۇ ياخشى بولسۇن، مۇشۇنداق بولسا، كۆزلىگەن نىشانىڭلارغا يېتەلەيسىلەر، خۇدايىم بېرىدۇ، — دېدى سائادەت دوختۇر.

— رەھمەت ئاپپاي، رەھمەت، خۇدايىم دىلىڭىزغا دەرد بەرمىسۇن، — دېدى تاش خوجايىن قولىنى كۆكسىگە قويۇپ.

— مەن گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ قىزلىرىمنىڭ نېمە تاماق يەيدىغىنىنى سورىماپتىمەن ئەمەسمۇ قېنى، قىزلىرىم، كۆڭلۈڭلار نېمە تاماق تارتىدۇ؟ — دېدى سائادەت دوختۇر كۈلۈپ تۇرۇپ.

گۇللالىنىڭ بايام سائادەت دوختۇرنىڭ "لەغمەن يېسەك بولدى" دېگەن گېپى ئېسىدە ئىدى، شۇڭا دەرھال:

— لەغمەن يەيلى ئاپپاي، — دېدى.

— بولىدۇ ئەمىسە، لەغمەن يەيلى، تاش ئىنىم، ئەمىسە ئۆزىڭىز بىر قوللۇق قىلىپ ئېتىپ بېرىڭ، — دېدى سائادەت

دوختۇر.

— شۇنداق قىلىمەن، — دېدى تاش كۇلۇپ تۇرۇپ، ئۇ تاماق ئېتىشۋاتقان ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— بۇ تاش ئىنىمنىڭ ئاغزى بەك يۇمشاق، ھۇنىرى ياخشى، ئۇزاق يىل بولدى، ئۇ مۇشۇ قورۇدا ئاشخانا ئېچىۋاتىدۇ، بۇرۇن دەرۋازىنىڭ قېشىدىكى ئىككى ئېغىز ئاشخانىنى ئاچقان، ھازىر مۇشۇ ئاشخانىنى ئېچىۋاتىدۇ، ھەر ھالدا ياخشى پۇل تېپىۋالدى، — دېدى سائادەت دوختۇر.

— چىرايىدىن چىقىپ تۇرىدۇ، مىجەزى ياخشى ئادەم ئىكەن، — دېدى قۇندۇز سائادەت دوختۇرنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ.

— شۇنداق، — دېدى سائادەت دوختۇر، ھە، قىزىم، خېلى ياخشى بولۇپ قالغاندەك تۇرامسىز؟

— خېلى ياخشى بولۇپ قالدىم، بېقىنىمنىڭ ئاغرىقى قويۇۋەتتى، — دېدى گۇللالە كۇلۇپ تۇرۇپ.

— ساقىيىپ كېتىسىز، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىڭىزنى ياخشى كۇتۇڭ، ياخشى دەم ئېلىڭ، سىز تېخى ياش، ياخشى كۇنلىرىڭىز تېخى ئالدىڭىزدا، — دېدى سائادەت دوختۇر.

— رەھمەت ئاپپاي، — دېدى گۇللالە.

— تاماق چىققۇچە ئۇچ - تۆت زىقتىن كاۋاپ يېگەچ ئولتۇرايلى ئاپپاي، — دېدى قۇندۇز كۇلۇپ تۇرۇپ.

— رەھمەت قىزىم، كاۋاپ يېسەك لەغمەننى يېيەلمەيمىز، — دېدى سائادەت دوختۇر، — قۇندۇز، ئىككى كۇندىن بېرى سىلەردىن بىر ئىشنى سورىغۇم كېلىپ قالدى، سىلەر نەدە ئىشلەيسىلەر قىزىم؟

گۇللالە ئىتتىكلا قۇندۇزنىڭ كۆزىگە قارىدى، قۇندۇزنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى. ئۇ كۇلۇپ تۇرۇپ:

— بىز ئىككىمىز بازاردا تاكسى ھەيدەيمىز، ئاپپاي، — دېدى قۇندۇز كۇلۇپ تۇرۇپ، — سىزگەچاقىرغىمىز بىلەن

قولفونىمىزنىڭ نومۇرىنى قالدۇرايلى، ئىش بولسا بىزگە تېلېفون قىلىڭ، دېگەن يېرىڭىزگە ئۈنىمىز!

— رەھمەت قىزلىرىم، ھە، سىلەر بازاردا تاكسى ھەيدەيدىكەنسىلەدە!

تاش كۆلۈپ تۇرۇپ تاماقنى ئېلىپ كەلدى، ئۇلار ھۇزۇرلىنىپ تاماق يېدى، تاماقتىن كېيىن سائادەت دوختۇر دۇئا قىلدى.

— ئەمىسە سىلەرگە رەھمەت قىزلىرىم، خۇدايىم بۇيرۇسا مەن سىلەرنى ئۆيدە مېھمان قىلىمەن، سىلەرگە دەيمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، مەنمۇ سىلەر بىلەن بىر يۇرتلۇق، ياخشى تونۇشۇپ قالدۇق، مېنى ئۆزۈڭلارنىڭ ئاپىسى ئورنىدا كۆرۈڭلار، ئىشىڭلار بولسا ماڭا دەڭلار. . . .

— ھە، سىزمۇ B شەھىرىدىن ئىكەنسىزدە، نېمىدېگەن ياخشى، — دېدى قۇندۇز خۇشال بولۇپ.

— شۇنداق، خۇدايىم بۇيرۇسا بىز يەنە پاراڭلىشىمىز خوش، ئەمىسە چىقىمىزما؟ — دېدى سائادەت دوختۇر.

ئۇلار ئورنىدىن تۇردى.

— قەدىمىڭىزگە رەھمەت ئاپپاي، — دېدى تاش سائادەت دوختۇرنىڭ كەينىدىن چىقىپ.

— رەھمەت، ھەممىڭلارغا رەھمەت، ئەمىسە مەن مېڭىۋېرەي قىزلىرىم، ئەتە كۆرۈشەيلى! — دېدى سائادەت دوختۇر ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ.

سائادەت دوختۇر ئۇزاپ كەتكەندىن كېيىن، گۈللالە خوجايىنغا تاماقنىڭ پۇلىنى تۆلىۋەتتى.

— سىز مۇشۇ دوختۇرخانىدا داۋالىنىۋاتقان ئوخشىمامسىز، — دېدى تاش خوجايىن گۈللالىگە قاراپ.

— ھەئە.

— ھەرنېمە بولسىمۇ ياخشى ئادەمنىڭ قولىدا

داۋالىنىۋېتىپسىز، سائادەت ئاپپاي بەك ياخشى ئايال، ئۇ نۇرغۇنلىغان ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلغان، پۇلى يوق داۋالىنالمايدىغان بىچارىلەرنىڭ ھەممىسى سائادەت ئاپپاينى ئىزدەيدۇ، ئۇ سودىگەرلەرگە ئەھۋال ئېيتىپ پۇل ئېلىپ بېرىدۇ، بەك يۇزلۇك ئايال بۇ، مۇشۇ دوختۇرخانىدىمۇ ھېچقانداق ئادەم ئۇنىڭ ئالدىدىن توغرا ئۆتەلمەيدۇ، خۇدايىم بۇ ئاپپايغا ھۇنەرنىمۇ بېرىپتىكەن، ئەقىلنىمۇ بېرىپتىكەن، چىرايىنىمۇ بېرىپتىكەن، قارىمامسىز، ئۆزى ياخشى بولغاچقا، يۇزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدۇ، — دېدى تاش.

— ھازىر بىلدۇق بىزمۇ تېخى، ئاپپاي بىز بىلەن بىر يۇرتلۇق چىقىپ قالدى، — دېدى گۇللالە.

— سىلەرمۇ B شەھىرىدىن ئىكەنسىلەردە؟ — دېدى تاش.

— شۇنداق، — دېدى گۇللالە.

— مەن بۇ ئاپپاينى بەك چوڭ بىلىمەن، مۇشۇ شەھەردە خېلى، خېلى ئوغۇل بالىنىمۇ تېگىشمەيدىغان ئايال بۇ، — دېدى تاش.

— خوش ئەمىسە تاش ئاكا، بىز ماڭايلى، — دېدى گۇللالە.

— خوش، ئەمىسە كېلىپ تۇرۇڭلار، كۆڭلۈڭلار نېمە تاماق تارتسا شۇنى قىلىپ بېرىمەن، — دېدى تاش كۈلۈپ تۇرۇپ.

گۇلخاننىڭ ئالدىغا كەلگەندە، گۇللالە قۇندۇزغا قارىدى:

— مەن بۇگۇن ئۆيگە كېتەيمىكىن ئاداش، بايامقى گەپ بويىچە ئۆيگە خەت يېزىۋېتەيمىكىن.

— توغرا، مەنمۇ ئۆيگە بېرىپ خەت يازاي، سىستىرالارغا دەپ قويامسەن ياكى كېتىۋېرەمسەن، — دېدى قۇندۇز.

— كېتىۋېرەيمىكىن ئاداش، ئۆيگە بېرىپ ئۆركەش دوختۇرغا تېلېفون بېرىپ قويمامدىمەن، — دېدى گۇللالە.

— ۋاھ، ئاجايىپ چاققان بولۇپ كېتىپسىنا، تېلېفون نومۇرلىرىدىن تارتىپ ئېلىپ بوپسەندە ئۇنىڭ، ئۆزىغۇ كېلىشكەن يىگىتكەن، — دېدى قۇندۇز چاقچاق قىلىپ.

— ساڭا كەلتۈرۈپ بېرەرمەن.

— ئۆزۈڭچۇ؟

— ياق، مەن ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا يىگىتلەر بىلەن ئارىلاشمايمەن ئەمدى.

— ئۇنداق دەپ كەتمە، بارمايمەن دېگەن تۈگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ دېگەن گەپ بار، سەن بىلەن بىزنى چۈشىنىپ قالىدىغان يىگىتلەرمۇ چىقىپ قالىدۇ.

— لېكىن ئاداش ئۇلار بىزنى چۈشەنگەن بىلەن بىز ئۇلارنى چۈشەنمەيمىزدە، بىزمۇ ئادەم، بىزنىڭمۇ تاللاش ھوقۇقىمىز بار ئەمەسمۇ!

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدىكەن ئاداش، سەن مۇشۇنداق گەپلەرنى ياخشى قىلىدىكەنسەن، — دېدى قۇندۇز.

گەپ بىلەن ئۇلار ماشىنىنىڭ قېشىغا كېلىپ قالدى، قۇندۇز ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى، گۇللالە ماشىنىغا چىقتى، قۇندۇز ماشىنىنى قوزغاپ، گۇللالىنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويۇپ، ئۆيىگە كەتتى.

گۇللالە ئۆيىگە كىرىپ تامدىكى ئەينەككە قارىدى. ئۇنىڭ چىرايى ناھايىتى ياخشى ئىدى، دوختۇرخانىدا بولغاچقا، ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە گىرىم قىلمىغانىدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ مۇشۇنداق تەبىئىي يۇرسە، گىرىم قىلغاندىنمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى، ئەينەكتە ھەدىسى ماھىنۇرنىڭ جامالى كۆرۈنۈشكە باشلىدى. ھەدىسى ئۇنىڭغا سېغىنغان ھالەتتە قاراپ تۇراتتى، ئۇ ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، قولىغا قەلەم ئېلىپ، ھەدىسىگە خەت يازدى:

— ئەسسالام، قەدىردان ھەدە، ئاپامنىڭ ئورنىدا مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان مېھرىبان ھەدە، ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ، ئاكام ياخشى تۇردىمۇ، ئۇكىلىرىم ياخشى تۇردىمۇ، ئۇزاق بولدى، ساڭا خەت يازالمىدىم، دېسەم گەپ تولا، خاپا بولمايسەن، مەيلى مەن ساڭا خەت يازاي ـ يازماي، مەن مەڭگۈ سېنىڭ باغرىڭدا نەپەس

ئالدىغان، سېنىڭ كۆيۈمچان سىڭلىڭ، بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلىگۈم يوق ھەدە، ئاشۇ يىللار مەن ئەقىدە قىلغان بارلىق گۈللەرگە كۆل چېچىۋەتتىم، مەن ئەلۋەتتە ھەممە ئىشنى ئۆزۈمدىن كۆرۈمەن، شۇڭا بۇگۈنكى كۈندە كىندىك قېنىم تۆككۈلگەن يۇرتۇمنى تاشلاپ كىشىنىڭ يۇرتىدا مۇساپىر بولۇپ يۈرىمەن، مەيلى مېنىڭ بېشىمغا قانداق كۈن كەلمىسۇن، مېنىڭ ياشىشىمنى ھېچكىم توسىيالمايدۇ، مەن بۇ ھەقىقەتنى يۇرتۇمدىكى ئۇلۇغ دەريا بويىدا ياشايدىغان ئىنا ھەدەمنىڭ ئۆيىدە، يەنە ئاشۇ سەمىمىي رۇس ھەدەمنىڭ مۇنچىسىدا ھەقىقىي ھېس قىلغانىدىم. ئۆتكەنكى ئاشۇ ئىشلىرىمنى ئويلىسام ئۆزۈمدىن ئۆزۈم نومۇس قىلىپ كىرىدىغان تۇشۇك تاپالماي قالىمەن، مەن سىلەرنى بەك ئاۋارە قىلىۋەتتىم ھەدە، مېنى كەچۈرۈڭلار، ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك ھەدە، مەن بۇ شەھەردە رەخت بازىرىدا قۇندۇز ئىسىملىك بىر قىز بىلەن رەختچىلىك قىلىۋاتىمەن، ئىشىمىز بەك ياخشى، شەھەر شەھەرلەردىن كەلگەن سودىگەرلەرگە رەخت تارقىتىمىز، ساڭا بەش مىڭ سوم ئەۋەتتىم، ئۆيگە ئىشلىتەرسەن، خوش ئەمىسە ھەدە، خۇدايىمغا ئامانەت، كۆرۈشكۈچە ئامان بولايلى. . . .

گۈللالە بېشىنى ئۈستەلگە قويۇپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى. . . .

سەھەردە گۈللالە دوختۇرخانىغا بېرىۋالدى.

چۈشكە يېقىن، ئۆركەش دوختۇر سائادەت دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ كەلدى ۋە بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى ئۇستازىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— مانا بۇ قۇندۇز بىلەن گۈللالىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى، — دېدى ئۆركەش دوختۇر.

— ياخشى ، بەك ياخشى بولدى.

— بىرنەچچە تونۇش سودىگەر باللار بار ئىدى، ئۇلار بۇ قىزلارنىڭ ئەھۋالىنى ياخشى بىلىدىكەن، — دېدى ئۆركەش.

— رەھمەت ئۇكام ئەمىسە، سىزنى ئاۋارە قىلدىم، — دېدى سائادەت دوختۇر.

— ئەرزىمەيدۇ سائادەت ھەدە، — دېدى ئۆركەش. ئۇ سائادەت دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.

سائادەت دوختۇر پۈتۈن دىققىتى بىلەن قولىدىكى ماتېرىيالنى كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇ بەزى قۇرلارنى قايتا - قايتا ئوقۇدى. ئۇنىڭ چىرايىدا بىردىنلا جىددىيلىك پەيدا بولدى، ئۇ ماتېرىيالنى كۆرۈپ بولۇپ، ئورنىدىن تۇردى، دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ تالاغا قارىدى. . . .

— ھە، مۇنداق ئىش ئىكەندە. . . . ، — دېدى ئۇ ئۆز ئۆزىگە.

سائادەت دوختۇر گۈللالىنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى.

— ئەتە مەن دەم ئالىمەن قىزىم، چۈشتە قۇندۇز بىلەن بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ ئولتۇرۇپ كېلىڭلار، قۇندۇزغا سىز خەۋەر قىلىپ قويۇڭ، سىلەرنى ئۆركەش بىزنىڭ ئۆيگە باشلاپ بارىدۇ، چوقۇم بېرىڭلار، — دېدى سائادەت دوختۇر.

— ئاۋارە بولمىسىڭىز بولاتتى ئاپپاي، رەھمەت، مەن ھازىرلا قۇندۇزغا خەۋەر قىلىۋېتىمەن، — دېدى گۈللالە خۇشال بولۇپ.

گۈللالە سائادەت دوختۇرنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ قۇندۇزغا تېلېفون قىلدى.

گۈللالە ياتاققا كىرىپ، ئەتە سائادەت ئاپپايغا نېمە سوۋغات قىلىش ھەققىدە ئويلاندى.

قۇندۇز يېتىپ كەلدى. ئۇ قۇندۇز بىلەن پەسكە چۈشۈپ، گۈلخانىنىڭ ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— ھە، گەپ قىلمايسەنغۇ ئاداش، — دېدى قۇندۇز.

— سائادەت ئاپپاي ئەتە چۈشتە بىزنى ئۆيىگە تاماققا چاقىردى، بىزنى ئۆركەش دوختۇر باشلاپ بارىدىغان بولدى، — دېدى گۈللالە. ئاندىن ئۇ قۇندۇزنىڭ چىرايىغا قارىدى.

— نېمىدېگەن ياخشى، ئاداش، بىر ياخشى دوختۇر بىلەن تونۇشۇپ قالىدىغان بولدۇقتە، كېيىن بىرەر ئىش بولۇپ قالسىمۇ قىينالمايدىغان بولدۇق -تە، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

— راست دەيسەن ئاداش، بىراق مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، ئاپپاي بىزنى بايقاۋاتامدىكىن دەيمەن. . . .

— بىزنىڭ نېمىمىزنى بايقايدۇ دەيسەن ئاداش، يا بىز ئاسماندىن چۈشكەن ئادەم بولمىساق، بىزنى بىر يۇرتلۇغۇم دەپ يېقىنچىلىق قىلىۋاتقاندۇ شۇ، — دېدى قۇندۇز.

— ئۇنىمۇ يوق دېگىلى بولمايدۇ ئاداش، ئەتە بازاردىن بىر نېمە ئېلىۋالمىسام بولمايدۇ، نېمە ئالسام بولا؟

— راست ئاداش، قۇرۇق قول بارساق بولمايدۇ، شۇ، نېمە ئالساق بولا؟ يا بولمىسا ياخشىراق قول سائىتىدىن بىرنى ئالامدۇق يا؟

— سائەت دەمسەن، مەن ئاپپاينىڭ قولىغا دىققەت قىلغان، سائەت سالمايدىكەن، قولىدا ئۈزۈكمۇ يوق.

— ئىش ئورنىدا قولىغا سائەت سالمىغىنى بىلەن دەم ئالغانلاردا سالا، — دېدى قۇندۇز.

— مەن ئەسلى كېيىن دوختۇرخانىدىن چىققاندا بىر خۇرۇم چاپان ئېلىپ بېرىمەن دەپ ئويلىغانىدىم، دوختۇرغا خەجلىگەن پۇل زايا كەتمەيدۇ، شۇ خۇرۇم چاپاننى ئەتە ئاپارسامىمكىن يا؟ — دېدى گۈللالە.

— بولمىسا ئاشۇنداق قىلايلى ئاداش، قۇرۇق قول بارساق سەت بولىدۇ، — دېدى قۇندۇز.

— ئەمىسە شۇنداق قىلايلى ئاداش.

— سەن ئۆركەش دوختۇرغا بىزنى ئاپپاينىڭ ئۆيىگە باشلاپ بېرىڭ دېدىڭما؟

— ياق، ئاپپاي ئۆزى ئاشۇنداق ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، — دېدى گۈللالە.

— ھە، مۇنداق دە، مەن تېخى ئۆزۈك دېدىگىمىكىن دەپتىمەن.
— خاتىرجەم بول ئاداش، خۇدايىم ماڭا ئۇنداق ياخشى يىگىتنى نېسىپ قىلمايدۇ، — دېدى گۈللالە.
— كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما ئاداش، خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇ ئاق پىشماقنى ساڭا ئۆزۈم كەلتۈرۈپ بېرىمەن، — دېدى قۇندۇز چاقچاق قىلىپ.
ئۇلار ئەتىسى چۈشكە يېقىن بازارغا چىقىپ، تاللاپ يۈرۈپ بىر خۇرۇم چاپان سېتىۋالدى، ئاندىن ماشىنىسىنى ھەيدەپ دوختۇرخانىغا كەلدى.
— ئۆركەش دوختۇر ئىشخانىسىدا ئاداش، مەن ئۇنىڭغا تېلېفون بېرەي، چۈشسۇن! — دېدى گۈللالە.
— ھۆرمەتسىزلىك بولۇپ قالارمىكىن ئاداش، مەنغۇ مەيلى، كەلگۈلۈك ساڭا كەلمىسۇن دەيمەنغۇ! — دېدى قۇندۇز چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ.
— ئەمىسە ياخشى كۆڭلۈڭنى يەردە قويماي چىقسام چىقاي، — دېدى گۈللالە ماشىنىدىن چۈشۈپ.
گۈللالە ئۆركەش دوختۇرنى چاقىرىپ چۈشكەندە، قۇندۇز ماشىنىسىنىڭ ئەينىكىنى سۈرتۈۋاتاتتى. گۈللالە چاقىقانلىق قىلىپ ماشىنىغا كىرىپ رولنى تۇتۇۋالدى، ئۆركەش دوختۇر ماشىنىنىڭ كەينىگە چىقىپ ئولتۇردى.
— بازار چاققانىنىڭ دېگىنە ئاداش، — دېدى قۇندۇز ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ قولىقىغا پىچىرلاپ.
— سىزمۇ ماشىنا ھەيدىيەلەيدىغان ئوخشىمامسىز، — دېدى ئۆركەش دوختۇر.
— بىلىمەن، — دېدى گۈللالە.
قۇندۇز ماشىنىنىڭ كەينى ئىشىكىنى ئېچىپ، ماشىنىغا چىقتى، گۈللالە ماشىنىنى قوزغىدى. ماشىنا كۆنۈپېتىش تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى، يىگىرمە مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، زىچ

بىنا سېلىنغان بىر كىچىك ئولتۇراق رايونغا كەلدى.
— ماشىنىنى مۇشۇ يەردە توختاتسىڭىز بولىدۇ، — دېدى ئۆركەش دوختۇر.
گۈللالە ماشىنىنى توختاتتى. ئۇلار ماشىنىدىن چۈشتى.
— سائادەت ھەدەمنىڭ ئۆيى مۇشۇ 2- بىنادا، ئوڭ تەرەپتىكى ئىشىك 3- قەۋەت، ئوڭ تەرەپتىكى ئۆي، مەن سىلەرنى ئەچىقىپ قوياي، — دېدى ئۆركەش دوختۇر.
— سىز بىز بىلەن بىللە بولمامسىز؟ — دېدى قۇندۇز.
— مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار ئىدى، قايتمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئۆركەش دوختۇر.
— ئەمىسە سىزنى ئاۋارە قىلمايلى، ئۆينى بىلىۋالدۇق ئۆزىمىز چىقايلى، — دېدى گۈللالە.
— ئەمىسە خاپا بولمايسىلەر، مېنىڭ ئىشىم بولمىغان بولسا، سىلەر بىلەن بىللە بولاتتىم، — دېدى ئۆركەش دوختۇر.
ئۆركەش دوختۇر ئۆيى تەرەپكە ماڭدى، گۈللالە ماشىنىدىن خۇرۇم چاپان سېلىنغان سومكىنى ئالدى. ئاندىن ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋېتىپ، ئاچقۇچنى قۇندۇزغا بەردى.
— نېمانچىلا قاچىسەن ئۇ ئاداشتىن، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.
— قاچقىنىم ئەمەس، ماشىنىنى ھەيدەپ ئۆزۈمنى كۆرسىتىپ قويغۇنۇم بۇ! — دېدى گۈللالە.
— ھەر ھالدا سەنمۇ ئادەم ساز قىلىشنى ئۆگىنىپ قاپسەن، — دېدى قۇندۇز.
— ئۇنداق ئەمەس ئاداش، راست گېپىمنى ئېيتسام ئۇنىڭ ئالدىدا ماشىنا ھەيدىگۈم كېلىپ قالدى. بەزىدە سەنمۇ ئاشۇنداق قىلىپ كېتىسەنغۇ، ھە، ئۆزۈڭ يولدا جىمىپ كەتتىڭغۇ گەپكە سېلىپ قويغان بولساڭ تازا سۆزلەيتتى ئۇ!
— قويە ئاداش، مۇشۇ زىيالىي خەق بىلەن خۇشام يوق

مېنىڭ، قولىنى تۇتۇپ قويساڭ بەزگەكتەك تىترەپ كېتىدۇ.
— تىترىمەيدىغان يېرىنى تۇتامسەن!
— سېنى رەنجىپ قالامدىكىن دېدىم ئاداش، — دېدى قۇندۇز.
گۈللالە كۈلۈپ كەتتى.
ئۇلار سائادەت دوختۇرنىڭ ئۆيىگە كىردى.
— ئولتۇرۇڭلار قىزلىرىم، ئۆركەش ئۆيىگە كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى سائادەت دوختۇر كۈلۈپ تۇرۇپ.
— بىزنى ئەكىلىپ قويۇپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى، ئازراق ئىشى بار ئىكەن، — دېدى گۈللالە.
— بوپتۇ، كېيىن بىر كۈنى بىللە ئولتۇرارمىز، تاماق تەييار بولۇپ قالدى، سىلەرنى پولۇغا ئامراق دەپ ئاڭلىغان، شۇڭا پولۇ ئەتتىم.
گۈللالە قۇندۇزنىڭ قۇلىقىغا:
— ئاپپاي بىزنىڭ پولۇغا ئامراقلىقىمىزنى كىمدىن ئاڭلىغاندۇ ئاداش؟ — دەپ پىچىرلىدى.
— شۇنى دەيمەن ئاداش، — دېدى قۇندۇزمۇ ھەيرانلىق بىلەن. سائادەت دوختۇر چوڭ گۈللۈك چىنە تاۋاقتا پولۇنى ئېلىپ چىقتى، ئۇلار ھۇزۇرلىنىپ تاماق يېيىشكە كىرىشتى.
— قېنى، تارتىنماي ئېلىڭلار قىزلىرىم، ئۆزۈڭلارنىڭ ئۆيىدە ئولتۇرغاندەك ئولتۇرۇڭلار، مېنى ئۆزۈڭلارنىڭ ئاپىسىدەك كۆرۈڭلار، — دېدى سائادەت دوختۇر.
— ئۆزىڭىزمۇ ئېلىڭ ئاپپاي، — دېدى گۈللالە.
— مەن تاماق ئېتىشنى ياخشى كۆرىمەن، دوختۇرخانىدىن ھېرىپ كېلىپ تاماق ئەتسەم ھاردۇقۇم چىقىپ قالىدۇ، مەن ئادەتتە تاماق ئەتسەم، پىيازنى جىق ئىشلىتىمەن، پولۇ ئەتسەم سەۋزىنى جىق ئىشلىتىمەن.
— ھە، مۇنداقكەنده، — دېدى گۈللالە سائادەت دوختۇرنىڭ گېپىگە قىزىقىپ.

— گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ تاماقتىن ئالمىدىڭلارغۇ قىزلىرىم.

— ئوبدان ئالدۇق ئاپپاي، پولۇ بەك ئوخشاپتۇ، — دېدى گۇلاله.

ئۇلار تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، سائادەت دوختۇر تاۋاقلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ دۇئا قىلدى.

— ئەمدى مۇنۇ ئالمىدىن ئالغاچ ئولتۇرۇڭلار قىزلىرىم، خوش، بۇ قېتىم گۇلالىنىڭ داۋالىنىش سەۋەبى بىلەن بىز تونۇشۇپ قالدۇق، مەن سىلەر بىلەن تونۇشقىنىمغا بەك خۇشال، مەن ئادەتتە يېڭى ئادەملەر بىلەن تونۇشۇپ تۇرسام، تۇرمۇشۇم ناھايىتى مەنىلىك ئۆتىدۇ، چۈنكى ھەربىر ئادەم بىر دۇنيا، سىز ئاشۇ دۇنياغا ئارىلاشسىڭىز، يېڭى - يېڭى نەرسىلەرگە ئىگە بولالايسىز، شۇڭا مەن ھەممە ئادەمگە پۈتۈن مۇھەببىتىم بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا تىرىشىمەن، ئادەمنىڭ ھاياتى چەكلىك، ياخشىلىق قىلىپ ياشىساقمۇ، يامانلىق قىلىپ ياشىساقمۇ ۋاقتى سائىتى كەلگەندە ئۆلۈپ تۈگەيمىز، شۇڭا ئادەم ياخشىلىق قىلىپ ياشىشى كېرەك. مەن بۇ جاھاننى مۇشۇنداق چۈشىنىمەن، ھەم ئۆزۈمنىڭ بۇ ئەقىدەمنىڭ مېۋىسىنى تېتىغان ئادەممەن، ئالدى بىلەن ياشاشنى بىلىش كېرەك، مەن بىر دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، دادام كولۇپلا تۇرىدىغان ئادەم ئىدى، ھازىر ئويلىسام، ئاشۇ ئېغىر كۈنلەردە دادام مېنى ئوقۇتۇپ ناھايىتى چوڭ ئىش قىلغانىكەن، مائارىپ بىر مىللەت ئۈچۈن قۇياشتىنمۇ مۇھىم نەرسە ئىكەن، قۇياش بولمىسا بىز جاھاننى كۆرەلمەيمىز، بىلىم بولمىسا بىز ئۆزىمىزنى كۆرەلمەيمىز، ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنى كۆرەلمەي ياشىسا، بۇ بىر بەختسىزلىك. نۇرغۇنلىغان بەختسىز ئادەملەر ئۆزلىرىنى بەختلىك دەپ ياشايدۇ، مانا بۇ بىزدىكى پاجىئە، شۇ ئادەملەر ئۆزىنىڭ پاجىئە ئىچىدە ياشاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلالمايدۇ. شۇڭا مەن دادامغا رەھمەت ئېيتىمەن، مەن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى

پۈتتۈرگەندىن كېيىن، تېببىي مەكتەپتە ئوقۇدۇم، مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مۇشۇ دوختۇرخانىغا تەقسىم قىلىندىم. مانا هازىر مۇشۇ دوختۇرخانىدا ئىشلەۋاتىمەن، ئاكاڭلارنىڭ ئىسمى ئەكبەر بولىدۇ، ئۇ ئۆزى رەسسام، سەنئەت مەكتەپنى پۈتتۈرگەن، مانا، مۇنۇ تامدىكى رەسىملەرنىڭ ھەممىسىنى ئۆزى سىزغان، ئۇنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بېرى سىزغان بەش پارچە رەسىمى دۆلەت مۇزېيىغا قوبۇل قىلىندى. بىر پارچە رەسىمى فرانسىيىدە مۇكاپاتلاندى، دۆلەت ئىچىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەن رەسىملىرىمۇ ئاز ئەمەس. ئەكبەر ئاكاڭلار ئاتا كەسپىگە ۋارىسلىق قىلغان، ئۇنىڭ دادىسىمۇ داڭلىق رەسسام ئىدى، ئۇ ئادەممۇ نۇرغۇنلىغان داڭلىق رەسىملەرنى سىزغان. ئەكبەر ئاكاڭلار هازىر سەنئەت مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. بالىلىرىمنىڭ ھەممىسىنىڭ تويىنى قىلىپ بولدۇم، هازىر ئۆيدە ئەكبەر ئىككىمىز قالدۇق، قۇندۇز بىلەن گۈللالە سائادەت دوختۇرنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى.

— ئەمدى ئازراق چاي ئىچەيلى قىزلىرىم، مەن بەك جىق سۆزلەپ كەتتىم، تولا سۆزلەيدىغان خوتۇنكەن دەپ قالدىڭلارمىكىن، — دېدى سائادەت دوختۇر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق ئەمەس ئاپپاي، بىزگە بەك ياخشى گەپ قىلىپ بەردىڭىز، بىز بۇنداق ياخشى گەپ ئاڭلاپ باقمىغان، — دېدى گۈللالە.

سائادەت دوختۇر ئۇلارغا چاي قۇيۇپ بەردى. گۈللالە "ماڭامدۇق" دېگەن مەنىدە قۇندۇزنىڭ كۆزىگە قارىدى. قۇندۇز بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

گۈللالە تېلېۋىزورنىڭ يېنىغا قويۇپ قويغان سومكىنى قولىغا ئېلىپ، ئىچىدىن خۇرۇم چاپاننى چىقىرىپ، سائادەت دوختۇرنىڭ ئالدىغا قويدى.

— بۇ بىزنىڭ ئازراق كۆڭلىمىز ئاپپاي، قوبۇل قىلغايسىز، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن سىلەرنى كايىتىپ قويۇۋېتىمەن. قىزلىرىم بۇ بەك سەت ئىش بوپتۇ، بايام سىلەر ئۆيگە كىرگەندە قارىسام قولۇڭلاردا سومكا، ئىچىمدە "ئاپلا" دەپ قالدىم، سىلەرنى ئاشخانىغــــــلا چاقىرغان بولسامچۇ دەپ قالدىم، بۇنى ئالمىسام خاپا بولىسىلەر، بوپتۇ قوبۇل قىلاي، سىلەرگە كۆپ رەھمەت، — دېدى سائادەت دوختۇر.

گۈللالە قۇندۇزنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— چاندۇرما، — دېدى قۇندۇز ئۇنىڭ قولىقىغا پىچىرلاپ.

سائادەت دوختۇر ياندىكى ئۆيگە كىرىپ بىر كىچىك قۇتىنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

— ئەمىسە بۇ قول سائىتى سىزگە خاتىرە بولۇپ قالسۇن قىزىم، — دېدى سائادەت دوختۇر ئۇنى گۈللالىنىڭ ئالدىغا قويۇپ.

— مېنىڭ سائىتىم بار ئاپپاي، ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى گۈللالە.

— بۇ ياخشى سائەت قىزىم، سىزگە خاتىرە بولۇپ قالسۇن، قېنى، ئېچىپ كۆرۈپ بېقىڭ، — دېدى سائادەت دوختۇر كۈلۈپ تۇرۇپ.

گۈللالە قۇتىنى ئاچتى، قۇتىنىڭ ئىچىدىكى سائەت ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى.

— بەك چىرايلىق سائەتكەن ئاپپاي، — دېدى گۈللالە. قۇندۇز سائەتنى قولىغا ئېلىپ كۆردى.

— ئۆتكەن يىلى مەن شۋېتسارىيىگە چىققان، بۇ سائەتنى شۇ يەردىن ئالغان، ئۇچنى ئالغان ئىدىم، ئىككىسى ئىككى قىزىمىنىڭ قولىدا، مانا بۇنى سىزگە بېرىۋېتىمەن، خاتىرە بولۇپ قالسۇن، — دېدى سائادەت دوختۇر.

— رەھمەت ئاپپاي . . . . ، — دېدى گۈللالە.

— ئەسلىدە مەن سىلەرگە بۇ گەپلەرنى قىلماي دېگەنىدىم، لېكىن بۈگۈن سىلەر ماڭا ئېلىپ كەلگەن نەرسەڭلار مېنـــى

ئۆزگەرتىپ قويدى. ئەمدى مەن سىلەرگە ئۆزۈمنىڭ سىلەرگە ياردەم بەرمەكچى بولغان ھەقىقىي مەقسىتىمنى ئېيتاي، مەن بۈگۈن سىلەرگە بىر ياخشىلىق قىلىۋالاي دەپ ئۆيگە چاقىرغان. مەندە بۇنىڭدىن باشقا مەقسەت يوق، سىلەر مېنى توغرا چۈشىنىڭلار، ھازىر ھەممە ئادەم پۇلغا ئامراق بولۇپ كەتتى، مەسىلەن، بىزنىڭ مۇشۇ دوختۇرلار لوبەن، پۇلى بار كېسەللەرنى تالىشىپ قالىدۇ، بۇنداق ئەھۋالنى ھازىر جەمئىيەتتە ھەممە ئادەم بىلىپ كەتتى، شۇڭا سىلەرمۇ مېنى مۇشۇنداق بىر مەقسەتتە بىزگە يېقىنلىشىۋاتىدۇ دەپ خاتا چۈشىنىپ قالماڭلار، مېنىڭ دۇنياغا بولغان قارىشىم باشقىلارغا ئوخشىمايدۇ، بىر كەسىپ ئىگىسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، پۇل ھامان ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. چۈنكى سودىگەرنىڭ چىرايىغا قان بېرەلەيدىغان پۇل مەندەك كەسىپ ئىگىسىنىڭ قەلبىنى يورۇتالمايدۇ. مەن مۇشۇ پەلسەپەمنى ئۆزۈمگە بىر ئۆمۈر ھەمراھ قىلىپ ياشىغان ئادەم، ئەمەلىيەتتىمۇ مەن مۇشۇ ھەقىقەتنىڭ سايىسىدا مەنىلىك ياشىيالىدىم. مەن ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم نەرسە قولۇمدىكى تېخنىكا، ئۇنىڭدىن قالسا نام ـ شۆھرەت، بىزنىڭ نۇرغۇنلىغان ئادەملىرىمىز نام ـ شۆھرەتنى توغرا چۈشەنمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە خەلق يولىدا نام ـ شۆھرەت قازىنىشنىڭ ئۆزى بىر ئەھمىيەتلىك ئىش، ئۇ بىر ئادەمنىلا ئەمەس، يەنە ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەرنى، كۆپىنى نۇرلىتىدۇ، گۈللەندۈرىدۇ، شۇڭا مەن سىلەرگە ئوخشاش ئادەملەرگە ياخشىلىق قىلىپ كېلىۋاتىمەن، مەن بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى ئۆلىمەن، ۋاقتى كەلگەندە خۇدايىم ھەممە ئادەمدىن تولۇق ھېساب ئالىدۇ، مەن ياخشىلىق بىلەن ياشىسام، كۆزۈم يۇمۇلغاندىن كېيىن مېنىڭ ياخشىلىقلىرىم داۋاملىق مەنۋىيىمنى كىشىلەرنىڭ ئېسىگە سېلىپ تۇرىدۇ دەپ ئويلايمەن، شۇڭا مەن سىلەرگە ياردەم قىلىپ، ھەقىقىي قىممىتىڭلارنى ئۆزۈڭلارغا يەنە بىر قېتىم تونۇتىمەن، مانا بۇ مېنىڭ سىلەرگە ياخشىلىق قىلىشىمدىكى بىرىنچى مەقسىتىم،

ئەمدى ئىككىنچى مەقسەتكە كەلسەك، مەن سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سىلەرگە بولغان ھېسداشلىقىم ئاشتى، مېنىڭمۇ سىلەرگە ئوخشاش ياشلىق دەۋرىم بولغان، مەنمۇ جەننەتنىڭ ئەركىن كېپىنەكلىرىگە ئوخشاش خۇدانىڭ ئالتۇن باغچىسىدا سىرلىق مۇھەببەت باشلىغان يەردە رەڭگارەڭ گۈللەر بىلەن تەڭ مەست بولغان. ئەمدى مەن قىزىم گۈللالە سىزنىڭ بەدىنىڭىزدىكى كېسەلنى داۋالاپلا قالماستىن، مەنىۋىيىتىڭىزدىكى كېسەلنىمۇ ساقايتىمەن. مەن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى بىرقەدەر ئىگىلىگەن بولدۇم، سىز ئۆزىڭىزگە ئىشىنىشىڭىز كېرەك، سىز تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن بىر قىز ئىكەنسىز، ھازىر بىزنىڭ مىللىتىمىزنىڭ ئىچىدە سىزگە ئوخشاش ئوقۇغان قىزلار جىق ئەمەس، سىز تۇرمۇشتا ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندىن كېيىن، ئۆزىڭىزنى تاشلىۋېتىپسىز، مانا بۇ ئادەمدىكى ئەڭ چوڭ ئاجىزلىق. ئەگەر بىر ئادەم ئۆزىنى تاشلىۋەتسە، ئۇنى ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ، شۇڭا مەن سىلەرنى ئويغاتماقچى، ئۆزۈڭلارغا ئىشىنىڭلار، ھالال ئەمگىكىڭلارغا تايىنىپ، تىنچ، ساغلام، پاكىز ياشاڭلار. مۇشۇنداق ياشىساڭلار، مەنىلىك ياشىيالايسىلەر، سىلەر كېيىن تۇرمۇشلۇق بولىسىلەر، ئانا بولىسىلەر، شۇڭا سىلەر ئۈچۈن ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە پاكلىق. ئۇچىنچىدىن بىز بىر يۇرتلۇق ئىكەنمىز، مانا بۇ بىزنى يېقىنلاشتۇرۇۋاتقان يەنە بىر ئىش، مەن سىلەرنى كۆرسەم ئۆزۈمنىڭ يۇرتىنى كۆرگەندەك بولىمەن، مەن سىلەرنىڭ ئەھۋالىڭلارنى بىلگەندىن كېيىن، مۇنداق بىر ئويغا كېلىپ قالدىم، بىزنىڭ جەمئىيىتىمىز تېخى ھەرقايسى جەھەتلەردىن تەرەققىي قىلىپ كەتمىگەچكە، يەنە كونكرېت ئادەملەرنىڭ ئەھۋالى ئۆزگىچە بولغاچقا، بىزنىڭ بەزى قىزلىرىمىز جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ ئورنىنى تاپالماي قالغان. ئەگەر مۇشۇ شەھەردە ئۆزىنىڭ مۇقىم، مۇستەھكەم ئورنىدا ياشاۋاتقان، كۈلۈۋاتقان، گۈللىنىۋاتقان ئەقىل ئىگىلىرى مۇشۇ شەھەرگە بېشى قېيىپ تېنەپ ـ تەمتىرەپ كېلىپ

قالغان ئاجىزلارغا ياردەم قولىنى سۇنسا، ئۇلار چوقۇم چىقىش يولىنى تاپالايدۇ دېمەكچىمەن. بۇ بەكمۇ ئەھمىيەتلىك ئىش. ھەممە يۇرتتىن كەلگەنلەر مۇشۇ شەھەردە ئۆز يۇرتىدىن كەلگەن ئاجىزلارغا ئىگە بولسا، بىر ئادەم بولسىمۇ ئۇنىڭغا تۇز ياشاشنىڭ توغرا يولىنى كۆرسەتسەك، ئۇ ئادەم يەنە بىر ئادەمگە يول كۆرسەتسە، ئۇ ۋاقىتتا بىزمۇ جەمئىيەتكە ئاز - تولا ئىش قىلغان بولىمىز، ئەڭ مۇھىمى، مۇشۇ جەمئىيەتتە نورمالنى ياشايدىغان بىر ئادەم كۆپەيسە، ئۇمىد گۈلىدىن بىرسى پەيدا بولىدۇ. ئاشۇ ئادەملەر ئىچىدە بىرەر سەر خىل ئادەم چىقىپ قالسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇ نۇرغۇنلىغان ئادەملەرگە گۈل تۇتالايدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاشۇ رەڭگارەڭ ئۇمىد گۈلىگە ئىگە بولغان ئەزىمەتلەر مۇشۇ جاھاننىڭ ئاساسىي قۇرغۇچىلىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. دېمەك، كونكرېت ئادەملەرگە ياردەم بېرىش ئەڭ چوڭ ئىش. مەسىلەن، ماڭا ئوخشاش ئوقۇيالىغان، جەمئىيەتتە ئورنى بار ئادەملەردە بىرەر ئاجىزغا ياردەم بېرەلەيدىغان پۇرسەت ۋە ئىمكانىيەت بار، مۇشۇنداق ئادەملەر ئۆز پۇرسىتىنىڭ ئاز بىر قىسمىنى جەمئىيەتتە ئېزىپ يۇرگەن ئاجىزلارغا بەرسە، ئۇلار ھاياتىنىڭ ئەڭ مۇھىم باسقۇچىدا چىقىش يولىنىڭ دەسلەپكى بېشىغا دەسسەپ قىلىشى مۇمكىن. بىز ئۈچۈن بۇ ئادەتتىكى ئىش بولغىنى بىلەن، ئۇلار ئۈچۈن بەك چوڭ ئىش. نۇرغۇنلىغان ئاجىزلار ئۆز تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتكۈسى كېلىدۇ، لېكىن ئۇلار پۇرسەتكە ئىگە بولالمىغانلىقتىن، قىلغۇسى كەلمىگەن ئىشلارنى قىلىپ قويۇشقا مەجبۇر بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەر دائىم بىزنىڭ ياردىمىمىزگە موھتاج. . . .

— رەھمەت ئاپپاي، — دېدى گۈللالە كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ.

ئۇلار سائادەت دوختۇر بىلەن خوشلاشتى. قۇندۇز ماشىنىنى ھەيدەپ كېلىۋاتاتتى، گۈللالە ئۇنىڭغا:

— بۇ ئاپپاي بەك تېگى بىلەن گەپ قىلىدىكەن ئاداش، —

دېدى.

— زىيالى دېگەن شۇ ئاداش، بىر ئېغىز گەپ بىلەن تۈگىتىدىغان ئىشنى ئايلاندۇرۇپ بىر كۈن سۆزلەيدۇ. شۇنداق قارىسام ئاداش بۇ ئاپپاي بىزنىڭ يۈرۈش - تۇرۇشلىرىمىزدىن خەۋەر تېپىپ بولغاندەك. . . .

— بەك ياخشى ئايالكەن ئاداش، مېنىڭ مۇشۇنداق بىر ئاپام بولۇپ قالغان بولسىچۇ؟ — دېدى گۈللالە.

— راست ئاداش، ھەقىقەتەن ياخشى ئايال ئىكەن، ھەممە ئىشنى بىلىدىكەن.

گۈللالە دوختۇرخانىدا بىر مەزگىل ياتقاندىن كېيىن، كېسىلى پۈتۈنلەي ياخشى بولۇپ كەتتى، سائادەت دوختۇر كىرىپ، ئۇنىڭغا:

— پۈتۈنلەي ساقىيىپ كەتتىڭىز گۈللالە، ئەمدى رەسمىيەتلەرنى ئۆتەپ چىقىپ كەتسىڭىز بولىدۇ، — دېدى.

— رەھمەت ئاپپاي، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— كەچتە ئۆيگە كىرىپ تاماق يەپ كېتىڭلار، قۇندۇزغا خەۋەر قىلىۋېتىڭ، مەن سىلەرگە چۆچۈرە ئېتىپ بېرەي، بۇ بىزنىڭ خوشلىشىش تامىقىمىز بولۇپ قالسۇن، — دېدى سائادەت دوختۇر.

— رەھمەت ئاپپاي، يەنە سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇق، — دېدى گۈللالە.

— ئۇنداق دېمەڭ قىزىم، مەن سىلەر ئۈچۈن ئاۋارە بولۇشنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى سائادەت دوختۇر.

كەچتە قۇندۇز بىلەن گۈللالە سائادەت دوختۇرنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ئۇلار كەلگەندىن كېيىن سائادەت دوختۇرنىڭ يولدىشى ئۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

— ئېرىمۇ بەك كېلىشكەن ئادەم ئىكەن ئاداش، — دېدى گۈللالە قۇندۇزنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

— شۇنداق بولىدۇ - دە ئاداش، ئۆزى چىرايلىق بولغاندىن كېيىن چىرايلىق ئەرنى تېپىپ تەككەن گەپتە.

سائادەت دوختۇر ئاشخانىدىن تاماقنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئۇ تاماقنى قىزلارنىڭ ئالدىغا قويۇپ، ئۇلارنى تاماققا تەكلىپ قىلدى.

— ئەمىسە تاماق ئېلىڭلار قىزلىرىم، گۇللالە ئەتە دوختۇرخانىدىن چىقىدۇ، بۇ خوشلىشىش چۆچۈرىسى بولۇپ قالىدىغان بولدى، كېيىن كۆرۈشكەندە بىز چۆچۈرە بىلەن خوشلاشقان دەيدىغان بولدۇقتە، — دېدى سائادەت دوختۇر.

— رەھمەت ئاپپاي، — دېدى قۇندۇز.

تاماقتىن كېيىن، سائادەت دوختۇر ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئالما بىلەن ئۈزۈم ئەكەلدى.

# 17

ئاردىن بىر ئاي ئۆتتى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى يەنىلا ئىلگىرىكىگە ئوخشاش داۋام قىلىۋەردى. بىر كۈنى ئەتىگەندە قۇندۇز گۇللالىگە تېلېفون بەردى. ئۇنىڭ ئۆيدە ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيىگە كەلدى.

— بىر يەرگە بارىدىغان بولۇپ قالدۇق ئاداش، مالىك، مۇسا ئىسىملىك ئىككى خوجايىن بار ئىدى، ئۇلار بىلەن كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان، بايام تېلېفون قىپتۇ، تاغقا چىقىپ ئويناپ كەلسەك دەيدۇ، ماقۇل دەپ قويدۇم، تاغ سەل سوغۇقراق، بىر پوپايكا ئېلىۋال، ھاۋا يەپ كىرمەيمىزمۇ، — دېدى قۇندۇز.

— چىقمىزما ئاداش؟ — دېدى گۇللالە.

— چىقىپ كىرەيلى ئاداش، بۇ يىل بىر قېتىممۇ تاغقا چىقماپتۇق، — دېدى قۇندۇز. ئۇ كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە تۇرغان بىر كىتابنى قولىغا ئالدى.

— كىتاب ئوقۇشنى باشلىۋېتىپسەندە ئاداش.

— شۇنداق، ئاپپاينىڭ گەپلىرى ماڭا خېلى تەسىر قىلدى،

كېتىدىغان ئىشنى قانداق قىلىمىز؟
— مەنمۇ مۇشۇ ئىشنى ئويلاۋاتىمەن، كەتسەك نېمە ئىش قىلارمىز ئۇ شەھەردە، ئۆزىمىزنىڭ يۇرتى بولغىنى بىلەن ئادەملىرى بىلەن خۇشام يوق ئاداش مېنىڭ، بولۇپمۇ بىزنىڭ مەھەللىدە بىرنەچچە ئادەملەر بار، ئۇلار يىغلىغان ئادەمنىڭ تاماشىسىنى كۆرۈشكە ئامراق، كېتىدىغانغا ئالدىرىمايلى ئاداش، — دېدى قۇندۇز.
گۇللالە گەپ قىلمىدى.
— پوپايكاڭنى ئال ئاداش، مالىك ھازىرلا تېلېفون بېرىدۇ، — دېدى قۇندۇز.
گۇللالە پوپايكىسىنى تېپىپ سومكىغا سالدى. قۇندۇزنىڭ قولفونى جىرىڭلىدى.
— ھە، مەن، ھە، گۇللالىمۇ بارىدۇ، بىزنىڭ بىنانىڭ ئالدىدىكى ئاپتوبۇس بېكىتىدە كۆرۈشەيلى ئەمىسە، سىلەر ئاشۇ يەرگە كېلىپ بولغاندىن كېيىن بىزگە تېلېفون قىلىۋېتىڭلار، — دېدى.
— بىز تۇۋەنگە چۈشۈپ تۇرايلى ئاداش، ئۇلار كەلگەندە بىرىپلا ماشىنىغا چىقىمىز، — دېدى قۇندۇز.
ئۇلار ئۆيدىن چىقتى. بىنادىن چىققاندىن كېيىن، گۇللالە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى، بۈگۈن ھاۋا بەكمۇ ياخشى ئىدى، ئۇزاق ئۆتمەي قۇندۇزنىڭ قولفونى جىرىڭلىدى.
— ھە، مەن، كېلىپ بولدۇڭلارمۇ، ھە، بېكەتنىڭ ئۇدۇلىدىكى چوڭ ماگىزىننى كۆردۈڭلارمۇ، بىز مۇشۇ يەردە، ماشىنىنى ماگىزىننىڭ ئالدىغا ئەكىلىڭلار ئەمىسە. . . .
بىردەمدىلا ئىككى ماشىنا ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.
— ئىككى ماشىنا بىلەن كەلگەن ئوخشىمامسىلەر، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرغان مالىككا قاراپ تۇرۇپ.
— ئازادىرەك ماڭايلى دېدۇق! — دېدى مالىك قۇندۇزنىڭ

كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— قانچە سائەتتە چىقىمىز ئۇ دېگەن يېرىڭلارغا، — دېدى قۇندۇز.

— تېز ماڭساق ئىككى سائەتتە چىقارمىز.

— يېقىنراق يەر يوقما؟

— يېقىن يەرنىڭ پەيزىسى بولمايدۇ - دە!

— ئۆزۈڭلار يوقاپ كەتتىڭلارغۇ؟ — دېدى قۇندۇز.

— ئىش - ئوقەت بىلەن بولۇپ كەتتۇق، ئەمىسە ماڭمىزما. ماۋۇ دوستىڭىزنى تونۇشتۇرۇپ قويمىدىڭىزغۇ؟

— بۇ دوستۇمىنىڭ ئىسمى گۈللالە، ئىككىمىز بىر يەردىن.

— ھە، ياخشى، چىرايلىق ئىسمى بار ئىكەن، ئەمىسە يولغا چىقتۇق، — دېدى مالىك.

مالىك ماشىنىسىنى قوزغاي دەپ تۇراتتى، مۇسا ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ھە، ماڭالمايسىلەرغۇ، — دېدى مۇسا كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مانا ئەمدى ماڭايلى دەپ تۇراتتۇق، — دېدى مالىك، — بۇ ئاي قىزنى ساڭا تونۇشتۇرۇپ قوياي ئاداش، ئىسمى گۈللالە بولىدۇ، بىزنىڭ قۇندۇزنىڭ دوستى.

— ياخشى، ياخشى، گۈللالە، نېمدېگەن چىرايلىق ئىسىم، — دېدى مۇسا گۈللالىگە قاراپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە ماڭايلى ئاداش، — دېدى مالىك.

— مەن دەيمەن ئاداش، بىزدە ئىككى ماشىنا بولغاندىن كېيىن، بىرەر دۇتارچى ئېلىۋالمايمىزمۇ؟ — دېدى مۇسا.

— بىر دۇتارچى ئېلىۋالساق دەمسەن؟ مەيلى، بىراق بىر ئەمەس ئىككى ئادەم ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ - دە! — دېدى مالىك.

— دۇتارچىنى تاپساق ئۆزىنىڭ غېمىنى ئۆزى قىلمامدۇ؟ — دېدى مۇسا.

— كىمنى ئالىمىز ئەمىسە؟

— هېلىقى سەمەتنى ئېلىۋالمايمىزمۇ.
— بولىدۇ، سەمەتكامنى ئېلىۋالايلى، بىراق چوڭ بىر ئادەمنى سۆرەپ يۈرىمىزما ئاداش؟ — دېدى مالىك.
— ئۆزى چوڭ بولغىنى بىلەن كۆڭلى ياش ئۇ ئاداشنىڭ، — دېدى مۇسا.
— ئۇنىڭ ئالاقىلىشىش نومۇرى بارمۇ سەندە؟
— نومۇرى دەمسەن، بار، — دېدى مۇسا قولفونىنى ئېلىپ. ئۇ سەمەتكە تېلېفون قىلدى.
— ھە، سەمەتكاما؟ كىم؟ مۇشۇنداق ئادەم تونۇمايسىز ئەمەسمۇ، چاندۇرىسىز ئەمەسمۇ، بىرنېمە دېسە بىز ئويۇن ئوينىغاندا سىلەر تېخى بۆشۈكتە دەيسىز، ئوينايدىغان ۋاقىتتا ئادەم تونۇمايسىز ئەمەسمۇ، تونۇيالمىدىڭىزما؟ كىم مەن مۇسا بولىمەن، ھە، شۇ، نەدە ئۆزىڭىز، باغدا؟ قاق سەھەردە باغدا نېمە قىلىسىز؟ مېھمان بارمىتى؟ قانداق مېھمانكەن ئۇ سەھەردە باغقا كىرىپ ئولتۇرىدىغان، ئەلۋەتتە ئىش باردە، بولمىسا سىزنى ئاۋارە قىلمايمىزغۇ، تاغقا چىقماقچى، پەيزىڭىز قانداقراق؟ بىر قونىمىز، شۇ، ئەلۋەتتە رەڭلىك چىقىمىزدە، ئۆزىڭىزنىڭكىنى ئۆزىڭىز تاپىسىز ـ دە، ھە، ماۋۇ گەپ بولىدۇ، ئەمىسە بىر سائەتتىن كېيىن كىنوخانىنىڭ ئالدىدا تېپىشايلى، ھېلىقى ياخشى دۇتارىڭىزنى ئېلىۋالىسىز ـ دە، — دېدى مۇسا.
— ھە، بولدىغۇ مانا، بىراق بىر سائەتتىن كېيىن دېدىڭ ئاداش، بىر سائەتكىچە نېمە قىلىمىز؟ — دېدى مالىك.
— تاغ دېگەندە گۆشتىن باشقا نەرسە يوق ئاداش، بازارغا بېرىپ ئازراق بىرنېمە ئېلىۋالايلى.
— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن ئاداش، ئۇ دېگەن ساياھەت ئورنى تۇرسا، ھەممە نەرسە بولىدۇ ـ دە ئۇ يەردە.
— مەن تاغدىكى ساياھەت ئورنىنى بىلمەن ئاداش، ئازراق بىرنېمە ئېلىۋالايلى، ئۆزۈڭدە يوق ئالەمدە يوق دېگەن گەپ بار.

— ئەمىسە بازارغا بارامدۇق؟

— سىلەر بازارغا بېرىپ ئاندىن ماڭىدىغان ئىش بولسا، بىز ئۆيدە تۇرۇپ تۇرغان بولساق بوپتىكەن، — دېدى قۇندۇز.

— ئەمدى ئۇنداق قىلساڭلار بولمايدۇ، بىر سائەت دېگەن بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىز بازارغا كىرىپ ئاز - تولا بىرنېمە ئېلىۋالايلى، سىلەر شۇ ئەتراپتا ماگىزىن ئايلىنىپ تۇرىسىلەر، سودىمىز تۈگىگەندىن كېيىن سىلەرگە تېلېفون بېرىمىز، ئاندىن كىنوخانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۇلارنى ئېلىپ ماڭىمىز! — دېدى مالىك.

ئۇلار بازارغا كەلگەندە، مالىك بىلەن مۇسا بازارغا كىرىپ كەتتى، قۇندۇز بىلەن گۈللالە ماشىنىدىن چۈشۈپ، بىر ماگىزىنغا كىرىپ كەتتى.

— مۇشۇنداق قىلغاندىكىنلا سۈيۈم قاچىدۇ - دە مېنىڭ، بىر يەرگە بارىمىز دېگەندىكىن ماشىنىغا چىقىپلا مېڭىش كېرەك ئەمەسمۇ! — دېدى قۇندۇز.

— سازەندىنى ئېلىۋالساق ياخشى ئەمەسمۇ ئاداش، ناخشا ئاڭلاپ ئولتۇرىمىز ئەمەسمۇ! — دېدى گۈللالە.

مالىك بىلەن مۇسا سودىسىنى تۈگىتىپ، ماشىنىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئالغان نەرسىلىرىنى ماشىنىنىڭ كەينىگە ئورۇنلاشتۇردى. مالىك قۇندۇزغا تېلېفون قىلدى. ئۇلار يىغىلىپ ماشىنىغا چىقىپ، كىنوخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— سەمەتكام كېلىپ بوپتۇ، بىز ماشىنىدىن چۈشمەيلى، ئۇلار مۇسانىڭ ماشىنىسىغا چىقسۇن، — دېدى مالىك سەمەتنى كۆرۈپ.

مۇسا ماشىنىسىدىن چۈشۈپ، تېلېفون بوتكىسىنىڭ ئالدىدا دۇتار تۇتۇپ تۇرغان سەمەت بىلەن كۆرۈشتى.

قۇندۇز ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، سەمەتنى كۆردى.

— ۋاي خۇدايىمەي، چىشى قالمىغان بىر ئادەمغۇ ئۇ، — دېدى

قۇندۇز مالىككە قاراپ تۇرۇپ.

— چوڭ بولغىنى بىلەن مەن - مەن دېگەن يىگىتلەردىن قېلىشمايدۇ ئۇ ئوغرى، قاتتىق پەيزىسى بار، — دېدى مالىك.

— ئاداش، ئۆزى يالغۇزغۇ؟ — دېدى گۈللالە دۇتارىنى كۆتۈرۈپ ماشىنىغا چىققان سەمەتكە قاراپ تۇرۇپ.

— يالغۇز ئەمەس، كەينىدىن كېلىدۇ، — دېدى مالىك.

راست دېگەندەك بىردەمدىلا كىچىك بىر قىز ماشىنىنىڭ قېشىدا پەيدا بولدى، ماشىنىنىڭ ئىشىكى ئىچىدىن ئېچىلدى، قىز ماشىنىغا چىقتى.

— ۋاي خۇدايىمەي، كىچىك بىر قىزغۇ ئۇ، — دېدى گۈللالە.

— قانداق، قېرى گۈينىڭ پەيزىسى بارمىكەن، بۇ قىزنىڭ ئېتى سەنەۋۋەر، ئۇ سەمەتكامنىڭ شاگىرتى بولىدۇ، دۇتاردا ناھايىتى ياخشى يېتىشتى بۇ قىز، — دېدى مالىك.

مۇسانىڭ ماشىنىسى قوزغالدى، مالىكمۇ ماشىنىسىنى قوزغىدى، ئۇلار چوڭ يولغا چىقىپ، تاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ماشىنا چوڭ بىر سايغا كىرىپ سۇ ياقىلاپ يېرىم سائەت ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلار چۈشمەكچى بولغان ساياھەت ئورنى كۆرۈندى. ساياھەت ئورنى ئۆستەڭنىڭ ئۇ قېتىدىكى تۈزلەڭلىكتە بولۇپ، شىپاڭدەك ئېگىز كۆتۈرۈپ سېلىنغانىدى.

ئۇلار ماشىنىدىن چۈشتى. مالىك بېرىپ سەمەت بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئېگىز تاغدىكى قارىغايلارغا قاراپ تۇرغان قۇندۇز بىلەن گۈللالىنى چاقىرىپ، سەمەت بىلەن سەنەۋۋەرنى ئۇلارغا تونۇشتۇردى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، خۇش كەپسىلەر مېھمانلار، — دېدى ساياھەت ئورنىنىڭ خوجايىنى ياسىن مالىك بىلەن كۆرۈشۈپ.

— ۋەئەلەيكۇمئەسسالام، سالامەت تۇرامسەن ئاداش، مانا، سېنى يوقلاپ چىقىپ قالدۇققۇ، — دېدى مالىك ياسىننىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇپ.

— قارشى ئالىمىز ئاداش، ياخشى چىقىپسىلەر، — دېدى ياسىن.

ياسىن باشقا مېھمانلار بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى كۈتۈۋېلىش ئورنىغا باشلىدى. كۈتكۈچى قىزلار ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىپ، ئۈستەلگە داستىخان سېلىپ، ئۇلارغا چاي قويدى.

— بۈگۈن مېھمان يوققۇ ئاداش! — دېدى مالىك.

— ئادەتتە سەيشەنبە، چارشەنبە كۈنلىرى ئادەم ئاز كېلىدۇ ئاداش، جۈمە كۈندىن باشلاپ ئادەم يېغىپ كېتىدۇ بۇ يەرگە، — دېدى ياسىن كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مانا، تاغ دېگەننىڭ ھاۋاسى نېمىدىگەن ياخشى - ھە، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ياشارتىدىغان ھاۋادە بۇ، — دېدى سەمەت قولىدىكى پىيالىنى ئۈستەلگە قويۇپ.

— ئەمدى شەھەرگە قايتقاندا سەمەتكا مۇسالار بىلەن تاغقا چىقىپ ھاۋا يەپ كىردۇق دەپ ماختىنىپ كېتىسەندە! — دېدى مۇسا سەمەتكە چاقچاق قىلىپ.

— سېنىڭ كەينىڭگە كىرىپ يېمىگەن شۇ نەرسە قالغان ئۇكا ئەمدى، — دېدى سەمەت.

— كۆڭلۈڭ ياخشى بولغاندىكىن ھەممە نەرسىنى يەيسەندە ئاكا ئەمدى، — دېدى مۇسا.

— مەندە كۆڭۈل نېمە قىلسۇن ئۇكا، كۆڭلۈم بولسا سەن خەقنىڭ كەينىدىن يۈرەمدىم، — دېدى سەمەت.

ئولتۇرغانلارنىڭ ھەممىسى كۈلۈپ كەتتى.

— خوش، ئەمىسە گەپ قىلغاچ تۇرايلى، چۈش بولۇپ قاپتۇ، چۈشكە بىر تاماق قىلىپ بەر ئاداش، نېمە قىلىپ بېرىسەن؟ — دېدى مالىك ياسىنغا قاراپ.

— كۆڭلۈڭلار نېمە تاماق تارتىدىكى؟ — دېدى ياسىن.

— قانداق تاماقلىرىڭ بار؟

— نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىپ بېرىمەن.

— نېنىڭ بارما؟
— تاۋىغا سالغان نان بار ئاداش.
— ھە، تاغ دېگەن مۇشۇنداق يەر ئاداش، نان توشامدۇ بۇ يەرگە، بىزنىڭ ماشىنىدا نان بار ياسىن ئاداش قويدىن بىرنى سوي، ئوخشىتىپ قورداق قىلىپ بەر، ئالدى بىلەن تاماق يەۋالايلى، ئاندىن شورپا، كاۋاپ قىلىپ بەر. كەچكە ئۇگرىگە تەييارلىق قىلىپ قوي، ئۇستىخانلارنى قازانغا سېلىپ قويساڭ شورپىسى چىقىپ قالىدۇ، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈڭ كەلتۈرۈۋېتىسەنغۇ!
— خاتىرجەم بول ئاداش، ئالامەت كەلتۈرۈۋېتىمەن.
— سەن بىزدەكلەرگە بەك ئامراق ھە ئاداش، — دېدى مۇسا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ.
— شۇنداق ئاداش، سىلەر دوللار خەجلەيسىلەر ئەمەسمۇ! — دېدى ياسىن كۈلۈپ تۇرۇپ.
— ھە، ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ مانا، — دېدى مالىك.
— قارا قويلاردىن بارمۇ ئۇكا؟ — دېدى سەمەت.
— بار ئاكا.
— ئەمىسە قارا قوي سوي، قارا قوينىڭ گۆشى تاتلىق بولىدۇ، — دېدى سەمەت.
— بۇ ئادەم بۇرۇن تاغدا جىق تۇرغان، تونۇيدىغان قويلىرىمۇ جىق، تونۇمىغان قوينىڭ گۆشىنى يېمەيدۇ بۇ ئادەم، — دېدى مۇسا سەمەتكە چاقچاق قىلىپ.
— سىلەر كىچىك ئۇكا، گۆشنىڭ تەمىنى بىلمەيسىلەر، — دېدى سەمەت بوش كەلمەي.
چايدىن كېيىن، ئۇلار تاغ سەيلىسى قىلىپ تەرەپ - تەرەپكە كەتتى، ياسىن قوي سويۇشقا كىرىشتى.
تاغ مەنزىرىسى ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى، گۈللالە ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ قولىنى سۇغا تىقتى، سۇنى ئوچۇملاپ ئېلىپ ئىچتى.
ئۇلار تەرەپ - تەرەپتىن قايتىپ كەلگەندە، تاماق تەييار

بولغانىدى. مۇسا ماشىنىنىڭ كەينىدىكى نان قاتارلىق نەرسىلەرنى كېلىپ ئۇستەلگە قويدى. قورداق بەكمۇ ئوخشىغانىدى، ئۇلار هۇزۇرلىنىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. ئارقىدىن كاۋاپ كەلتۈرۈلدى. ئۇلار هاراق ئىچىشكە باشلىدى.

— ئەمىسە دوستلار تارتىنماي ئېلىڭلار، ئوتۇننىڭ چوغىدا پىشۇرغان كاۋاپ بەك تاتلىق بولىدىكەن ئەمەسما! — دېدى مالىك مېهمانلارنى كاۋاپقا زورلاپ.

— تونۇش قوينىڭ كاۋاپى مۇشۇنداق تاتلىق بولىدۇ، — دېدى مۇسا سەمەتكە چاقچاق قىلىپ.

— مۇشۇ كۈندە هەممە نەرسىنىڭ تونۇشى ياخشى، — دېدى سەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مۇشۇ هاراقلارمۇ سېنى تونۇمدىكىن دەيمەن سەمەتكا، — دېدى مۇسا.

— ئەلۋەتتە، بىز دېگەن قانداق ئادەم ئۇكا، مەدەنىيەت زور ئىنقىلابىدا خەقلەر گەپ تالىشىپ تىللىشىپ، هوقۇق تالىشىپ ئۇرۇشۇپ يۈرگەندە، ۋېچىر ئويناپ كۈلۈپ ياشىغان ئادەم تۇرساق، ئۇ هاراقلىرىڭ بىزنى تونۇماي كىمنى تونۇيدۇ، ئۇنى دېسەڭ قولۇڭدىكى ئۈزۈكۈڭمۇ مېنى تونۇيدۇ، — دېدى سەمەت.

— يائاللا، كۆزۈڭ بەك ئىتتىك هە سېنىڭ، كۆزۈڭ قولۇمدىكى ئۈزۈككە چۈشۈپتۇدە، خۇدايىم قاش - كۆزلىرىڭگە دەرد بەرمىسۇن ئاكا! — دېدى مۇسا.

— پارقىرايدىغان نەرسە بولسا كۆزىمىز چۈشۈۋېرىدۇ - دە ئۇكا بىزنىڭ، بىزنى دورىيالمايسەن تېخى، قېشىڭدا ئولتۇرغان گۈللىلىگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، ساڭا يۈز كېلەلمەي ئۈزۈكنى بېرىۋېتىپتۇ - دە هە ساڭا! — دېدى سەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— كۆنلەپ كېتىۋاتىسەن - هە! بېرىدىغان بىرەر نەرسەڭ بارمىتتى؟ — دېدى مۇسا.

— مالىك، تاماشا كۆرۈپ ئولتۇرماي، ئاغىنەڭگە گەپ

قىلمامسەن، قېرىغاندا ئادەمنى تېگى - تۆپى قىلمۇېتەمدۇ نېمە بۇ گۇيۇك، — دېدى سەمەت.

— مۇسانىڭ مىجەزىنى بىلىسەن سەمەتكا، قېلىن ئادەم دېگەنگە بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ، ھەر ھالدا بۇنىڭ بىلەن بىر نېمە دېيىشىپ قالما، — دېدى مالىك.

— راست دەيسەن ئۇكا، ئاقىل ئۆزىنى ئايايدۇ دېگەن گەپ بار، مەن ھەر ھالدا ئاز گەپ قىلاي، — دېدى سەمەت.

— گەپىڭلا ئەمەس، قېرىغاندا ئىشىڭمۇ ئاز قىلساڭ بولىدۇ ئەمدى سەن، — دېدى مۇسا.

— ئالدىراپ كەتمە ئۇكا، سېنى ئۇخلىتىپ قويىمىز تېخى، — دېدى سەمەت بوش كەلمەي.

— ئەمىسە چاقچاقمۇ بولسۇن ئويۇنىمىزنىمۇ باشلىغاچ تۇرايلى، بايام ئۆزئارا تونۇشۇۋالدۇق، بۇگۇن باشقا ئىش يوق، بىردەم - يېرىمدەم دەم ئالايلى دەپ مۇشۇ يەرگە چىقىپ قالدۇق، ساقلىقنى مەن قىلىپ بېرەي، بىز ئاق ھاراق ئىچەيلى، قىزلار قىزىل ھاراق ئىچسۇن، خۇدايىم بۇيرۇسا تاڭ ئاتقۇچە ئوينايمىز، سەمەتكام بىلەن سەنەۋۋەر قىز بىزگە دۇتار چېلىپ بېرىدۇ، ئويۇننى شاما قىلمۇېتىمىزغۇ بۇگۇن، — دېدى مالىك.

مالىك ھاراق قۇيۇشقا باشلىدى.

— سەمەتكامىمۇ قىزىل ھاراق ئىچىدۇ ھەقىچان، — دېدى مۇسا چاقچاق قىلىپ.

— رۇباشكاڭنى بېرىپ تۇراي دېگەنتىڭما؟ — دېدى سەمەت كۇلۇپ تۇرۇپ.

ئولتۇرغانلار قاقاقلاپ كۇلۇشۇپ كەتتى.

— ياخشى سەمەتكا، مۇسانى ئىلمۇەتتىڭ، يارايسەن، ماقۇل ئەمىسە، ئىچتۇق، ھۆرمەتلىك ئوتتۇز ئوغۇل توققۇز قىز، بۇگۇن ئۇچۇن، مۇشۇ تاغلار ئۇچۇن، كۆز ئالدىمىزدا شىرىلداپ ئېقىۋاتقان ئۇلۇغ سۇ ئۇچۇن، يەنە چاقچاق - كۇلكىلىرىمىز ئۇچۇن ئىچتۇق

ئەمسە! — مالىك قولىدىكى هاراقنى ئىچىۋەتتى.

— مۇسا، ئەمدى سەن ئاداش، سەمەتكامنىڭ قېشىدا جىم ئولتۇرساڭ بولغۇدەك، — دېدى مالىــــك مۇسانــــى سەمەتكە كىرىشتۇرۇپ.

— سەمەتكام قېرىپ قالدى، بىردەم بولسىمۇ خۇشال بولۇپ قالسۇن دەپ گەپ قىلىپ بېرىۋاتىمەنغۇ؟!

— دۇئاسىنى ئالاي دەپسەندە!

ئۇلار يەنە بىر قېتىم كۈلۈشتى.

— ســەمەتكا، بــىردەم ســاز ئــاڭــلىساق، مۇڭلۇق پەدىــدىن بىر - ئىككىنى ئورۇنداپ بەرمەمسەن! — دېدى مالىك.

— چالاي ئۇكا چالاي، چالمىز دەپ ياشاۋاتىمىزغۇ، — دېدى سەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

سەمەت قولىغا دۇتارنى ئالدى، سەنەۋەر دىققىتىنى سەمەتكە مەركەزلەشتۇردى.

سەمەت دۇتارنى تەڭشەپ، پۈتۈن ھېسسىياتى بىلەن چېلىشقا باشلىدى. ئۇ دۇتارنى ھەقىقەتەن ياخشى چالاتتى. دۇتارنىڭ مۇڭلۇق كۈيلىرى ھەممەيلەننى جەلپ قىلىۋالدى. ئاشخانىدا ئىشلەۋاتقان باللارمۇ جىمىپ كەتتى، دۇتارنىڭ يېقىملىق مۇڭىغا ئەسىر بولۇپ كەتكەن گۈللالە كۆزىنى سەمەتنىڭ قولىدىن ئۈزمــــــدى. ئۇ سەمەتنىڭ دۇتارىدىن تارالغان مۇڭ دۇنياسىغا غەرق بولغانىدى، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بۇ سىرلىــق ئاھاڭلار ئۇنى پەرۋاز قىلدۇرۇشقا باشلىدى، شۇ تاپتا ئاشۇ قارىغايلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئادەملەرگە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇ ھەدىســــى ماھىنۇرنى، ئاكىسى قۇتلۇقنى، دوستلىرىنى، ساۋاقداشلىرىنى، كېچە - كۈندۈز دېمەي دەريا بويىدا بېلىق تۇتىدىغان ئاركاشكىنى، چىرايىغا قارىسا ئىچكى دۇنياسىنىڭ ھەممە يېرىنى كۆرگىلــى بولىدىغان نىنانى كۆرگەندەك بولدى، ئاشۇ ئادەملەر ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈۋاتاتتى.

سەمەت قايتا - قايتا تۆت پەدە چېلىپ بولغاندىن كېيىن، دۇتارنى قېشىغا قويۇپ قويدى، مېھمانلار ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ چاۋاك چالدى.

— رەھمەت سەمەتكا، قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن، — دېدى مالىك.

— ئېيتقىنىڭ كەلسۇن ئۇكا، — دېدى سەمەت.

— خوش، ئەمدى سەنەۋۋەر قىزنىڭ مۇڭىنى ئاڭلاپ باقمايمىزمۇ؟! — دېدى مۇسا.

— بولىدۇ، سەنەۋۋەر بىرنەچچە پەدە چېلىپ بەرسۇن، ئاڭلايلى، — دېدى قۇندۇز.

سەنەۋۋەر ئەرلەرگە ئوخشاش، ئۇستىخانلىق قىز ئىدى. دېمەك، ئۇنىڭ بويى يېشى بىلەن ماس كەلمەيتتى. ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرى دۇتارچىدەك ئەمەس، رەمچىدەك پارقىراپ تۇراتتى. بىراق ئۇنىڭ قولى ئۇزۇنىدى، خاس دۇتار چېلىش ئۈچۈنلا يارالغاندەك ئۇزۇن بىلەكلىرى دۇتارنىڭ قۇلىقىدىن ئېشىپ تۇراتتى، ئۇ قولىغا دۇتارنى ئالدى.

— بولىدۇ ئەمىسە، سىلەرنىڭ ھۆرمىتىڭلار ئۈچۈن بىرنەچچە پەدە چېلىپ بېرەي، — دېدى سەنەۋۋەر يوغان كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ.

سەنەۋۋەر دۇتار چېلىشقا باشلىدى. دېمىسىمۇ سەنەۋۋەرنىڭ چېلىشى ئۆزگىچە ئىدى، ئۇلار تىنچ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ مۇڭىدىن ھۇزۇرلاندى. سەنەۋۋەر ئىككى پەدە چېلىپ بولغاندىن كېيىن، دۇتارنى قويۇپ قويدى.

مېھمانلار سەنەۋۋەرگە رەھمەت ئېيتىپ چاۋاك چالدى.

سەنەۋۋەر كۇلۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ كۇلسە تېخىمۇ سەتلىشىپ كېتەتتى، گۇللالە سەنەۋۋەرگە قاراپ ئويلىنىپ قالدى.

— توۋا، مۇشۇنداق سەت قىز ئاشۇنداق مۇڭلۇق ساز چالالايدىكىنا، — دېدى ئىچىدە.

— بۇ قىزنىڭ ماختىنىۋېلىشى بولسا كېرەك سەمەتكا، ياخشى ئۆگىنىپسىز، مېنىڭمۇ ھۇنىرىم بار، مەسىلەن، مەن ماشىنىنى ناھايىتى ياخشى ھەيدەيمەن، سەن مۇشۇنداق سورۇنلاردا كۆپ يۈرسەن سەمەتكا، ئېسىڭدە بولۇپ قالسا، ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىمەن دەيدىغان قىزلار بولسا ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويارسەن! — دېدى مۇسا قولىدىكى ھاراقنى ئىچىۋېتىپ.

— بولىدۇ ئۇكا، بىراق مېنىڭ قېشىمغا ساپ دۇتار ئۆگىنىمەن دەيدىغان قىزلار كېلىدىكەن، — دېدى سەمەت.

— تېلېۋىزوردا ئېلان بەرسەڭ بولامدۇ، — دېدى مالىك.

ھەممە كۈلۈپ كەتتى، قۇندۇز كۈلۈپ تېلىقىپ كەتتى.

— تېلېۋىزوردا ئېلان بەرسىڭىز شاگىرتلىرىڭىز ئۆچۈرەت بولۇپ كېتىدۇ ـ دە، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قىزلار بېسىۋالسا ۋاي جېنىم سەمەتكا، مېنى قۇتقۇزۇۋال دەپ ۋارقىراپ كېتىسەندە! — دېدى سەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قورسىقى تويسىمۇ كۆزى تويمايدىغان نەرسە بۇ — دېدى مالىك قىزىقچىلىق قىلىپ.

— ئوغۇل بالا دېگەن ئاشۇنداق بولۇشى كېرەك، — دېدى گۈللالە مۇساغا يان بېسىپ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇندۇز قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى، ئۇ بىرەر ئىشتىن خۇشال بولسا ياكى تەسىرلەنسە، مۇشۇنداق ئۆزىنى قويۇۋېتىپ كۈلۈپ كېتەتتى.

— خاپا بولما مۇسا ئۇكا، — دېدى سەمەت قولىدىكى رومكىنى تەڭلەپ، — ھازىر شوپۇرلۇقنى ئۆگىنىدىغان قىزلار بەك ئاز، ماشىنا دېگەننى سورۇنلاردا ھەيدىگىلى بولمىسا يا؟

— سەمەتكامدەك ئىش كۆرگەن ئادەم ئاز، قېنى ، سەمەتكا، ئەمسە بىردەم ـ يېرىمدەم پاراڭ قىلىپ بەرمەمسەن، يېڭى يۇمۇرلىرىڭدىن بىرنەچچىنى ئاڭلىمايمىزمۇ، — دېدى مالىك.

— ھازىر تېخى يۇمۇرنىڭ ۋاقتى بولمىدى ئۇكا، يەنە ئازراق

قىزىۋالغاندىن كېيىن دېمىسەڭمۇ يۇمۇر چىقىۋېرىدۇ، مانا مەن بۈگۈن سىلەر بىلەن ئولتۇرۇپ ياش ۋاقتىمنى ئويلاپ قالدىم، ئۆز ۋاقتىمدا ئۇكا بىز ئويۇننى شاما قىلىشۋەتكەن جۇما، ياشلىقىم پادىشاھلىقىم دېگەن ناھايىتى توغرا گەپ ئىكەن، ئاشۇ يىللىرىمنى ئەسلىسەم ئاجايىپ روھلىنىپ كېتىمەن، ياشلىق ئۆمرۈمنىڭ خۇش - چاقچاق ئىچىدە ئۆتكەنلىكى ئۈچۈن خۇشال بولۇپ كېتىمەن، ئۇ يىللار ھازىرقىدەك ئازادە يىللار ئەمەس ئىدى، بىز ئوغرىلىقچە ۋېچىر ئوينايتتۇق، ساقچىلار كۆرۈپ قالسا بىزنى تۇتۇپ كېتەتتى، قويۇۋەتسە يەنە ئوينايتتۇق، مۇشۇ ھازىرقى كۈنلەرنى ئۆتكەن كۈنلەرگە سېلىشتۇرساق، يەر بىلەن ئاسمان پەرقى بار جۇما ئۇكا، نېمىدېگەن جىددىي يىللار ئۇ، سۆيگۈنىڭنى توغرىلاپ بىر يەرگە ئاپىرالمىساڭ، قىزلار گۈللۈك كۆڭلەك كىيسە كاپىتالىزم يولىغا ماڭدى، ئىدىيىسىدە مەسىلە بار دەپ تەنقىد قىلىشۋاتقان، ئىشقىلىپ، بىزنىڭ ياشلىقىمىز ئاجايىپ بىر يىللاردا ئۆتتىغۇ، مانا ھازىر كىم بىلەن كىمنىڭ كارى، پۇل تېپىپ جان باقساڭ بولدى، بىز بۇ دۇنياغا بىرلا قېتىم كېلىمىز، دېمەك، بىز بىرلا قېتىم چېچەكلىيەلەيمىز، بىرلا قېتىم ئېچىلالايمىز، ئاخىردا ئۆلۈپ تۈگەيمىز، چېچەكلەيدىغان ۋاقىتتا چېچەكلىيەلمەي يۈرسەك، ئېچىلىدىغان ۋاقىتتا ئېچىلالماي يۈرسەك، ئادەم ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئېغىر ئىش بولسۇنمۇ؟ ھاياتلىق دېگەن مانا كۆز ئالدىمىزدا ئېچىلىپ تۇرغان مۇشۇ گۈللەرگە ئوخشاش گۈزەل، يېقىملىق نەرسە ئەمەسمۇ! بىزنىڭ ئۆلىدىغىنىمىز راست، لېكىن ئۆلگۈچە ياشىۋېلىش كېرەك. بىزدىمۇ مۇھەببەت بار، ھېسسىيات بار، بىز مۇشۇ ئالەمگە ئاز - تولا بىرنېمە قالدۇرۇپ كەتسەك دەيمىز، بىز ئۈچۈن بۇ بەك ئەھمىيەتلىك ئىش.

گۈللالىنىڭ قۇلىقى سەمەتتە، كۆزلىرى ئالدىدىكى تاغ باغرىدا مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قارىغايلاردا ئىدى، ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرە ئۇنى مەست قىلىپ قويدى. . . .

— شۇنىڭغا قارىغاندا سەمەتكا ئاشۇ يىللىرى كوْمۇرخانىلاردا ۋېچىر ئويناپتىتىڭلاركەندە، — دېدى مۇسا ئۇنى تاتىلاپ.
— ئويۇننىڭ ئەڭ قىزىقى ئاشۇ كوْمۇرخانىدا بولىدۇ ئۇكا، — دېدى سەمەت كۈلۈپ تۇرۇپ.
ئۇلار يەنە كۈلۈشتى.
كۈن بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى، ياسىن سورۇنغا كىرىپ كەلدى.
— مالىك، كۈن بىر يەرگە بېرىپ قالدى ئاداش، ئۇگرىنى چىقىرىمىزمۇ يا؟
— شۇنداق قىلايلى ئاداش، ئازراق بىرنېمە يەۋالايلـــى، تاماقتىن كېيىن نېمە قىلىمىز، — دېدى مالىك.
— بىردەم ئارام ئېلىڭلار، ئۇ ۋاققىــچە قاراڭغۇ چۈشۈپ بولىدۇ، ئوْستەڭنىڭ قېشىدىكى كىچىك مەيدانغا گۇلخان يېقىپ بېرەي، ئولىشىپ ئولتۇرۇپ كېچە پەيزىسى قىلمامسىلەر، — دېدى ياسىن.
— ماۋۇ گېپىڭ بولىدىكەن ئاداش، شۇنداق قىلايلى، ئەمىسە ئۇگرە چىقسۇن، سەن بالىلىرىڭغا گۇلخاننى ئورۇنلاشتۇرۇۋەت، كاۋاپنى داۋاملىق چىقىرىۋېرىڭلار، — دېدى مالىك.
ياسىن ئاشخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
— دىققەت، ئوتتۇز ئوغۇل توققۇز قىز، ھازىر ھاراقنى ۋاقىتلىق توختىتىمىز، ئۇگرە تەييار بولۇپ قاپتۇ، تاماقتىن كېيىن ئەركىن پائالىيەت بولىدۇ، ئەلۋەتتە كېچىنىڭ پەيزىسى ئايرىم بولىدۇ ئەمەسمۇ، ئاندىن ياسىن بىزگە گۇلخان يېقىپ بېرىدىغان بولدى، خۇدايىم بۇيرۇسا سەمەتكام بىلەن سەنەۋۋەر دۇتارنــى چالىدۇ، ئويۇننى شاما قىلىۋېتىمىز — دېدى مالىك.
— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ ئۇكا، گۇلخان دېگەننىڭ پەيزىسى ئايرىم بولىدۇ ئەمەسمۇ؟ — دېدى سەمەت.
ئۇگرە كەلتۈرۈلدى، تاماقتىن كېيىن مېھمانلار كوْۋرۇكتىن

ئۆتۈپ، تاغنىڭ كەچ مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى.

ياسىننىڭ قول ئاستىدىكى باللار ئوتۇن تەييارلاپ، ئۆستەڭنىڭ قېشىدىكى كىچىك مەيدانغا ئەكېلىپ يىغدى، بىر سائەتتىن كېيىن، مېھمانلارنىڭ ھەممىسى قايتىپ كەلدى.

— ئەمىسە كۆرپىگە كېلەيلى، ئويۇنىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز، — دېدى مالىك.

ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆرپىگە كېلىپ ئولتۇردى، ياسىن ئوتۇنغا ئوت ياقتى، ئوتۇن لاۋۇلداپ كۆيۈشكە باشلىدى.

ئەتراپ شۇقەدەر تىنچ ئىدى، پەقەت قاتتىق ئوتۇننىڭ تاراسلاپ كۆيۈۋاتقان ئاۋازىلا ئاڭلىناتتى، گۇللالىنىڭ روھى بىردىنلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، مۇشۇ مىنۇتلاردا، بارلىق نەرسە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شۇقەدەر گۈزەل ئىدى، ئۇ بارلىق دەرد - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇدى، ئۇ مۇشۇ دۇنيادىكى ئەڭ گۈزەل پەرىشتە بولۇپ ئۇچتى، جەننەتنىڭ باغلىرى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئېچىلدى، بارلىق يوللار ئۇنىڭ قەدىمىنى كۈتۈپ تۇراتتى. . . .

— ئەمىسە ئىچىشنى باشلىۋەتتۇق ئوتتۇز ئوغۇل توققۇز قىز، ھازىردىن باشلاپ ساقى ئىككى بولىدۇ، ئەرلەرگە مەن قۇيىمەن، قىزلارغا قۇندۇز قۇيىدۇ، ھەممىمىز ئىچمەيمەن دېگەن گەپنى قىلمايمىز، جىق ئىچەلمىسەك ئاز ئىچىمىز، خوش ئەمىسە، مەن ئىچىۋەتتىم، — دېدى مالىك قولىدىكى هاراقنى ئىچىۋېتىپ. قۇندۇز قىزلارغا هاراق قۇيدى.

— مانا ئەمدى ئائىلە بويىچە ساقى بولۇپ كەتتىڭلاردە ئۇكا، — دېدى سەمەت چاقچاق قىلىپ.

ھەممەيلەن كۈلۈشۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ كۈلكە ئاۋازى گۇللالىنى خىيالىي دۇنيادىن سورۇنغا قايتۇرۇپ كەلدى.

— دوستلارنى ياخشىراق ئوينىتايلى دەيمىزغۇ سەمەتكا، — دېدى مالىك كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سەمەتكام كۆرەلمەيۋاتىدۇ، بىزنى ئويناپ كېتەمدۇ دەيدىغۇ

ئىچىدە، — دېدى مۇسا گەپكە ئارىلىشىپ.

— سەمەتكام ئۆز ۋاقتىدا ساقى بولۇپ بولغان، — دېدى سەنەۋۋەر سەمەتكە يان بېسىپ.

— ھە، مانا، ماۋۇ گېپىڭىز ياخشى بولدى، سىزمۇ گەپ قىلغاچ ئولتۇرۇڭ، بىز يامان ئادەملەردىن ئەمەس، — دېدى مالىك.

— سەمەتكا، بىردەم چالمامسەن دۇتارىڭنى، — دېدى مۇسا.

سەمەت قولىغا دۇتارنى ئالدى، ئۇلۇغ ئوت ئۇنىڭ يۈرەكلىرىنى سۆيۈپ تۇراتتى، ئۇ دۇتارنى مۇڭلۇق پەدىلەرگە چېلىشقا باشلىدى.

گۇللالىنىڭ قۇلىقىغا ھېچ نەرسە ئاڭلانمىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ قازىنىدا قايناۋاتاتتى، سائادەت دوختۇرنىڭ ئۇنىڭغا ئانىلارچە قاراشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ سائادەت دوختۇرنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىنى ئەسلىدى. ھەمدە ئىچىدە:

”سائادەت ئاپپاينىڭ گېپى راست، بىزمۇ جەننەتنىڭ سارايلىرىدا ياشىشىمىز كېرەك، قاراڭغۇ بارلىق قايغۇ - ھەسرەتلەرنىڭ مەنبەسى ئەمەس، مېنىڭ قۇياشتىن تەمەيىم يوق، يۇلتۇزلا بولىدىكەن، مەن چوقۇم ئۆز يولۇمنى تېپىپ كېتىمەن“ دېدى.

سەمەت دۇتارنى چېلىپ بولۇپ، سەنەۋۋەرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— مالىك، ماڭا بىر رومكا ھاراق قۇيە ئۇكا، بۈگۈن ناھايىتى ياخشى ئولتۇرۇۋاتىمىز، مەن ئىنىلەرگە، سىڭىللارغا بىر رومكا ھاراق تۇتاي، ئەمىسە سىلەرنىڭ سالامەتلىكىڭلار ئۈچۈن ئىچىۋەتتىم، بۈگۈن ئالتۇندەك يىگىتلەر بىلەن، گۆھەردەك قىزلار بىلەن ئولتۇرۇۋاتىمىز، ياشلىق باھارىڭلارنىڭ ھەربىر قەدەملىرى مەنىلىك ئۆتسۇن، مەنىلىك بېسىلسۇن، ئەتىنىڭ ئىشىنى ھېچكىم بىلىپ بولالمايدۇ، بىز پەقەت بۈگۈنگىلا ئىگە بولالايمىز، مانا بۈگۈنكى گۇلخان مەڭگۈ بىزنىڭ يۈرىكىمىزدە خاتىرە بولۇپ

قالدۇ. . . . ، — دېدى سەمەت. ئۇ قولىدىكى هاراقنى ئىچىۋەتتى.
— مەن دەيمەن، مۇشۇ هاراقنى ئىجاد قىلغان ئادەم دۇنيادىكى ئەڭ ئۇلۇغ ئادەم جۇمۇ، — دېدى مۇسا.
— رومكىنى ئىجاد قىلغان ئادەمچۇ؟ — دېدى سەمەت چاقچاق قىلىپ.
— هاراق بار يەردە رومكىنى ئىزدىگىلى بولمايدۇ، رومكا دېگەن هاراقنىڭ خۇشامەتچىسى تۇرسا، — دېدى سەمەت.
— قوندۇز ماڭىمۇ بىر ئىستاكان هاراق قۇيىڭە، — دېدى سەنەۋۋەر.
قوندۇز ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان قىزىل هاراق قۇيۇپ بەردى.
— بۈگۈن مەن بەك هاياجانلىنىۋاتىمەن، دوستلارغا بىر رومكا هاراق تۇتاي، مەن دوستلۇقنى بەك قەدىرلەيمەن، زېمىن سۇدىن ئايرىلالمىغاندەك، قارىغايلار تاغدىن ئايرىلالمىغاندەك، مەنمۇ دوستۇمدىن ئايرىلالمايمەن، مەن بۈگۈن سىلەر بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىم ئۈچۈن بەك خۇشالمەن، ئەمسە دوستلۇق ئۈچۈن ئىچىۋەتىم، — دېدى سەنەۋۋەر.
سەمەت باش بولۇپ چاۋاك چالدى، قالغانلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ چاۋاك چالدى.
— ئاداش، ئەمدى ماڭىمۇ بىر ئىستاكان هاراق قۇي، — دېدى گۈللالە قوندۇزغا قاراپ تۇرۇپ.
— مانا، هەممىڭلار قايىندىڭلارغۇ؟ — دېدى قوندۇز ئۇنىڭغا بىر ئىستاكان هاراق قۇيۇپ بېرىپ.
گۈللالە قولىغا هاراقنى ئالدى:
— مەن سەنەۋۋەرنىڭ گېپىدىن بەك تەسىرلەندىم، دوستلۇق ھەقىقەتەن بەك مۇھىم نەرسە ئىكەن، دوستى يوق ئادەم ئاخىرقى كۈندە جاڭگالدا قالىدىكەن، مەن شۇنداق ئويلاپ قالدىم، بۇ جاھاندا دەردى يوق ئادەم بولمايدىكەن، مەن قۇياشقا موھتاج ئەمەس،

يۇلتۇزلا بولىدىكەن، مەن چوقۇم ئۆز يولۇمنى تېپىپ كېتىمەن، — دېدى گۈللالە. ئۇ ناھايىتى مەغرۇر ئىدى، ئوت ئۇنىڭ چىرايلىق جامالىنى يورۇتۇپ تۇراتتى، ئۇ قولىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى.

— يارايسەن دوستۇم، ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭ — دېدى قۇندۇز ئۇنىڭ گېپىنى قوللاپ.

سەنەۋۋەر قولىغا دۇتارنى ئېلىپ چالدى، ئۇ خېلى قىزىپ قالغانىدى، ئاشخانىدا ئىشلەۋاتقان بالىلار ئىشلىرىنى تۈگىتىپ گۈلخانىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، بۇ جىمجىت سايدا، سەنەۋۋەرنىڭ ناخشا ساداسى ياڭراشقا باشلىدى. . . .

# 18

ئەتىگەندە، سائادەت دوختۇر گۈللالىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ، ئۇلارنى دوختۇرخانىغا چاقىرتتى.

گۈللالە قۇندۇزنىڭ ئۆيىگە كىردى.

— ئەتىگەندىلا بارىمىزما؟ — دېدى گۈللالە قۇندۇزغا قاراپ تۇرۇپ.

— بىرەر - ئىككى سائەت بازار ئايلىنايلى، تۆت - بەش تەڭگىنى يانچۇققا سالغاندىن كېيىن بارمايمىزمۇ! — دېدى قۇندۇز.

— مەيلى ئەمىسە، — دېدى گۈللالە.

ئۇلار چۈشكە يېقىن دوختۇرخانىغا كەلدى. سائادەت دوختۇر بىر ياققا چىقىپ كەتكەنىدى، ئۆركەش دوختۇر ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلىدى.

— بىردەم دەم ئېلىپ ئولتۇرۇڭلار، مەن سائادەت ئاپپاينى تېپىپ كېلەي، — دېدى ئۆركەش.

— ھەقىچان يەنە شۇ گەپ ئاداش، سوراپ قالسا نېمە دەيمىز؟

— دېدى قۇندۇز گۇللالىگە قاراپ تۇرۇپ.

— ئاپپاي بىزنىڭ غېمىمىزنى يەۋاتىدۇ، مەنمۇ شۇنى ئويلاۋاتىمەن، بۇ يەردىن كەتسەك نېمە ئىش قىلارمىز ئاداش؟

— شۇ، باشتا ئاپپاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ باقايلى، نېمە دەيدۇ قېنى، ئاندىن بار مەسلىھەت بويىچە بىرنېمە دېمەيمىزمۇ، — دېدى قۇندۇز.

ئۇلار پاراڭلىشىپ تۇراتتى، ئىشىك ئېچىلىپ سائادەت دوختۇر ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

— ياخشى تۇردىڭلارمۇ قىزلىرىم، — دېدى سائادەت دوختۇر كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇنىڭ كۈلۈشلىرى يەنىلا شۇنداق يېقىملىق ئىدى.

— ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ ئاپپاي، سىزنى يوقلاپ كېلەلمىدۇق، كەچۈرسىز! — دېدى گۇللالە.

— ھەقىچان ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭلار، — دېدى سائادەت دوختۇر گۇللالىنىڭ قولىنى تۇتۇپ، — سالامەتلىكىڭىز قانداق؟

— ياخشى بولۇپ كەتتىم.

— ئۆزىڭىزنى ئاسراڭ، دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ قىزىم، يۇرۇڭلار مېنىڭ ئىشخانامغا چىقايلى، — دېدى سائادەت دوختۇر.

ئۇلار سائادەت دوختۇرغا ئەگىشىپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.

— ئولتۇرۇڭلار قىزلىرىم، مەنمۇ بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، سىلەرنى ئىزدىيەلمىدىم، ئەسلىدە سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارنى بىر كۆرۈپ كەلگۈم بار ئىدى، ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك، ئۆتكەندە مەن سىلەرنى يۇرتقا قايتىپ كېتىشكە دەۋەت قىلغان ئىدىم، خوش، قانداق قىلايلى دەۋاتىسىلەر؟

گۇللالە قۇندۇزغا قارىدى.

— بىز ئويلىشىۋاتىمىز ئاپپاي، — دېدى قۇندۇز نېمە دېيىشنى بىلەلمەي.

— تېزرەك بىر قارارغا كېلىڭلار قىزلىرىم، ۋاقىت سىلەرگە

قاراپ تۇرمايدۇ، تاكسىچىلىق قىزلارغا توغرا كېلىدىغان كەسىپ ئەمەس، تېلېۋىزوردىن كۆرگەنسىلەر، يېقىندا يەنە ئىككى تاكسىچىنى ئالداپ ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، خۇدايىم ساقلا قىزلىرىم، ئەمدى سىلەر بۇ كەسىپنى تاشلاڭلار، مەن سىلەرگە دەيدىغان گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دەپ بولدۇم، سىلەر تېخى مېنى ھەقىقىي چۈشىنىپ كېتەلمەيسىلەر، مەن سىلەرگە ئاشۇ گەپلەرنى قىلىش ئۈچۈن بەك كۆپ باش قاتۇردۇم، بىرلا گەپ، سىلەرنىڭ كەلگۈسىڭلار ناھايىتى ئۇزاق، سىلەر يەنە تېخى نۇرغۇنلىغان گۈللەرگە ئىگە بولىسىلەر ھەم بولالايسىلەر، ئېچىلمىغان گۈللىرىڭلارنى ئېچىلدۇرالايسىلەر، نۇرغۇنلىغان پۇرسەتكە ئىگە بولالايسىلەر، ئەڭ مۇھىمى سىلەر كەلگۈسىدە ئانا بولىدىغان ئادەم، شۇڭا ئادەم ئۆزىنىڭ غورۇرىنى قوغدىشىنى، ئۇنى تازىلاپ تونۇشنى بىلىشى كېرەك، سىلەر ئەمدى بۇ ئىشنى كەينىگە سۈرمەڭلار، ھەممە ئادەمدە ناھايىتى چىرايلىق ئارزۇلار بولىدۇ، يۇرتۇڭلارغا قايتىپ ئاشۇ ئارزۇيۇڭلار ئۈچۈن تىرىشىڭلار، مېنى چۈشىنىڭلار، مەن سىلەرنى چىرايلىق گەپ - سۆزلەر بىلەنلا ئەمەس، چىرايلىق ئۆي - پىكىرلەر بىلەنمۇ يولغا سالاي دەۋاتىمەن، بىز ھەممىمىز ئەۋلىيا ئەمەس، شۇڭا ھەممىمىز توۋا قىلىشنى ئۇنتۇپ قالساق بولمايدۇ، سىلەرمۇ ئۆزۈڭلارنىڭ باغچىسىغا ئىگە بولالايسىلەر.

گۈللالە كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى. . . .

قۇندۇزنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى، ئۇ ئىلگىرى سائادەت دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ بېشىنى كۆتۈرەلمەي قالغان قىز ئەمەس ئىدى، سائادەت دوختۇرنىڭ بۇگۈنكى گېپى ئۇنىڭغا ھەقىقىي تەسىر قىلدى.

— سىز دېگەندەك ئاپپاي بىز قايتىپ بېرىپ تېز بىر قارارغا كېلەيلى، خاتىرجەم بولۇڭ، بىز ئۇزاققا قالماي سىز بىلەن كۆرۈشىمىز، — دېدى قۇندۇز.

— رەھمەت قىزلىرىم، بۇ گېپىڭلار مېنى بەك خۇش قىلدى،

مۇشۇ كۈنلەردە ئەتە - ئاخشاملىرى سىلەرنىڭ غېمىڭلار بىلەنلا قالدىم، يۇرتۇڭلارغا كېتىڭلار، يۇرت دېمەك — ئانا دېمەك، ئانا بالىسىنى بەزىدە ئۇرۇنسىز ئەيىبلەپمۇ قويىدۇ، لېكىن ئۇ ھەرگىز بالىسىدىن ۋاز كەچمەيدۇ. مەسىلەن، مېنى دېسەڭلار، مېنىڭ كۈنۈم بۇ يەردە ناھايىتى ياخشى، لېكىن مەن يەنىلا يۇرتۇمنى سېغىنىپ تۇرىمەن، ئىمكانىيەت يار بەرسىلا ماڭا نان بەرگەن زېمىننى يوقلاپ تۇرىمەن، شۇڭا سىلەر كېتىڭلار، مەن خاتىرجەم بولاي، نەچچە يىلدىن بېرى سىلەرنىڭ يۇلۇڭلارغا قاراپ قالغان قېرىنداشلىرىڭلارمۇ خاتىرجەم بولسۇن. . . .

ئۇلار قۇندۇزنىڭ ئۆيىگە قايتىپ باردى، گۈللالە ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى. . . .

قۇندۇز ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ نۇرغۇنلىغان ئىشلارنى ئويلىدى، ئاندىن كۆزىنى يۇمۇۋالدى.

— قانداق قىلىمىز لالە؟ — دېدى قۇندۇز.

— كېتەيلى ئاداش، كېيىن پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تاپالماي قالمايلى يەنە، — دېدى گۈللالە.

— سەن ئۇنىنچى سىنىپنى پۈتتۈرگەن، ساۋاتىڭ بار، نېمە قىلىمەن دېسەڭ قىلىپ كېتىسەن، مەن كەتسەم نېمە قىلارمەن ئاداش، — دېدى قۇندۇز.

— ئۇنداق دېمە ئاداش، ئىككىمىز خۇدايىم بۇيرۇسا نەگە بارساق ئايرىلمايمىز، مەن يول تېپىپ، سەن بىر چەتتە قالىدىغان ئىش بولمايدۇ ئاداش.

— ئۇغۇ شۇنداق ئاداش، مەن ھەر ھالدا بۇ شەھەرگە ئۆگىنىپ قالغاندىم، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشى بىلەن، ئادەملىرىنىڭ ئۇشۇق - تۆشۈك گېپى يوق، ئۆگەنگەن يەردىن ئايرىلماق ئاسان ئەمەسكەن، بولمىسا سەن باشتا يولغا چىق، مەن كېلەر يىلى كەينىڭدىن باراي، — دېدى قۇندۇز.

— سەن كەتمىسەڭ مەنمۇ كەتمەيمەن ئاداش.
— مېنىڭ بېشىم قېتىپ كەتتى ئاداش، كەتسەك قانداق بولا، كەتمىسەك قانداق بولا؟
— ئاپپاينى خۇدا بىزگە ئۇچراشتۇردى، ئۇ دەيدىغان گەپنى دەپ بولدى، ئۇچماقنىڭ چۈشىنكى بار ئاداش، ئانىمىز بولسىمۇ شۇنچىلىك گەپ قىلار بولغىيتتى، بىز بۇ يەردىن كېتەيلى ئاداش، — دېدى گۈللالە.
— يۇرتقا بارساق ئاشۇ خەق بىزنى باش كۆتەرگۈزەما؟ — دېدى قۇندۇز.
— بىز ئۇلار ئۇچۇن ياشىمايمىز ئاداش، ئەمدى ئۆزىمىز ئۇچۇن ياشايمىز، كارىمىز نېمە ئۇلار بىلەن، — دېدى گۈللالە.
— ئەمىسە ئەتە پاراڭلىشايلى ئاداش، — دېدى قۇندۇز.
ئەتىسى كەچتە گۈللالە يەنە قۇندۇزنى ئىزدەپ كىردى.
— مەن كېچىچە ئۇخلىمىدىم ئاداش، ئاپپاينىڭ گەپلىرى ماڭا ھەقىقىي تەسىر قىلدى، ئەمدىكى گەپ، ئەگەر بىز يۇرتقا قايتساق، چوقۇم بىر ئىش قىلىشىمىز كېرەك، شۇنى ئويلاشمىساق بولمايدۇ ئاداش، — دېدى قۇندۇز.
— سەن بۇ ئىشتىن خاتىرجەم بول ئاداش، قولىمىزدا پۇل بار، نېمە قىلىمىز دېسەك شۇنى قىلالايمىز، — دېدى گۈللالە.
— گەپ مۇشۇ يەردە ئاداش، ئەمىسە سەن دەپ باقە، نېمە قىلىمىز؟
— ئالدى بىلەن يۇرتقا بارايلى، شۇ يەرنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بىر ئىش قىلمامدۇق؟
— ھازىر ھەممە يەرنىڭ ئەھۋالى ئوخشاش ئاداش، بىز مۇشۇ يەردە قىلىدىغان ئىشىمىزنى پىلانلىۋالمىساق بولمايدۇ.
— بولمىسا بىر ماشىنا رەخت ئالغاچ كېتىپ رەختچىلىك قىلايلى ئاداش، مەن ئۆيگە خەت يازغاندا قۇندۇز ئىسىملىك بىر دوستۇم بىلەن رەختچىلىك قىلىۋاتىمەن دېگەن ئىدىم، مۇشۇنداق

قىلساق ئىشىمىز ئوڭغا تارتىپ قالارمىكىن دەيمەنغۇ! — دېدى گۇللالە.

— ماۋۇ گېپىڭمۇ بولىدىكەن ئاداش، — دېدى قۇندۇز. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ گۇللالىگە قارىدى.

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ ئاداش، ساتىدىغاننى سېتىپ تەييارلىق قىلايلى، — دېدى گۇللالە.

— ئالدىرىما ئاداش، ساتىدىغان نەرسىنى تېزلا سېتىپ تۈگەتكىلى بولىدۇ، ھازىر ئۆينىڭ، ماشىنىنىڭ خېرىدارى كۆپ، بىز ئاپپاي بىلەن يەنە بىر كۆرۈشەيلى، ئۇنىڭغا مەسلىھەت سالايلى، — دېدى قۇندۇز.

— ئەمىسە ئەتە ئەتىگەندە ئاپپاي بىلەن كۆرۈشىمىزما؟

— سەن بەك ئالدىراپ كېتىۋاتىسەنغۇ ئاداش؟

— بۇ شەھەردىن كېتەيلى ئاداش، ئاپپاينىڭ ھەربىر ئېغىز گېپى ماڭا بەك تەسىر قىلدى، ئەمەلىيەتتە بىز خىزىرغا ئۇچرىدۇق.

— بۇ گېپىڭ توغرا ئاداش، بىز راست خىزىرغا ئۇچرىدۇق، — دېدى قۇندۇز.

ئەتىسى ئۇلار ئەتىگەندىلا دوختۇرخانىغا بېرىپ، سائادەت دوختۇر بىلەن كۆرۈشتى.

— كېلىڭلار قىزلىرىم، مەن تېخى بۈگۈن سىلەرگە تېلېفون قىلاي دەپ تۇراتتىم، ياخشى كېلىپسىلەر، ھە، بىر قارارغا كەلدىڭلارما؟ — دېدى سائادەت دوختۇر كۈلۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداق ئاپپاي، يۇرتقا قايتىدىغان بولدۇق، — دېدى گۇللالە.

— بەك ياخشى بوپتۇ قىزلىرىم، مەن سىلەرنى تەبرىكلەيمەن، ئەمدى سىلەرگە ئېيتىدىغان يەنە مۇنداق بىر مۇھىم ئىش بار، مېنىڭ سىلەرنى بۇ شەھەردىن كېتىڭلار دېگەن سۆزۈمنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىڭلار كېرەك، مەن سىلەرنى بۇندىن كېيىن بۇ

شەھەرگە كەلمەڭلار دېمەكچى ئەمەسمەن، ئەكسىچە مۇشۇ شەھەردىكى بارلىق ئىشلىرىڭلارنى ئۇنتۇڭلار دېمەكچىمەن! ئەگەر سىلەرنىڭ كاللاڭلاردا بۇ مەسىلە ھەقىقىي ھەل بولمىسا، مېنىڭ قىلغان گەپلىرىم قۇرۇق گەپكە ئايلىنىپ قالىدۇ، — دېدى سائادەت دوختۇر قۇندۇزغا قاراپ تۇرۇپ.

— بىز سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى چۈشىنىۋاتىمىز ئاپپاي، — دېدى قۇندۇز.

— رەھمەت قىزلىرىم، مەن بەك خۇشال بولدۇم، چۈنكى سىلەر مەيلى قانداق بولمىسۇن يۇرتىمىزنىڭ گۈللىرى ئەمەسمۇ، ئەلۋەتتە، سىلەر يۇرتقا قايتقاندىن كېيىن نېمە ئىش قىلىمىز دەپ ئويلايسىلەر، تىرىكچىلىك قىلىش كېرەك، بىر كۈن بىكار يۈرسەڭلارمۇ بولمايدۇ، مەنمۇ مۇشۇ ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ باققان، تۇراقلىق بىر ئىش قىلغىنىڭلار ياخشىمىكىن دەيمەن، مېنىڭچە ھېلىقىندەك ئاشخانا ئاچىدىغان، رېستوران ئاچىدىغان ئىشلارنى قىلماڭلار، ئەمدى ئۇنداق ئىشلار سىلەرگە توغرا كەلمەيدۇ، مەسىلەن، ئىككىڭلار بىرلىشىپ باللار باغچىسى ئېچىۋالساڭلارمۇ بولىدۇ، ئالدىنقى يىلى مەن يۇرتقا بېرىپ كەلگەن، باللار باغچىسىنىڭ خېلى بازىرى بار ئىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە تېخنىكوم، ئالىي تېخنىكوملارنى پۈتتۈرۈپ بىرنەچچە يىللاردىن بېرى خىزمەتكە ئورۇنلىشالماي يۈرگەن قىزلارمۇ ناھايىتى جىق ئىكەن. ئاشۇنداق قىزلاردىن تەكلىپ قىلىپ ئىشلەتسەڭلەرمۇ بولىدۇ، بۇ مېنىڭ دەسلەپكى بىر ئويۇم، يەنە قانداق ئىشلار بار ئويلىشىپ كۆرسەڭلار بولىدۇ، خاتىرجەم بولۇڭلار، سىلەرگە قىلىدىغان ئىش چىقىدۇ، مەن بۈگۈن بەك خۇشال، ئەمىسە سىلەر تەييارلىقىڭلارنى قىلىۋېرىڭلار، ۋاقتى كەلگەندە مەن سىلەرنى ئۇزىتىپ قويىمەن، — دېدى سائادەت دوختۇر.

— رەھمەت ئاپپاي، — دېدى گۈللالە.

ئۇلار سائادەت دوختۇر بىلەن خوشلاشتى.

— چۇش بولاي دەپ قالدى ئاداش، كۆڭلۈم سۇيۇق ـ سەلەڭ تاماق تارتىپ تۇرىدۇ، ھېلىقى مومايىنىڭ چۆچۈرەخانىسىغا بېرىپ چۆچۈرە ئىچىپ كەلمەمدۇق؟ — دېدى گۈللالە.

— شۇنداق قىلايلى ئەمىسە، ئۇزاق بولدى، مەنمۇ ئۇ مومايىنىڭ چۆچۈرەخانىسىغا بارالمىدىم، ئەمىسە ماشىنىسىغا ئادەم سالمايمىزغۇ؟

— ئادەم سالمايلى ئاداش، ئەمدى بۇ ئوقەتنى تاشلايدىغان بولدۇققۇ! — دېدى گۈللالە.

ئۇلار ماشىنىسىنى ھەيدەپ چۆچۈرەخانىغا كەلدى. چۆچۈرەخانىغا كىرگەندە، موماي ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.

— كېلىڭلار قىزلىرىم، يوقاپ كەتتىڭلارغۇ، مەن تېخى سىلەرنى يۇرتىغا كەتتىمىكىن دەپتىمەن، — دېدى موماي خۇشخۇي ھالدا.

— شۇنداق يۇرتقا بېرىپ كەلدۇق چوڭ ئانا، — دېدى قۇندۇز.

— ئىككى چىنە چۆچۈرە ئېتىپ بېرەيما؟ — دېدى موماي.

— شۇنداق بولسۇن، — دېدى گۈللالە.

موماي تاماق ئېتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. گۈللالە قۇندۇزنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— بەزىدە ئانچە ـ مۇنچە يالغان گەپ قىلىپ قويمىساق بولمايدۇ ئاداش، سەي قورۇغاندا مايغا ئازراق سۇ ئارىلاشتۇرغاندەك ئىش دېگىنە بۇ، — دېدى قۇندۇز.

گۈللالە كۈلۈپ كەتتى.

— ئاپپاينىڭ مەسلىھەتىمۇ بولىدىغاندەك تۇرىدۇ ئاداش، — دېدى قۇندۇز گۈللالىگە قاراپ.

— مەنمۇ ئاپپاي دېگەن ئاشۇ بالىلار باغچىسىغا قىزىقىپ قالدىم ئاداش، ئاشۇ ئىش بىزگە توغرا كېلىدىغان ئوخشايدۇ، ياخشىراق

بىر يەردىن ئۇرۇن ئالساق، ئاشۇ ئىش ئېقىپ قالـــدىغاندەك قىلىدۇ، — دېدى گۈللالە.

— ئۇنداق قىلساق ئاپپاي دېگەندەك ئادەم سالىدىغان گەپ، ئۆزىمىزنى ئۇپراتمايمىز، — دېدى قۇندۇز.

— ئەمىسە شۇنداق قىلامدۇق!

— شۇنداق قىلايلى ئاداش، يۇرتقا بېرىپلا مۇشۇ ئىشقا تۇتۇش قىلايلى، ئۇنىڭدىن باشقا سەن دېگەن ھېلىقى ئىشمۇ بولىدۇ، بىر ماشىنا رەخت ئالغاچ بارايلى، ئازراق پايدىسى چـــقســـلا ئۆتكۈزۈۋېتىمىز، خۇدايىم بۇيرۇسا ئىشىمىز ئوڭغا تارتىپ قالىدۇ، — دېدى قۇندۇز.

ئۇلار بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۆيلـــرىنـــى، ماشىنىلىرىنى سېتىپ پۇل قىلىپ بولدى. ئاندىن سائادەت دوختۇر بىلەن ئالاقىلاشتى. ئۇنى بىر رېستورانغا چاقىردى.

— ئۆيگە بارايلى دېسەم ئۇنىمىدىڭلار قىزلىرىم، مانا بەك ئاۋارە بولۇپ كەتتىڭلار، قورۇمىلارنىمۇ بەك جىق قىلىۋېتىپسىلەر، ئىسراپ بولىدىغان بولدى، — دېدى سائادەت دوختۇر ئۈستەلدىكى قورۇمىلارغا قاراپ تۇرۇپ.

— بىز سىزگە قانچىلىك قىلساقمۇ ئەرزىيدۇ ئاپپاي، بىز سىزگە مەڭگۈ رەھمەت ئېيتىمىز، — دېدى گۈللالە.

— مەنمۇ سىلەر بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىم ئۈچۈن بەك خۇشال قىزلىرىم، بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ تۇرايلى، ھە راست، پۇلۇڭلارنى قانداق ئېلىپ ماڭىمىز دەۋاتىسىلەر — دېدى سائادەت دوختۇر.

— بانكىنىڭ ئىناۋەتلىك كارتۇچكىسىغا قويۇۋەتتۇق، ھەممە يەردىن ئالغىلى بولىدىكەن، — دېدى قۇندۇز.

— بۇنى ياخشى قىپسىلەر، يېنىڭلاردا نەق پۇل بەك جىق بولۇپ كەتسە بولمايدۇ، ھەرقايسى جەھەتتىن دىققەت قىلىڭلار! ئۆزۈڭلارغا چىڭ بولۇڭلار، يەنە سىلەرگە قوشۇمچە قىلىپ ئېيتىپ

قويمىغان ئىش، يوْرتقا بارغاندىن كېيىن، ھەممە ئادەم بىلەن چىقىشىپ ئۆتۈشلار، قىسقىسى، ئۆزۈڭلارنى ئاياڭلار، ئەتە ئاخشاملىرى بىكار بولۇپ قالساڭلار كىتاب ئوقۇڭلار، كىتاب سىلەرگە مەڭگۈلۈك ئوزۇق بولالايدۇ ھەم سىلەرنىڭ كەلگۈسى يولۇڭلارنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. يەنە بىر ئىش، يولغا چىققاندا، سەدىقە بېرىشنى ئۇنتۇماڭلار، سەدىقە بالانى يەر دېگەن گەپ بار. . . .

— خاتىرجەم بولۇڭ ئاپپاي، بىز چوقۇم سىز دېگەندەك قىلىمىز. سىزگە كۆپ رەھمەت، بىز سىزنى بۇ دۇنيا ئۇ دۇنيا ئۇنتۇمايمىز! بىزگە تېلېفون بېرىڭ، بىزمۇ سىزگە تېلېفون بېرىمىز، — دېدى گۈللالە.

— تۈنۈگۈن بىر ماشىنا رەخت ئالغان، بۈگۈن ئەتىگەندە يوْرتقا يولغا سېلىۋەتتۇق، ھەر ھالدا رەختنى ئەرزان باھادا ئېلىۋالدۇق، — دېدى قۇندۇز.

— ياخشى قىپسىلەر، مۇشۇنداق قىلمايمۇ بولمايدۇ، ئەمسە مۇشۇ يەردە خوشلىشايلى قىزلىرىم، ئۈمىد بىلەن ياشاڭلار، كۈلۈپ ياشاڭلار، — دېدى سائادەت دوختۇر ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇلار رېستوراننىڭ ئىشىكىنىڭ قېشىغا كەلگەندە، گۈللالە بىلەن قۇندۇز سائادەت دوختۇرنى قۇچاقلاپ يىغلىدى. سائادەت دوختۇرمۇ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى.

ئۇلار خوشلاشتى.

— ئەمسە مېھمانخانىغا بېرىپ تەييارلىق قىلايلى ئاداش، ئەتە ماشىنا سەھەردە ماڭىدىكەن، سېنىڭ قىلىدىغان سودىلىرىڭ تۈگىگەنمۇ؟ — دېدى گۈللالە.

— ئەسلىدە رەخت باسقان ماشىنىدا ماڭساق بولاتتى ئاداش، سەن پەقەت ئۇنىمىدىڭ! — دېدى قۇندۇز.

— بولمايدۇ ئاداش، يوْرتقا بارغاندا ئۆزىمىزگە گەپ تېپىۋالىمىز، بازاردىكى بالىلار ئاغزىغا كەلگىنىنى سۆزلەيدۇ،

قاتناشتا ماڭغىنىمىز تىنچ، — دېدى گۈللالە.

— رەختتنى ھەر ھالدا ئەرزان ئالدۇق ئاداش، يۇرتقا بارغاندىن كېيىن ئاسانلا ئۆتكۈزۈۋېتىمىز.

— ھەممىدىن مۇشۇ ئىشىمىز ياخشى بولدى ئاداش، بەك ياخشى ئىش قىلدۇق، — دېدى گۈللالە.

ئۇلار ھەممە نەرسىسىنى سېتىپ بولغاندىن كېيىن، باش بېكەتنىڭ قېشىدىكى ”بۇ دۇنيا“ مېھمانخانىسىغا چۈشكەنىدى. قۇندۇز ياتاققا كىرىپلا ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى، گۈللالە مۇنچىغا چۈشۈپ يۇيۇنۇۋالدى. ئۇ مۇنچىدىن چىققاندا، قۇندۇز ئۇخلاپ قالغانىدى، ئۇ كارىۋاتقا چىقىپ يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىپ ياتتى، لېكىن ئۇنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى، ئۇ ياستۇقنىڭ ئاستىغا باسۇرۇپ قويغان كىچىك سومكىسىنى ئالدى، ئىچىدىن ھەدىسى ماھىنۇر بەرگەن ئەينەكنى ئېلىپ قارىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا بىر خىل ئازادىلىك بار ئىدى، ئۇ بىر نەچچە يىلدىن بېرى ئۆزىنىڭ چىرايىدا مۇنداق ئازادىلىكنى كۆرۈپ باقمىغانىدى، ئۇنىڭ كەيپىياتى ئىسسىق يوتقاننىڭ ئىچىدە بەكمۇ ياخشى ئىدى، ئەينەكنىڭ ئىچىدە سائادەت دوختۇرنىڭ ئوبرازى كۆرۈندى. ئۇ كۈلۈپلا تۇراتتى، ئۇنىڭ يېقىملىق كۆزلىرى گۈللالىنىڭ چىرايلىق كۆزلىرى بىلەن مۆكۈشمەكتە باشلىدى. گۈللالە ئۆزىنى تەلەيلىك ھېسابلايتتى، سائادەت دوختۇرنىڭ مۇنۇ سۆزلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىدا ياڭراشقا باشلىدى:

— سىز توي قىلىشقا بەك ئالدىرىماڭ قىزىم، شۇنداقتىمۇ بەك كەينىگىمۇ سۈرۈۋەتمەڭ، تۇرمۇش سىزدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، ھەممە ئىشنىڭ ۋاقتى - سائىتى كېلىدۇ، ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا بىزگە ئەسقاتىدىغان نەرسە يەنە ئائىلە، بىر ئايال ئۈچۈن دەسلەپكى ھەم ئەڭ ئاخىرقى بەخت مال دۇنيا ئەمەس، يەنىلا ئائىلە، بىزنىڭ قىممىتىمىز ئائىلە ئارقىلىق كۆرۈنىدۇ، چۈنكى ئائىلە بىزنىڭ ئەڭ چوڭ بەختلىك باغچىمىز، بىز مۇشۇ باغچىدا

كۆلۈپ ياشايمىز، قىلىمەن دېگەن ئىشىمىزنى قىلالايمىز. . . .

گۈللالە ئەينەكنى تۇتۇپ ئۇخلاپ قالدى.

ئۇلار ئەتىسى سەھەردە تۇرۇپ، سومكىلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ، بېكەتكە كىردى. شوپۇر ئاپتوبۇسنىڭ ماتورىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ قويۇپ، ئاپتوبۇسنىڭ ئالدى ئەينىكىنى ئېرتىۋاتاتتى، بىردىنلا سائادەت دوختۇر ئاپتوبۇسنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى، ئۇنىڭ قولىدا ئىككى دەستە گۈل بار ئىدى، قۇندۇز بىلەن گۈللالە ئۇنى كۆرۈپ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا باردى، سائادەت دوختۇر ئىككى دەستە گۈلنىڭ بىرىنى قۇندۇزغا يەنە بىرىنى گۈللالىگە تۇتتى، قىزلار تەسىرلىنىپ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى. . . .

— ئەسلىدە تۈنۈگۈن خوشلىشىپ بولغاندىن كېيىن بۈگۈن بېكەتكە كەلمەي دېگەنىدىم، بىراق كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، سىلەرگە ئاق يول تىلەيمەن قىزلىرىم، سىلەر ھەرگىز يالغۇز ئەمەس، مېنى ئۆز ئاپاڭلارنىڭ ئورنىدا كۆرۈڭلار، مەن خۇدادىن سىلەرنىڭ بەختىڭلارنى تىلەيمەن، — دېدى سائادەت دوختۇر.

— رەھمەت ئاپپاي، — دېدى ئۇلار تەسىرلىنىپ.

— ئەمىسە مەن ماڭدىم قىزلىرىم، سىلەر ئاپتوبۇستا چىقىۋېلىڭلار، خوش ئەمىسە، ماڭا تېلېفون بېرىپ تۇرۇڭلار، — دېدى سائادەت دوختۇر.

شوپۇر ئاپتوبۇسنى قوزغىدى، ئاپتوبۇس بېكەتتىن چىقىپ، B شەھىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

## 19

ئىككى كۈن يول ماڭغاندىن كېيىن، ئۇلار يۇرتىغا قايتىپ كەلدى. قۇندۇز ئۆيىگە كەتتى، گۈللالىمۇ ئايرىلغىلى يەتتە يىل بولغان ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە كەلدى. ماھىنۇر ئۇنىڭ يولغا

چىققانلىقىدىن خەۋىرى يوق ئىدى، ئۇ گۈللالىنى كۆرۈپ قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى.

— مېنى سارالڭ قىلىۋەتتىڭىز لالە، ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا بىر پارچە خەت يېزىپسىزكەن، بەش مىڭ سوم پۇل ئەۋەتىپسىزكەن، تاپشۇرۇۋالدىم، لېكىن سىزگە خەت يازالمىدىم، خەتكە ئادرېسىڭىزنى سالماپسىزكەن، شۇنىڭ بىلەن سىزنىڭ نەدە ئىكەنلىكىڭىزنى بىلمەي قالدۇق، ئاكىڭىز بىرنەچچە قېتىم تەييارلىق قىلىپ يولغا چىقالمىدى، ئۇ كەتسە ساتىراشخانىسى تاقىلىپ قالىدىغان گەپ ئىكەن، خېرىدارلىرىم توزۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ دەپ يولغا چىقالمىدى، قايتىپ كېلىپ بەك ياخشى قىلدىڭىز لالە، ھە، سىز ئۆيدىن ئايرىلغىلى يەتتە يىل بولدى، يەتتە يىلدىن بېرى نەلەردە يۈردىڭىز؟ — دېدى ماھىنۇر گۈللالىنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ.

— دەسلەپكى يىلى قۇم تاسقاپ ئىشلىدىم، كېيىن بازاردا ئوقەت قىلدىم، ئۇ شەھەردە قىزلار، ئاياللارمۇ ئوقەت قىلىدىكەن، خەتتە مەن ساڭا دېگەن ئاشۇ قۇندۇز ئىسىملىك قىز بىلەن رەختچىلىك قىلدۇق، ئۇ قىزمۇ مەن بىلەن بىللە قايتىپ كەلدى، — دېدى گۈللالە.

— قايتىپ كېلىمەن دەپ ماڭا خەت يېزىۋەتسىڭىز بولمامدۇ لالە، — دېدى ماھىنۇر يىغلاپ تۇرۇپ.

— يىغلىما ھەدە، مەن A شەھىرىدە بەك ياخشى تۇردۇم، قۇندۇز ناھايىتى ياخشى قىز ئىكەن، بۇ قېتىم ئىككىمىز يەنە بىر ماشىنا رەخت ئېلىپ كەلدۇق، بىز ماشىنىنى بالدۇرلا يولغا سېلىۋەتكەن، ئەتە بېكەتكە بېرىپ تېپىشىمىز، — دېدى گۈللالە.

بۇگۈن قۇتلۇق بەك كەچ قايتىپ كەلدى، ئۇ گۈللالىنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

— مانا، لالە قايتىپ كەپتۇ ئەمەسمۇ، ھە، ماھىنۇر ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدۇ دېسەم ئىشەنمەي يۈرەتتىڭ، مانا

كەلدىغۇ، بىراق لالە سىز بىزگە خەت يېزىپ تۇرمىدىڭىز؟

— ئوقەت قىلىمىز دەپ شەھەرمۇشەھەر يۈرۈپ ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق قۇتلۇق ئاكا، يىلدا كېتىمىز دەيمىز، لېكىن ماڭالمايمىز، شۇنداق قىلىپ بىرنەچچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى، — دېدى گۈللالە.

— ئىشقىلىپ، قايتىپ كەلگىنىڭلار ياخشى بولدى لالە. ھەدىڭىز بىلەن ياخشىراق پاراڭلىشىۋېلىڭ، مەن چىقىپ قويغا ھەلەپ بېرىۋېتەي، — دېدى قۇتلۇق.

— مەن سىزنى بىرسى ئىچكىرى ئۆلكىلەرگە ئالداپ ئەكەتتىمىكىن دەپ بەك ئەنسىرەپ كەتتىم لالە، — دېدى ماھىنۇر قايغۇرۇپ.

— خاپا بولما ھەدە، مەن بەك سەت ئىش قىلىپتىمەن، — دېدى گۈللالە.

ئەتىسى گۈللالە قۇندۇزغا تېلېفون قىلىپ، رەخت بازىرىدا كۆرۈشتى، ئۇلار بازار ئەھۋالىنى بىرقۇر ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن، بېكەتكە بېرىپ ئۆزلىرى يۈك باسقان ماشىنىنى تېپىپ، رەخت بازىرىغا كەلدى. ئاندىن يەرلىك رەخت سودىگەرلىرى بىلەن پۈتۈشۈپ رەختلەرنى ئۇلارغا بېرىۋەتتى.

— رەختنى ياخشى باھادا سېتىۋالدۇق ھەدە، پۇلىنىمۇ نەق بەردى، مانا، ماۋۇ ئون بەش مىڭ سوم پۇل ھەدە، ئون مىڭ سومنى ئاكامغا بەرگىن، ئۆيلەرنى رېمونت قىلىۋالايلى، قالغان بەش مىڭ سومنى ئۆزۈڭ ساندۇقۇڭدا ساقلاپ ئىشلەت، — دېدى كەچتە گۈللالە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ.

— بۇ بەك جىق پۇلغۇ لالە، ئۆزىڭىز ئىشلەتسىڭىز بوپتىكەن، — دېدى ماھىنۇر بەش مىڭ سوم پۇلغا قاراپ تۇرۇپ.

— مەندە پۇل بار ھەدە، بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئوقتىمىز ياخشى بولدى، ئۆزۈم بىر قورۇ - جاي ئېلىۋالاي دەۋاتىمەن ھەدە، — دېدى گۈللالە ھەدىسىگە قاراپ تۇرۇپ، ئۇ ھەدىسىنىڭ

چىرايىدىكى ئۆزگىرىشكە دىققەت قىلمىۋاتاتتى.

ماھىنۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسىز لالە، شۇنچىلىك پۇل بارمۇ سىزدە

— بىرەر قورۇ - جاي سېتىۋېلىشقا كۇچۇم يېتىدۇ ھەدە.

— ئۇ قۇندۇز دېگەن قىزنىڭ ئۆيى نەدە ئىكەن؟ كىم دېگەننىڭ قىزى ئىكەن ئۇ؟

— تونۇمايسەن، دادىسى ئۆلۈپ كەتكەن، ئاپىسى باشقا ئەرنىڭ قولىدا ئىكەن، مەن ئەتە - ئۆگۈن ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كېلىپ ساڭا تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى گۈللالە.

— سەن بىر قىز تۇرساڭ، يالغۇز جېنىڭغا قورۇ - جاي ئېلىپ نېمە قىلارسەن.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن پۇلۇمنى تۇتۇپ تۇرىدۇ ئەمەسمۇ ھەدە، ئېلىپ قوي، يەر دېگەن ئالتۇن قوزۇق دەپتىكەن.

— ئاكاڭ ئاڭلىسا نېمە دەر؟

— ئاكامغا ئۆزۈڭ چۈشەندۈرۈپ قويىمامسەن، بىر نەچچە يىلدىن بېرى سىرتتا يۈرۈپ يالغۇزچىلىقنى خالايدىغان بولۇپ قاپتۇ، پۇلنى تۇتۇپ تۇرىدىكەن، ئالسا ئالسۇن، دەپ قويساڭ بولدى.

ماھىنۇر بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، قولىدىكى پۇل ئۇنى خوش قىلغاندەك ئەمەس ئىدى.

شەنبە كۇنى چۈشتە، گۈللالە قۇندۇز بىلەن بىر ئاشخانىدا كۆرۈشتى، تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئۇزاق پاراڭلاشتى. ھەر ئىككىلىسى بىر - بىرىگە ئائىلە ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئاپام يىغلاپ ئېقىپ كەتتى ئاداش، ئاپا دېگەن چىدىمايدىكەن، — دېدى قۇندۇز.

— مەن ھەدەمنىڭ قولىدا چوڭ بولغان، ئۇ بىچارىمۇ خۇشاللىقىدا يىغلاپ كەتتى، ھېلىقى ساڭا دېگەن ئىشنى ھەر ھالدا ھەدەمنىڭ ئېغىدىن ئۆتكۈزۈپ قويدۇم، ۋاقتى كەلگەندە ئاكامنى

ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، شۇنىڭغا ئالغۇزىمىز، — دېدى گۇللالە.

— قورۇ - جاينىڭ گېپىنى قىلمىۋاتامسەن؟

— ھەئە.

— مەن ھويلىغا بىرنەچچە ئېغىز ئۆي سالايمىكىن ئاداش. — دېدى قۇندۇز.

— ئۇنداق قىلساڭمۇ بولىدۇ ئاداش.

— ئىككىمىز بەس - بەستە قورۇ - جاي ئېلىپ كەتمەيلى دەيمەنغۇ!

— خەق بىلەن كارىمىز نېمە ئاداش.

— ئۇنداق دېمە، نى - نى ئادەملەر بار، بىر يېڭى كۆڭلەك كىيىپ قويساڭمۇ نەدىن ئالغاندۇ دەپ ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان.

— ئۇغۇ راست ئاداش.

ئۇلار باللار باغچىسى ئاچىدىغان ئىشنى مۇزاكىرىلەشتى.

— باغچىغا ئەگىلىدىغان دوقمۇشتا بىرسىنىڭ قورۇ - جايى سېتىلىدىكەن ئاداش، ئىككى كۇن بولدى رادىئودا ئېلان بېرىۋاتىدۇ، شۇ قورۇ - جاينى كۆرۈپ باقمىزمۇ يا؟ يولنىڭ ئۇستىدە ئوخشايدۇ، يەر ئاستىلىق ئۆي ئىكەن، تۆپىسى بەش ئېغىز، يەر ئاستىمۇ بەش ئېغىز ئۆي ئىكەن، — دېدى قۇندۇز.

— بېرىپ كۆرۈپ باقايلى ئاداش ئەمىسە، ئۆيى ياخشىراق بولسا ئالسامۇ ئالاي، يولنىڭ ئۇستىدە بولسا بەك ياخشى ئىكەن، باللار باغچىسى قىلساق قولايلىق بولغۇدەك، — دېدى گۇللالە.

— ئەمىسە ھازىرلا بېرىپ كۆرۈپ كەلمەيمىزمۇ؟

— شۇنداق قىلايلى ئاداش، بىر كۇن بولسىمۇ بالدۇرراق بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتايلى! — دېدى گۇللالە.

ئۇلار تاكسىغا چۇشۇپ باغچىغا ئەگىلىدىغان دوقمۇشقا كەلدى. شۇ قاتاردىكى ئادەملەردىن سوراپ يۇرۇپ، سېتىلماقچى بولغان قورۇ جاينى تاپتى، قورۇ - جاينىڭ دەرۋازىسى قۇلۇپلاقلىق ئىدى، ئۇلار دەرۋازىغا چاپلاپ قويغان ئېلاننى ئوقۇدى.

— جاي ئىگىسى چاقىرغۇسىنى يېزىپ قويۇپتۇ ئاداش، تېلېفون قىلىپ باقمىزما؟ — دېدى گۇللالە.
— شۇنداق قىلايلى، يورە ئەمىسە.
گۇللالە سومكىسىدىن قولفوننى ئېلىپ، دارۋازىغا يېزىلغان نومۇر بويىچە، جاي ئىگىسىگە چاقىرغۇ قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي جاي ئىگىسىدىن تېلېفون قايتتى، جاي ئىگىسى هايال بولماي كېلىدىغان بولدى.
جاي ئىگىسى ئون مىنۇت ئىچىدە يېتىپ كەلدى. يەتمىش ياشلارنىڭ قارىسىنى ئېلىپ قالغان بۇ ئادەم ئۇلارغا قىزغىن مۇئامىلە قىلدى.
— هە، باللار باغچىسى قىلساق دەپسىلەردە، بۇ ئۆيۈڭلار بەك ياخشى بوپتۇ قىزلىرىم، مېنىڭ بۇ قورۇيۇم يولنىڭ ئۈستىدە، ئاشۇنداق ئىشلارغا بەك باب كېلىدۇ، — دېدى بوۋاي.
گۇللالە بىلەن قۇندۇز بوۋاينىڭ باشلىشى بىلەن هەممە ئۆيلەرنى كۆرۈپ چىقتى. بوۋاي ئۇلارنىڭ خەۋىرىنى كۈتىدىغان بولدى.
گۇللالە ئۆيگە بېرىپ، ئەھۋالنى هەدىسى بىلەن ئاكىسىغا ئېيتتى.
— ئاشۇ قورۇ - جاينى ئالاي ئاكا، سىز بېرىپ جاي ئىگىسى بىلەن كۆرۈشسىڭىز، بىز قۇندۇز بىلەن باللار باغچىسى ئاچماقچى، بىرەر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتمىساق بولماس، — دېدى گۇللالە ئاكىسى قۇتلۇققا.
— بولىدۇ لالە، مەن ياردەملىشەي، دېمىسىمۇ بىر ئىشنىڭ بېشىنى تۇتمىساڭلار بولمايدۇ! — دېدى قۇتلۇق.
— ئۇ جاينى ئالسىڭىز ئاشۇ يەردە يېتىپ قوپمايدىغانسىز؟ — دېدى ماھىنۇر گۇللالىگە قاراپ.
— ياقەي هەدە، ئۇ يەر ئاساسەن باللار باغچىسى بولىدۇ.
— قۇندۇز ئىككىڭلار بىللە ئاچامسىلەر؟ — دېدى ماھىنۇر.

— ئاشۇنداق بولىدۇ ھەدە، ئىككىمىز بىر - بىرىمىزگە ھەمراھ بولۇپ ئىشلىمەيمىزمۇ! — دېدى گۈللالە.

گۈللالىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە، ئۈچ كۈندىن كېيىن قۇتلۇق جاي ئىگىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، جاينىڭ باھاسى ئۈستىدە تالاش - تارتىش قىلىشتى.

— مەن سىزگە يۇقىرى باھا قويمىدىم ئۇستام، سىز مەدرىسىنىڭ قېشىدىكى ساتىراشخانىدا ئىشلەيسىزغۇ ھە، مەن سىزنى تونۇيمەن، بۇرۇن پات - پات قېشىڭىزغا باراتتىم، كۆزىڭىزدىن چىقىپ قالغان ئوخشايمەن، ئۆزۈمنىڭ مەيلىچە بولسا بۇ جاينى ساتمايتتىم، ئىجارىگە بىرىپ قويسام تۇرۇۋېرەتتى، بىراق بالىلىرىم بەك خاپا قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، كۆزۈم يورۇق ۋاقتىمدا ئۇلارنى رازى قىلىۋەتمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ، شۇڭا سېتىشقا مەجبۇر بولۇپ قالدىم، بولمىسا بۇ جاينى ساتامدىم دەيسىز، بۇ جاي ماڭا دادامدىن قالغان، دادامغا دادىسىدىن قاپتىكەن، مانا ھازىر ماڭا كەلگەندە مەن بالامغا قالدۇرالمايدىغان بولدۇم، ھازىرقى بالىلار پۇلغا ئامراق بولۇپ كەتتى، جاھان مۇشۇنداق كېتىۋەرسە ھەممە ئادەم ئۆزى بىلەنلا بولۇپ كېتىدۇ، قېرىنداش، ئۇرۇق - تۇغقان دېگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى تۈگەيدۇ، ھېلىمۇ بالىلىرىم بىر - بىرسى بىلەن ياتلىشىپ بولدى، بۈگۈن بىر قوي سويدۇم، ماۋۇ بىر پارچە گۆشنى يا ئاكام يېسۇن، يا سىڭلىمغا ئاپىرىپ بېرەي، دەيدىغان گەپ يوق ئۇلاردا ھازىر. مەنغۇ ئۇلارنى ئەدەب - قائىدىگە ياخشى ئۆگەتكەن، لېكىن ئۇلار ئۆيلۈك - ئوچاقلىق بولغاندىن كېيىن ئۆزگىرىپ كەتتى، خوش، بۇ جاينى سىزگە ساتاي ئۇستام، چىقىشىپ قالىمىز، — دېدى بوۋاي.

— ئەمىسە دېگەن باھايىڭىزدىن ئازراق چۈشۈرۈپ بېرىڭ، بۇ قورۇ - جاينى مەن ئېلىپ قالاي، — دېدى قۇتلۇق.

ئاخىر ئۇلار باھادا چىقىشىپ قالدى، قۇتلۇق پۇلنى ئەكېلىپ بېرىپ، قورۇ - جاينىڭ رەسمىيەتلىرىنى قولىغا ئالدى.

گۈللالە ئادەم سېلىپ ئۆيلەرنى تازىلاتتى، ئىككى ئېغىز ئۆينى جابدۇپ ئۆزى ئۆي قىلىۋالدى. قالغان ئۆيلەرنى پىلان بويىچە باللار باغچىسى ئۈچۈن بېزەپ تەييارلىدى. قۇندۇز يۇقىرى - تۆۋەن مېڭىپ يۈرۈپ، باللار باغچىسى ئېچىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولغان رەسمىيەتلەرنى تولۇق ئۆتىدى، ئاندىن ئىش كۈتۈپ تۇرغان بىر نەچچە نەپەر قىزنى تەكلىپ قىلىپ ئىشنى باشلىۋالدى. رادىئودىن ئېلان ئاڭلىغان ئاتا - ئانىلار ئۇلارنى ئىزدەپ كېلىپ، باللىرىنى ئەكېلىپ بېرىشتى.

ئۇلارنىڭ ئىشى تېز يۈرۈشۈپ كەتتى. لېكىن مەھەللىدە ئۇلار توغرىسىدا ھەر خىل گەپ - سۆزلەر تارقىلىشقا باشلىدى. بۇ سۆزلەر قۇندۇز بىلەن گۈللالىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى، ئۇلار سائادەت دوختۇرنىڭ كۆرسەتكەن ئەقلى بويىچە ھېچ ئىشنى بىلمىگەن كىشى بولۇۋېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشى بىلەن يۈرۈۋەردى.

## 20

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، قۇتلۇق بازارغا كەتتى، ماھىنۇر چىنە - قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، گۈللالىنى قېشىغا چاقىردى.

— لالە، بۈگۈن نېمە ئىش قىلىسىز؟ — دېدى ماھىنۇر قولىنى ئېرتىپ تۇرۇپ.

— ئىككى كۈن بولدى، قۇندۇز ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش، باللار باغچىسىدىكى ئاشخانىدا ماي تۈگەپ قاپتۇ دەۋاتاتتى، بازارغا بېرىپ ماي ئەكېلىپ بېرەيمىكىن، — دېدى گۈللالە.

— پەقەتلا تۈگەپ كېتىپتۇمۇ يا؟

بىر - ئىككى كۈن يەتكۈدەك ماي بار ئوخشايدۇ، — دېدى

گۈللالە.
— ئەمسە ئەتە ئەكېلىپ بەرسىڭىزمۇ بولىدىكەنغۇ، بۇگۈن بېرىپ ھېلىقى نىنا دېگەن رۇس ئايالنى يوقلاپ كەلمەمسىز، ئۆتكەندە ئۇ ئايالنى بازاردا كۆرۈپ قالغانىدىم، سىزنىڭ قايتىپ كەلگىنىڭىزنى ئاڭلىغان ئوخشايدۇ، سىزنى سوراپ ھالى قالمىدى.
— كۆڭلۈمدە بار ھەدە، مەن ئۇلارنى تاشلىمايمەن، يېقىندىن بېرى ئالدىراش بولۇپ كەتتىم، بۇ ئىشنى ياخشى ئېسىمگە سالدىڭ، ئەمسە بۇگۈن بېرىپ ئۇلارنى يوقلاپ كېلەي، — دېدى گۈللالە.
گۈللالە قۇندۇزغا تېلېفون قىلدى، ئۇلار بالىلار باغچىسىدا كۆرۈشتى.
— ھە، ھېلىقى سەن ماڭا دەپ بەرگەن ھېلىقى رۇس ئايالما، ياخشى بوپتۇ ئاداش، يوقلاپ قوي، — دېدى قۇندۇز.
— نېمە ئېلىۋالسام بولا ئاداش؟
— نېمە ئېلىۋالساڭ بولا، كىيىم - كېچەك ئالساڭ توغرا كەلمەيدۇ ھەقچان، بىر ئۇزۇك ئېلىۋال بولمىسا، سىزگە A شەھەردىن ئالغاچ كەلگەنتىم دەپ بەرمەمسەن! — دېدى قۇندۇز.
— يولدىشىغا بىرنېمە ئېلىۋالمىسام بولمايدۇ ئاداش، ئەڭ مۇھىم ئادەم ئاشۇ يولدىشى ئەمەسمۇ! — دېدى گۈللالە.
— ئەرلەرگە بىرنېمە ئالماق تەس ئاداش، ئۇزۇككە ئازراق پۇل قېتىپلا بىرنېمە قىلمامسەن!
— بىرنېمە ئالمىسام بولماس ئاداش، بولمىسا يولدىشىغا بىر ئالتۇن زەنجىر ئېلىپ بېرەيمۇ يا؟
— ئۇ بىر بېلىقچى ئادەم ئىكەن، بوينىغا ئالتۇن زەنجىر سالاما؟ — دېدى قۇندۇز.
— ئۇ دېگىنىڭمۇ راست ئاداش، قېنى بازارغا بېرىپ قاراپ باقمامدۇق بولمىسا، — دېدى گۈللالە.
قۇندۇز ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى، ئۇلار بازارغا چىقىپ، سودا قىلدى.

— ئەمىسە مەن ماڭاي ئاداش، — دېدى گۈللالە.
— خوش ئەمىسە ئاداش، — دېدى قۇندۇز.
گۈللالە بىر تاكسىنى توسۇپ، دەريا بويى تەرەپكە ماڭدى.
نىنا قورۇسىدا كىر يۇۋاتاتتى، ئۇ دەرۋازىنىڭ ئالدىدا توختىغان قىزىل تاكسىنى كۆرۈپ، ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى ئېرتىپ دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى.
نىنا ماشىنىدىن چۈشكەن گۈللالىنى تونۇيالمىدى، گۈللالە تاكسىچىغا پۇلنى بېرىۋېتىپ نىناغا قاراپ كەلگەندىن كېيىن، نىنا ئۇنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى.
— نىنا هەدە، ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ، — دېدى گۈللالە.
— ھە، سىز گۈللالىما؟ ياخشى، ياخشى، — دېدى نىنا، ئۇ گۈللالىنى ئاخىر تونۇدى.
— مەن گۈللالىغۇ، تونۇيالمىدىڭىزما؟ — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.
— تونۇدۇم، تونۇدۇم قىزىم، ئۆيگە كىرىڭ، ئۆيگە كىرىڭ، — نىنا ئۇنى ئۆيگە باشلىدى.
— مەن سىزنى ھەدىڭىزدىن سوراپ تۇردۇم، پات - پات بازاردا ئاكىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ قالىمەن، ھەدىڭىز ماھىنۇر بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ تۇرۇۋاتىمەن، ھەدىڭىز سىزنى A شەھىرىگە كەتتى دېدى، قاچان كەلدىڭىز؟ — دېدى نىنا گۈللالىنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قاراپ.
— كەلگىلى ئىككى ئاي بولدى، سىزنى ۋاقتىدا يوقلاپ كېلەلمىدىم، بەك سەت بولدى نىنا ھەدە، — دېدى گۈللالە خىجالەت بولۇپ.
— رەھمەت قىزىم، سىزنى قايتىپ كەپتۇ ھەم ئۆزى يول تېپىپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، مانا، نېمىدېگەن ياخشى.
— ئاركاشكا ئاكام يوقمۇ؟ — دېدى گۈللالە.
— بار، ئەتىگەندىلا دەريا بويىغا ھېلىقى تەتۈر سېۋەتلىرى

بىلەن تورلىرىنى يىغقىلى كەتكەن، كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئۇ سىزنى كۆرسە خۇشال بولۇپ كېتىدۇ. . . .

نىنا چاي قايناتىپ، ئۈستەلگە داستىخان سالدى. ئاندىن قولىغا چوڭ بولكىنى ئېلىپ، چىرايلىق پىچىقى بىلەن كېسىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى.

— چاي ئىچىڭ قىزىم، ھەسەل بىلەن ئېلىڭ، سەمرىپ قاپسىز، — دېدى نىنا كۈلۈپ.

— سەمرىپ قاپتىمەنما؟ — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— قىز بالا دېگەن بەك ئورۇق بولسا بولمايدۇ، ياراشمايدۇ، ئەمدى مۇشۇ ھالىتىڭىزنى ساقلاپ قالسىڭىز بولغۇدەك، — دېدى نىنا قولىغا بىر كېسىم بولكىنى ئېلىپ.

ئاركاشكا دەريا بويىدىن قايتىپ كەلدى. ئۇ نىنانى چاقىردى.

— نىنا، نىنا، سەن قەيەردە؟

— مانا، مانا مەن، — نىنا قورۇغا چىقتى.

ئاركاشكا ۋېلىسىپىتىنى تامغا يۆلەپ قويۇپ، ۋېلىسىپىتىنىڭ كەينىدىكى بېلىق تاغىرىنى چۈشۈرۈۋالدى.

— ئۆيدە نېمە قىلىپ يۈرىسەن خوتۇن، ئىشلارنىڭ ھەممىسى قورۇدا تۇرسا، مۇنۇ بېلىقلارنى بېشــــقتۇرمامسەن، — دېدى ئاركاشكا ۋارقىراپ.

— گۈللالە كەپتۇ، ئۆيدە . . . .

— گۈللالە؟ قايسى گۈللالە ئۇ؟

— ھېلىقى يىلى سىز قۇتقۇزۇۋالغان گۈللالىچۇ!

— ھە، ئۇ قىزنى باشقا بىر يۇرتقا كېتىپتۇ دەۋاتاتتىڭغۇ!؟

— قايتىپ كەپتۇ.

— ھە، شۇ، بۈگۈن تورغا قىلتىرىقى يوق بېلىقتىن ئىككىسى چۈشۈپتىكەن، بىر خۇش خەۋەر بار ھەقىچان دېگەن ئىدىم، ئەسلىدە ئاشۇ قىز كېلىپتىكەندە! ئەمــــسە قولۇمغا سۇ ئەكەل، باش - كۆزلىرىمنى يۇۋالاي، — دېدى ئاركاشكا.

نىنا ئۇنىڭ قولىغا سۇ قۇيۇپ بەردى. ئاركاشكا باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، ئۆيگە كىردى.

— مانا، بىزنىڭ دەرياغا سەكرەپ ئوينايدىغان باتۇر قىزىمىز كېلىپ قاپتۇغۇ! — دېدى ئاركاشكا گۈللالىنى كۆرۈپ.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ ئاركاشكا ئاكا، — گۈللالە ئورنىدىن تۇردى.

— ياخشى، ئولتۇرۇڭ قىزىم، ھە، مانا، بىر چىرايلىق قىز بولۇپ كېتىپسىز ئەمەسمۇ، سىزنى باشقا بىر شەھەرگە كەتتى دەپ ئاڭلىغانىدىم ، قاچان كەلدىڭىز؟ — دېدى ئاركاشكا ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ.

— بىرنەچچە ئاي بولدى.

— ئۇ ياقتا بەش - ئالتە يىل تۇرۇپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن قىزىم، — دېدى ئاركاشكا.

— يەتتە يىل تۇردۇم.

— مانا، بىردەمدىلا يەتتە يىل بولۇپ كېتىپتۇ ئەمەسمۇ، ۋاقىت نېمدېگەن تېز ھە، دەريانىڭ سۈيىدەك ئاقىدىكەن، — دېدى ئاركاشكا.

— سىلەرنى يوقلاپ كېلەلمىدىم، سىلەر بولمىغان بولساڭلار مەنمۇ بولمىغان بولاتتىم، سىلەرنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقڭلارنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن، ئاز بولسىمۇ A شەھىرىدىن سىلەرگە ئازراق نەرسە ئالغاچ كەلگەنتىم، قوبۇل قىلغايسىلەر، — دېدى گۈللالە سومكىسىدىن سوۋغاتلىرىنى ئېلىپ داستىخاننىڭ ئۈستىگە قويۇپ.

نىنا پارقىراپ تۇرغان ئۈزۈكنى كۆرۈپ، خۇشال بولۇپ كەتتى.

— بەك ئاۋارە بولۇپ كېتىپسىز قىزىم، بۇنداق قىلمىسىڭىزمۇ بولاتتى، — دېدى نىنا.

— ئەرزىمەيدۇ ھەدە، سىلەرگە قانچە قىلسامۇ ئازلىق قىلىدۇ ھەدە، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.

نىنا ئېرىگە قاراپ كۈلۈپ قويدى، ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرى بەكمۇ چىرايلىق نۇرلىنىپ كەتكەندى.

— رەھمەت قىزىم، بەك ئاۋارە بولۇپسىز، ئاكىڭىز كەلمەپتىغۇ؟ — دېدى ئاركاشكا.

— ئاكام ساتىراشخانىسىغا كەتكەن، كېيىن بىر كۈنى كېلىمەن دەيدۇ، ئۇ سىلەرگە سالام ئېيتتى.

— ياخشى، سالامەت بولسۇن، ئەمىسە خوتۇن مەن چىقىپ بېلىقنى كاۋاپ قىلاي، گۈللالە مۇنۇ قىلتىرىقى يوق بېلىققا ئېغىز تەگسۇن، — دېدى ئاركاشكا ئورنىدىن تۇرۇپ.

— سىلەرنى ئاۋارە قىلماي، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ ئازراق ئىشىم بار ئىدى، كېيىن بىر كۈنى ھەدەم بىلەن ئايرىم كېلىمىز! — دېدى گۈللالە ئورنىدىن تۇرۇپ.

— كېتىمەن دەمسىز قىزىم؟ — دېدى نىنا جىددىيلىشىپ.

— ئازراق ئىشىم بار ئىدى نىنا ھەدە، كېيىن بىر كۈنى كېلىمەن، — دېدى گۈللالە.

— ئاركاشكا، ئەمىسە ھېلىقى قىلتىرىقى يوق بېلىقتىن بىرنى سومكىغا سېلىڭ، گۈللالە ئۆيىگە ئالغاچ كەتسۇن، — دېدى نىنا.

— توغرا خوتۇن، مۇشۇنداق گەپلىرىڭ ياخشى سېنىڭ، — دېدى ئاركاشكا.

ئاركاشكا بېلىقنى سومكىغا سېلىپ، نىناغا بەردى. نىنا سومكىنى گۈللالىگە تۇتقۇزدى.

— نېمدېگەن چوڭ بېلىق نىنا ھەدە بۇ، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ:

— بۇ بېلىقنىڭ گۆشى بەك تاتلىق، بۇنداق بېلىق ھازىر دەريادا ئازلاپ كەتتى، بۇ يىل مۇشۇ كۈنگىچە ئاركاشكا بىرنىمۇ تۇتالمىغان، سىزنىڭ تەلىيىڭىز بار ئىكەن قىزىم، ئۆيگە ئاپىرىپ پىشۇرۇپ يەڭلار! بۇ بېلىقنى ماي بىلەن پىشۇرساڭلار ياخشى بولمايدۇ، بېلىق شورپىسى قىلىڭلار! تاتلىق بولىدۇ، — دېدى

نىنا.

— رەھمەت نىنا ھەدە، ئەمىسە مەن ماڭاي.

— خوش ئەمىسە قىزىم، مەنمۇ بارىمەن، سىز كېلىپ تۇرۇڭ، مەيلى قانداقلا بولمىسۇن سىز بىزنىڭ قىزىمىز ئەمەسمۇ! — دېدى نىنا. ئۇلار ئۇنى دەرۋازىنىڭ ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويدى.

گۇللالە ئۇزاپ كەتتى.

— ھەر ھالدا ئادەمگەرچىلىكى بار قىز ئىكەن خوتۇن، — دېدى ئاركاشكا قورۇغا كىرگەندىن كېيىن.

— بىز ئۇچۇن بەك جىق پۇلنى خەجلىۋېتىپتۇ بۇ قىز، — دېدى نىنا.

— ھەر ھالدا پېشانىسى ئوڭ ئىكەن بۇ قىزنىڭ، شۇ كۈنى ئەگەر دەرياغا سەل كېيىنرەك بارغان بولسام سۇ ئەكېتەتتى، — دېدى ئاركاشكا.

## 21

قۇندۇز باللار باغچىسىغا شېرىك بولغىنى بىلەن باغچىنىڭ ئىشلىرىغا ئانچە ئارىلىشىپ كەتمىدى. ئۇ يۇرتىدىن ئايرىلغىلى ئون نەچچە يىل بولۇپ قالغانىدى. شۇ يىللاردا ئۇ يۇرتىنى ئويلىسىلا، ئەينى يىللاردا ئۆزىگە ئۇستاز بولۇپ، ئۇنى ئىشلەتكەن ئاشۇ ئوبۇلقاسىمنى ئۇنتۇيالمايتتى. يۇرتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئۇ تونۇشلار ئارقىلىق ئوبۇلقاسىمنى سۈرۈشتە قىلدى. نەتىجىدە ئوبۇلقاسىمنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن تولۇق ئۇچۇرغا ئىگە بولدى.

بەش يىلنىڭ ئالدىدا ئوبۇلقاسىم كەسپىنى تاشلاپ، مودا كىيىم - كېچەك ساتىدىغان بىر دۇكان ئېچىۋالغانىدى. بەش يىلنىڭ ئىچىدە ئۇ خېلى پۇل تاپتى، ئۆيلىرىنى قايتا سېلىۋالدى. قىسقىسى، ئۇ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغانىدى.

مۇشۇ كۈنلەردە قۇندۇزنىڭ كاللىسىغا ئوبۇلقاسىم كىرىۋالغانىدى. ئۇ ئوبۇلقاسىمنىڭ قولىدا ئىشلىگەن ئاشۇ كۈنلىرىنى ئەسلەپ ئۆتتى، ئاندىن ئۆزىنىڭ A شەھىرىدىكى تۇرمۇشىنى ئەسلەپ ئۆتتى. ئاخىرقى ھېسابتا، ئۇ ئوبۇلقاسىم بىلەن ئارىلىشىش قارارىغا كەلدى.

يەكشەنبە كۈنى ئىدى. قۇندۇز بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا ئوبۇلقاسىمنىڭ مودا كىيىم ـ كېچەك دۇكىنىنى كۆرۈۋالغانىدى. ئۇ دۇكانغا كىرىپ كەلدى. ئوبۇلقاسىم بىر خېرىدارغا پۇل قايتۇرۇۋاتاتتى، قۇندۇز، دۇكاننىڭ ئىچى تەرىپىگە كىرىپ، تامغا ئېسىلغان پوپايكىلارغا قاراپ تۇردى. ئوبۇلقاسىم ئالدىدىكى خېرىدارنى يولغا سېلىپ بولۇپ، قۇندۇزنىڭ قېشىغا كەلدى.

— قانداق پوپايكا ئالاي دېگەنتىڭىز؟ — دېدى ئوبۇلقاسىم.

قۇندۇز ئوبۇلقاسىمغا قارىدى، ئوبۇلقاسىم قۇندۇزنى كۆرۈپ تۇرۇپلا قالدى.

— سىز، سىز قۇندۇز ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئوبۇلقاسىم ئۆزىنى ئاران تۇتۇۋېلىپ،

— سىز ئوبۇلقاسىمكامغۇ؟ مەن سىزنى تونۇدۇم.

— مەنمۇ سىزنى تونۇدۇم قۇندۇز، قاچان كەلدىڭىز؟

— بىرنەچچە ئاي بولدى، ھازىر دۇكان ئېچىۋېتىپسىز ـ دە!

— دېدى قۇندۇز كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— تۆت ـ بەش يىل بولۇپ قالدى، قارىسام مۇشۇ ئىش تىنچدەك، ھە، ئۇزاق يىل بولدى يوقاپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى ئوبۇلقاسىم ھېچ ئىشتىن خەۋىرى يوق قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئەلۋەتتە ئۇ قۇندۇزنىڭ ھەممە ئىشلىرىدىن خەۋەر تېپىپ بولغانىدى. ئۇنىڭ يۇرتقا قاچان قايتىپ كەلگەنلىكىنىمۇ، گۈللالە بىلەن بىرلىشىپ باللار باغچىسى ئېچىۋاتقىنىمۇ بىلەتتى.

— A شەھىرىگە كەتكەنىدىم، شۇ يەردە تۇغقانلىرىمنىڭ قېشىدا تۇرۇپ قالدىم.

— مۇنداق دەڭ، ئۇ يەردە رەختچىلىك قىلىپ جىق پۇل تېپىپ كەتتى دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟! — دېدى ئوبۇلقاسىم ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— جىق پۇل تاپماق بەك تەس ئىكەن ئوبۇلقاسىم ئاكا، — ھەر ھالدا ئىشلىرىمىز يامان ئەمەس.

— قېنى ئەمىسە، چىرايلىق پوپايكىدىن بىرنى كىيىڭ، ھە! — دېدى ئوبۇلقاسىم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مەن قىزىل پوپايكىنى ياخشى كۆرەتتىم، بىراق سىزدە قىزىل پوپايكا يوق ئىكەن.

— ھە، مۇنداق دەڭ، بىراق ھازىر قىزىل پوپايكا مودىدىن قالدى.

— ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەن ئانچە مودا قوغلىشىپ كەتمەيمەن.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، A شەھىرىدە مودا بولۇپ كەتتى دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟! — دېدى ئوبۇلقاسىم ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ،

— مۇشۇ كۈندە خەق نېمە دېمەيدۇ ئوبۇلقاسىم ئاكا، — دېدى قۇندۇز كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

قۇندۇزنىڭ قىلىقلىرى ئۇنىڭ بەدىنىنى قىچىشتۇرۇپ قويدى.

— ياخشى كەپقاپسىز قۇندۇز، ئۇزاق يىل بوپتۇ، ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپتىمىز. دۇكاننى تاقاي، ياخشى بىر رېستوران بار، تاماق يېگەچ بىردەم پاراڭلاشمايمىزمۇ؟ — دېدى ئوبۇلقاسىم كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ.

— بۈگۈن ۋاقتىم يوق ئوبۇلقاسىم ئاكا، بىر دوستۇم ئۆيىگە چاقىرىپ قويغان، ئاشۇ يەرگە بارمىسام بولمايدۇ، كېيىن بىر كۈنى كۆرۈشەيلى، — دېدى قۇندۇز.

— بۈگۈن ئىشىڭىز بار ئىكەن ـ دە، چاقىرغۇڭىز بارمۇ؟

— بار.

ئەمىسە نومۇرىنى يېزىۋالاي، ئەتە ئالاقىلىشايلى! — دېدى

ئوبۇلقاسىم. ئۇ قۇندۇزنىڭ چاقىرغۇ نومۇرىنى يېزىۋالدى.
قۇندۇز ئوبۇلقاسىمنىڭ دۇكىنىدىن چىقىپ ئۆيىگە كەتتى.
ئەتىسى ئوبۇلقاسىم دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى ئورمان ئىچىدە يېڭى ئاچقان بىر ساياھەت ئورنىغا كېلىپ، ئايرىم بىر ئۆي ئالدى، ئاندىن قۇندۇزغا چاقىرغۇ قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي قۇندۇزدىن تېلېفون قايتتى.
— قۇندۇزما؟ ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟ ھە، مەن ئوبۇلقاسىم. بىر ساياھەت ئورنىدا. ئۇنداق دېمەي كېلىڭ. تونۇگۇن ئىشىم بار دېدىڭىز، ئەمدى بۇگۈن ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ. بۇگۈن ياخشى پاراڭلىشىپ ئولتۇرىمىز، ھە، ماۋۇ گېپىڭىز بولىدۇ، تاپسىز، تاكسىچىلارغا دېسىڭىز ئەكېلىپ قويىدۇ. ”بوستان ئارامگاھى“ دېسىڭىز تاكسىچىلارنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ.
ئوبۇلقاسىم قولفوننى قويۇپ قويۇپ، ئىچىدىكى ئۆيدە تېلېۋىزور كۆرۈۋاتقان كۇتكۇچى قىزنى چاقىردى.
— ھە، خانقىز، ئەمسە بىزنىڭ تائاملىرىمىزنى يازغاچ تۇرۇڭ، — دېدى.
كۇتكۇچى ئۆيدىن چىقىپ دېرىزىدىن تائام دەپتىرىنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا بەردى.
— مەن تاماقلىرىڭلارنىڭ تۈرىنى بىلمەن، سىز يېزىڭ، مەن دەپ بېرەي، — دېدى ئوبۇلقاسىم. ئۇ تائاملارنىڭ تۈرلىرىنى دەپ بەردى. كۇتكۇچى قىز يېزىۋېلىپ چىقىپ كەتتى.
ئوبۇلقاسىم ئىچىدىكى ئۆيگە كىرىپ، كارىۋاتتا يانپاشلاپ ياتتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن قۇندۇز يېتىپ كەلدى.
— كېلىڭ قۇندۇز، ئولتۇرۇڭ، — دېدى ئوبۇلقاسىم.
— نېمىدېگەن چىرايلىق يەر بۇ ئوبۇلقاسىم ئاكا؟ — دېدى قۇندۇز سومكىسىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ،
— مۇشۇنداق چىرايلىق ياسىمىسا بۇ يەرگە ئادەم كەلمەيدۇ ئەمەسمۇ؟ ھەر ھالدا تېپىپ كەلدىڭىز، تاماقنى بۇيرۇتۇپ قويدۇم،

ئىچىدىكى ئۆيگە كىرىپ، قولىڭىزنى يۇۋىلىڭ ـ ھە، مەن كۇتكۇچى قىزنى چاقىراي، تاماقلارنى ئېلىپ چىقسۇن! — دېدى ئوبۇلقاسىم.

قۇندۇز تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ، قولىنى يۇيۇپ چىقتى.

كۇتكۇچى قىز تائاملارنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئەكىردى. ئۇلار ھۇزۇرلىنىپ تاماق يېيىشكە باشلىدى.

— بىز كۆرۈشمىگىلى ئون يىل بوپتۇ قۇندۇز، ئون يىل دېگەن قىسقا ۋاقىت ئەمەس، تۇنۇگۇن مەن سىزنى كۆرۈپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتىم، بەزى قىزلار چوڭ بولغانسېرى سەتلىشىپ كېتىدىكەن، سىز ئۇنىڭ ئەكسىچە، چوڭ بولغانسېرى چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىز، كۆز ـ قاشلىرىڭىز بۇرۇنقىدىنمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى ئوبۇلقاسىم تامىقىنى يېگەچ.

— باشقىلارمۇ مېنى مۇشۇنداق دەيدۇ، شۇنىڭغا قارىغاندا ھەقىقەتەن چىرايلىق بولۇپ كەتكەن ئوخشايمەن، — دېدى قۇندۇز ئوبۇلقاسىمنىڭ ماختىشىغا ماسلىشىپ.

— بولۇپمۇ كۆزلىرىڭىز بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ، مېنىڭ مۇشۇ شەھەردە بارمىغان يېرىم يوق، لېكىن مەن بۇنداق چىرايلىق كۆزنى كۆرۈپ باقمىغان، كۆزىڭىزگە ھەربىر قېتىم قارىسام شۇنداق ئازادە، خاتىرجەم بولۇپ كېتىمەن.

— سىز شائىرلاردەك گەپ قىلىسىزكەن ئوبۇلقاسىم، — دېدى قۇندۇز كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ.

— مۇشۇ كۇنلەردە شائىر بولۇپ كەتتىمغۇ قۇندۇز، قورساق توق ، كۆڭۈل شوق دېگەن مۇشۇ ـ دە، مانا ئادەمنىڭ قورسقى تويسا گەپ ـ سۆزلىرىمۇ شېئىرغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

— توغرا دېدىڭىز ئوبۇلقاسىم، مالنى مۇشۇ شەھەردىن ئېلىۋاتامسىز، يا A شەھىرىدىن ئەكىلىۋاتامسىز؟

— ئىچكىرى ئۆلكىلەردىن ئېلىۋاتىمەن، بىزنىڭ مۇشۇ يەردىن ئاشۇ ياقتا كەتكەن بالىلار بار، مالنى شۇلار يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

— ھە مۇنداقكەندە؟ — دېدى قۇندۇز.

ئۇلار تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن ئوبۇلقاسىم ئىككى ئىستاكانغا لىق قىلىپ هاراق قۇيدى، بىرىنى قۇندۇزنىڭ ئالدىغا، بىرىنى ئۆزىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— ئەمىسە ئىككىمىز بۈگۈن ئالدىرىماي ئولتۇرىمىز، سىزگە هەمراھ بولۇپ مەنمۇ قىزىل هاراق ئىچەي، — دېدى ئوبۇلقاسىم.

— مەن هاراق ئىچىپ باقمىغان ئوبۇلقاسىم. . .

— ئىچىپ باقمىغان بولسىڭىز بۈگۈن ئىچىپ بېقىڭ، ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىپ قالىدىغان گەپ، قېنى ئەمىسە ئازراق ئىچىپ قويايلى، — دېدى ئوبۇلقاسىم قولىغا ئىستاكاننى ئېلىپ، ئۇلار قولىدىكى هاراقنىڭ يېرىمىنى ئىچىۋەتتى.

— مەنمۇ بىر رېستوران ئېچىۋالايمىكىن دەيمەن ئوبۇلقاسىمكا، — دېدى قۇندۇز ئۈنى كۆلدۈرلەپ.

— ئېچىڭ قۇندۇز، مەن سىزگە ياردەم قىلاي، ئاڭلىسام هېلىقى گۈللالە دېگەن دوستىڭىز بىلەن شېرىك باللار باغچىسى ئېچىپسىز، شېرىك قىلغان ئىش بولمايدۇ قۇندۇز، ئۆز ئالدىڭىزغا ئىش قىلىڭ، مەن سىزگە ياردەم قىلاي، — دېدى ئوبۇلقاسىم.

— ئىككىمىز شېرىك ئاچامدۇق يا؟ — دېدى قۇندۇز.

— مەن مۇشۇ كۈنگىچە شېرىك ئىش قىلىپ باققان ئادەم ئەمەس، ئەگەر ئۆزىڭىز ئاچسىڭىز، مەن سىزگە ياردەم قىلاي.

— قېنى ئەمىسە، مۇشۇ گېپىڭىز ئۈچۈن ئىچتۇق، — دېدى قۇندۇز ئالدىدىكى ئىستاكاننى كۆتۈرۈپ قويدى.

ئۇلار بىردەمدىلا بىر بوتۇلكا قىزىل هاراقنى ئىچىۋەتتى.

— بېشىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ ئوبۇلقاسىمكا، مەن ئەزەلدىن بۇنداق جىق هاراق ئىچىپ باقمىغان، بولالمايۋاتىمەن، — دېدى قۇندۇز.

— ئەمىسە ئىچىدىكى ئۆيگە كىرىپ بىردەم دەم ئېلىڭ، — دېدى ئوبۇلقاسىم ئۆزىچە ئىشنى ئوڭ كەلتۈرمەكچى بولۇپ، ئەمەلىيەتتىمۇ قۇندۇز ئۇنىڭ مۇشۇ گېپىنى كۈتۈپ تۇراتتى.

قوندۇز ئىچىدىكى ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئوبۇلقاسىم يەنە بىر بوتۇلكا قىزىل هاراقنىڭ ئاغزىنى ئاچتى. . . .

شۇنىڭدىن كېيىن قوندۇز ئوبۇلقاسىمنى ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار كۈندە دېگۈدەك كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان بولدى. قوندۇز ئۇنى بىرنەچچە دوستىنىڭ يىگىتلىــــرىگە تونۇشتۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئوبۇلقاسىم ئاشۇ توپنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئۇلارنىڭ هەر كۈنى قىلىدىغان ئىشى قىمار ئويناش ئىدى. يىگىتلەر دەسلەپتە بىر هەپتىگىچە ئوبۇلقاسىمغا ئۇتتۇرۇپ بەردى. ئۇ راسا كىرىشكەندىن كېيىن، ئۇلار ئۇنىڭ پۇلىنى بىر - بىرلەپ ئۇتۇشقا باشلىدى. بىر ئاينىڭ ئىچىدە ئوبۇلقاسىم پۇللىرىنىڭ هەممىسىنى دېگۈدەك ئۇتتۇرۇپ قويدى. ئۇنىڭ چىرايى سارغىيىشقا باشلىدى. ئۇ، ئۇتتۇرغانسېرى ئۇتتۇرغان پۇللىرىنى قايتۇرۇۋالارمەنمىكىن دەپ ئويىنغۇسى كېلىپ تۇراتتى. ئۇ قىماردىن قول ئۈزەلمىدى. ئاخىرقى هېسابتا، هەممە پۇلىنى ئۇتتۇرۇپ بولدى. ئاخىــــر قىمارۋازلار ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، ئۆيۈڭنى تىكەمسەن؟ دەپ ئۇنى رەسۋا قىلدى. ئەمەلىيەتتە بۇ ئىشلارنىڭ هەممىسى قوندۇزنىڭ ئورۇنلاشتۇرغان ئىشى ئىدى، بۇ ئىشلار گۈللالىنىڭ قولىقىغىمۇ يەتتى، بىر كۈنى گۈللالە قوندۇز بىلەن پاراڭلاشتى.

— ئاڭلىسام ئوبۇلقاسىمنى تېپىۋاپسەن ئاداش، ئۇنىڭ يېشى سەندىن چوڭ، خوتۇن - بالىلىرى بار، جىم يۈرسەڭ بولارمىكىن، سەتلىشىپ قالمايلى يەنە، — دېدى گۈللالە.

بىز جىم يۈرەلمەيمىز ئاداش، ئىككىمىزنىڭ دەردى بار ئادەم، قىلىدىغان ئىشلارنى ۋاقتىدا قىلىۋالايلى، بولمىسا كېيىن پۇشايمان قىلىپ قالىمىز، — دېدى قوندۇز.

— ئوبۇلقاسىمنى يامان قىلدىڭ ئاداش، مانا ئەمدى ئۇ ۋەيران بولدى، ئەسلىدە سەن ئۇنىڭ بىلەن ئېيتىشمىساڭ بولاتتى.

— سەن ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىچ ئاغرىتما ئاداش، ئۆز ۋاقتىدىمۇ ئۇ ماڭا ئىچ ئاغرىتمىغان.

— ئۆز ۋاقتىدىكى ئىشلارنى دېسەڭ ئىش تولا ئاداش، ماقۇل دە، سائادەت ئاپپايمۇ بىزگە مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ئاز گەپ قىلمىدى، جىم يۈرەيلى ئاداش، — دېدى گۈللالە.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس ئاداش، سەنمۇ جىم يۈرەلمەيسەن، راست دەپتىكەن دەيسەن، سەن بىلەن بىز جىم يۈرىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس. توغرا، سادەت ئاپپاي بىزگە بەك ياخشى گەپ قىلدى، بىراق ئاپپاينىڭ گېپىنىڭ تەگدىن تولىسى ئەمەلىيەتتە ئاقمايدۇ. ئۇ، بىز ياشاۋاتقان بۇ جاھاندا ئۇنداق ئىشلار يوق، راست دەپتىكەنسەن دەپ قالىسەن ئاداش. . . .

قۇندۇزنىڭ گېپى گۈللالىگە تەسىر قىلدى، ئۇنىڭ ئابدۇۋەلىنى ئاۋارە قىلغۇسى يوق ئىدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، ئۇ يۈرتىغا قايتىپ كېلىپ، بىر ئىدارىدە ئىشلەۋاتاتتى ھەم توي قىلىپ ئىككى باللىقمۇ بولۇپ بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە گۈللالە تا مۇشۇ كۈنگىچە ئابدۇۋەلىنى ياخشى كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇنىڭ ئابرۇيىنى قوغدايتتى. ئۇنىڭ خېلى يېقىن دوستلىرىمۇ بۇ سىرنى بىلمەيتتى. گۈللالىنىڭ ئەركىندىن خاپا بولغىنى، ئۇنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغىنى ئىدى، ئەركىننىڭ مۇشۇ ئىشى بەك ئېغىر كەلگەنىدى.

قۇندۇز ئوبۇلقاسىم بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزەلمىدى. ئۇ داۋاملىق ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ تۇردى. لېكىن ئوبۇلقاسىمدا بۇرۇنقىدەك قىزىقلىق يوق ئىدى. ئۇ ئۆزىنى گۆركىرەتكەن نەرسىنىڭ ھەممىسىنى ئۇتتۇرۇۋەتتى. لېكىن ئۇ بىر قېتىممۇ مەن بۇرۇن قانداق ئادەم ئىدىم؟ ھازىر قانداق بولۇپ قالدىم؟ بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دەپ ئويلىنىپ باقمىدى. يەنىلا قۇندۇزنىڭ سەنىمىگە دەسسەپ يۈرۈۋەردى.

## 22

خۇددى قۇندۇز ئېيتقاندەك گۈللالىمۇ جىم يۈرەلمىدى. مۇشۇ

كۆنلەردە ئۇنىڭ ھېسسىياتى ئەركىن بىلەن توي قىلغان ئاشۇ كۈنلەرگە مەركەزلىشىپ قالدى. گۈللالە شۇ كۈنى ئەركىننىڭ ئۇنى تاشلاپ چىقىپ كەتكەن ئاشۇ ئىشىنى ھەرگىز ئۇنتۇمايتتى. ئۇ دوستلىرى ئارقىلىق ئەركىننىڭ ھازىرقى ئائىلىسىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىدىن خەۋەر تاپتى. نەتىجىدە ئۇ ئەركىنگە يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ئۇ بازاردا ئەركىن بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆرۈشكەندى. ئەركىن ئۇنىڭغا دوستانە قاراشلىرى بىلەن قارىغاندەك قىلغانىدى. لېكىن گۈللالە ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ ئەركىن بىلەن كۆرۈشكۈسى كەلدى. بىر كۈنى ئۇلار يولدا ئۇچرىشىپ قالدى، بۇ قېتىم گۈللالە چىرايىنى ئېچىپ ئەركىن بىلەن كۆرۈشتى.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ ئەركىن؟ — دېدى گۈللالە ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا سالام بېرىپ.

ئەركىن سەل ئوڭايسىزلىنىپ قالدى، شۇنىڭدىمۇ كۈلۈپ تۇرۇپ:

— ياخشى لالە، قاچان كەلدىڭىز؟ — دېدى.

گۈللالە ئالدىدا تۇرغان ئۆز ۋاقتىدىكى ئېرىنىڭ چىرايىغا قارىدى، ئۇنىڭ روھىي كەيپىياتىنى كۆزەتتى، ئەركىن بۇرۇنقىدەك روھلۇق، جۇشقۇن ئەركىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ روھى باشقىچىلا كۆرۈنەتتى.

— خېلى بولدى، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— تېلېۋىزوردا بەرگەن ئېلانىڭىزنى كۆرگەنىدىم، بىر باللار باغچىسى ئېچىۋاپسىلەر، مۇبارەك بولسۇن، — دېدى ئەركىن.

— بىكار يۈرگۈچە بىكار ئىشلە! دەپتىكەن، خەقنىڭ بالىسىنى بېقىۋاتىمىز، — دېدى گۈللالە، ئۇ "خەقنىڭ" بالىسىنى دېگەن سۆزنى ئۇرغۇلۇق قىلىپ ئېيتتى، ئۇ ئەركىننىڭ گېپىگە مۇشۇ گەپ توغرا كېلىپ قالغىنىغا بەك خۇشال بولۇپ كەتتى.

ئەركىن بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ

ئۇلارنىڭ باللار باغچىسى ئاچقان ئىشى ئۇستىدە گەپلىشىپ قالغىنىغا پۇشايمان قىلدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئىككىنچى ئايالى شەمشىنۇر ئۇنىڭغا قورسىقىدىكى بالىسى بىلەن تەگكەنىدى. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇ بۇ بالا سېنىڭ بولماي كىمنىڭ؟ دەپ ئۆيگە كېلىۋالغانىدى. ئەركىن شەمشىنۇرنى ئۇرۇپ باقتى، تىللىدى، خارلىدى، لېكىن شەمشىنۇر بۇ ئۆيدىن كەتمىدى. شەمشىنۇر سوتقا ئەرز قىلمەن، قورسىقىمدىكى بالىنىڭ دادىسىنى مەن بىلمەي سەن بىلەمتىڭ؟ دەپ قورقۇتۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇپ كەلگەنىدى. يىللار ئۆتتى، ئەركىن ئىككى بالىلىق بولدى، ئىككىلا بالىسى ئوغۇل ئىدى. يەتتە ياشقا كىرگەن چوڭ ئوغلىنىڭ بىر تال تۈكىمۇ ئۇنىڭغا ئوخشىمايتتى، مۇشۇ سەۋەبتىن ئۇلارنىڭ ئەر - خوتۇنلۇق مۇناسىۋىتى ياخشى ئەمەس ئىدى.

— ياخشى خەقلەرنىڭ بالىسىنى باقسا ساۋاب بولىدۇ، جىق ساۋاب تېپىپ كېتىدىغان بولدۇڭلار، — دېدى ئەركىن ئوڭايسىزلانغىنىنى چاندۇرماي.

— ئەگەر مۇشۇ شەھەردە ساۋاب بار دېيىلسە، ئەلۋەتتە بۇ ساۋاب سىزدىن باشلانغان بولىدۇ ئەركىن. . . . — دېدى گۈللالە ئۇنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قاراپ.

— سىز بىلىسىز، مېنىڭ كۆڭلۈم يۇمشاق ئادەم. . . .

— شۇنداق، كۆڭلىڭىز يۇمشاق بولغاچقا مۇشۇ كۈنگە قالدىڭىز، — دېدى گۈللالە.

— يېڭىلمەس ئاللا دەپتىكەن لالە. . . . ، — دېدى ئەركىن. ئۇ "لالە" دېگەن گەپنى شۇقەدەر يېقىملىق چىقارغانىدى.

گۈللالە ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىدىن ئۆزىگە لازىم بولىدىغان ئالامەتلەرنى ئىزدىدى.

— جان باقماق ئاسان ئەمەس ئەركىن، ھەممە ئادەم پۇرسەت ئىزدەيدۇ، لېكىن ئۇلار ئىزدىگەن پۇرسەتكە ئىگە بولالمايدۇ، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەتە تىنچراق بىر يەرنى تېپىپ ياخشىراق پاراڭلاشساق بوپتىكەن لالە، — دېدى ئەركىن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ.
— بولىدۇ. ئەتە مېنىڭ ۋاقتىم بار، قەيەردە كۆرۈشىمىز؟
— ئەمىسە كەچ تاماق ۋاقتىدا "كارۋان رېستورانى"دا تېپىشايلى، مەن سىزنى رېستوراننىڭ ئالدىدا ساقلايمەن.
— بولىدۇ ئەمىسە، ئەتە كۆرۈشەيلى، — دېدى گۈللالە.
گۈللالە ئەركىنگە تاتلىققىنە كۈلۈپ قويۇپ، يولىغا يۈرۈپ كەتتى. ئەركىن ئۇزاققىچە ئۇنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇردى.
ئەتىسى ئۇلار "كارۋان رېستورانى"دا كۆرۈشتى، تاماقتىن كېيىن ئۇلار قىزغىن پاراڭلاشتى.
— ئۆز ۋاقتىدا مەن ھەقىقەتەن سىزگە ياخشى قىلمىدىم لالە، مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى ئەركىن.
— ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ سىزنى كەچۈرگۈدەك ئىش يوق ئەركىن، مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم قىلغان ئادەم. ھەممە ئىشنى ئۆزۈمدىن كۆرىمەن. بىز بەك نادان ئىكەنمىز، ئاشۇ كۈنلىرىمنى ئويلىسام بەك خىجىل بولۇپ كېتىمەن، مانا ئەمدى ئۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى، بىز يەنە يۈز كۆرۈشتۇق. يەنە بىر ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ تاماق يەۋاتىمىز، مېنىڭچە بۇ يامان ئىش ئەمەس، ياخشى ئىش، — دېدى گۈللالە قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ.
— شۇنداق بولسىمۇ، مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا بەك خىجىلمەن، كېيىن بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم، ئەگەر ئاشۇ بېلىقچى رۇس سىزنى قۇتقۇزۇۋالمىغان بولسا قاتىل مەن بولۇپ قالاتتىم. . . .
— ئۇنداق دېمەڭ ئەركىن، مېنى ھېچقاچان ئۇ يولغا سىز مەجبۇر قىلغان ئەمەس، ئاشۇ ئىشلارنى ئويلىسام ئۆزۈمنى بەك بىچارە ھېس قىلىمەن، مەن ھەقىقەتەن تەلەيسىز قىز.
— ئادەم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ لالە، شۇ ۋاقىتتا مەندە ھازىرقىدەك كاللا بولغان بولسا، ئىش باشقىچە بولاتتى، ئادەم بەك

تەستە ئەقىل تاپىدىكەن. . . .

— شۇ ۋاقىتتا مەن سىزگە ئىشەنگەن، ئىشەنگەندىمۇ بەك ئىشەنگەن، سىزگە راست گەپ قىلغان، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا مەن ئۇتتۇرۇپ قويدۇم. مەن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى سۈرۈشتە قىلدىم، شەمشىنۇرنىڭ ئەھۋالىنى يۈزىڭىزگە سالماي، سىز قىلغاننى مەن قىلمايمەن، جاراھەتنىڭ ئۈستىگە تۇز چاچقاندەك ئىش بولمىسۇن. . . .

— باشقا گەپ قىلىشايلى لالە، سىز ئۆزگىرىپسىز، بەك قاتتىق گەپ قىلىدىغان بولۇپ قاپسىز، سىزگە نېمىدەپ چۈشەندۈرىمەن، ئەمدى ئىككى بالام بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە شەمشىنۇرنىڭ مىجەزى بەك ئەسكى، مەن ئۇنىڭدىن قۇتۇلالمايمەن.

— ھەممە ئادەم ماڭا ئوخشاش ئاغزىڭىزغا قاراپ تۇرمايدۇ ئەركىن، سىز بىلىسىز، مەن سىزگە ھەقىقىي كۆڭلۈمنى بەرگەن. لېكىن مەن ئۇنداق پۇرسەتكە ئىگە بولالمىدىم، ئاللا ماڭا ئوخشاش بىر ئاجىز بەندىسىنىڭمۇ رىزقىنى باشقا يۇرتقا چېچىۋېتىپتىكەن، ئەگەر بىز ئاشۇ يىللىرى مۇشۇنداق ئازادە پاراڭلىشالىغان بولساق مېنىڭ تەقدىرىممۇ، سىزنىڭ تەقدىرىڭىزمۇ باشقىچە بولغان بولغىيتتى، — دېدى گۈللالە.

— شۇنداق لالە. . . .

شۇ قېتىمقى ئۇچرىشىشتىن كېيىن، ئەركىن دائىم گۈللالىنى ئىزدەيدىغان بولۇۋالدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنى گۈللالە ئۆزىگە قىزىقتۇرۇۋالغانىدى. رېستورانلاردا، تانسىخانىلاردا، ساياھەت ئورۇنلىرىدا، تاغلاردا، باغلاردا دېگەندەك داۋاملىق خۇپىيانە كۆرۈشۈپ تۇردى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى قوندۇزنىڭ كۆزىدىن قاچالمىدى.

بىر كۈنى باللار باغچىسىدا قوندۇز ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ قالدى.

— نېمە ئىش قىلماقچى ئاداش سەن؟ ئۇ ئەركىن دېگەن

نېمەڭنى نەچچە قېتىم كۆردۈم، ئۆپكىسى تۈگەپ بولغان نەرسىغۇ ئۇ! چىرايىغا قارىمامسەن، ئىت يالىغۇەتكەندەك تۇرمامدۇ؟ — دېدى قۇندۇز.

— مەن ئۇنىڭ ئۆپكىسى بىلەن كارىم يوق، سەن ئوبۇلقاسىمنى قانداق قىلغان بولساڭ، مەنمۇ ئەركىننى شۇنداق قىلىمەن، — دېدى گۈللالە.

— ئەمىسە قىلىدىغان ئىشىڭنى قىلمامسەن؟

— نېمانچىلا ئۇزاق تاقەت بۇ، ئىش دېگەننى ۋاقتىدا قىلىپ، پۈتتۈرۈۋېتىپ، قاراپ ئولتۇرمامسەن؟!

— ئۆزۈڭ بىلىسەن ئاداش، مەن سەندەك چاققان ئەمەس، مەن سەندىن دەرس ئاڭلىمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ؟ — دېدى گۈللالە.

— ھە، ئەمدى قايىل بولدۇڭما؟ جىم يۈرەيلى، جىم يۈرەيلى دەيسەن، ئەمەلىيەتتە جىم يۈرەلمەيمىز ئەمەسمۇ؟!

— راست دەيسەن ئاداش، مەن ساڭا قايىل بولدۇم، بىزنىڭ جىم يۈرمىكىمىز تەسكەن. ئوبۇلقاسىمنى ھاراقكەش بوپ كەتتى دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟ راستما؟

— ئاڭلىسام خۇدانىڭ تاڭ ئاتقان كۈنى مۇساپىرلار بازىرىدا ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ يۈرىدۇ دەيدۇ، ئۆزىنى تاشلىۋەتمىسە بولاتتى.

— سېنىڭ ئىچىڭ بەك كۆچلۈك ئىكەن ئاداش، سەن ئۇنى بىر كۈن ئەمەس بىر كۈنى دىۋانە قىلىۋېتىمەن دەيتتىڭ، مانا ئەمدى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە دېگىنىڭنى قىلدىڭ، — دېدى گۈللالە.

— ئۇنداق دېمە ئاداش، مەن ئۇنى ھېچنېمە قىلمىدىم، مەن ئۇنىڭغا ياردەم قىلاي دەۋاتىمەن، بىرەر دۇكان ئېچىپ بىرەيمىكىن دەيمەنغۇ؟

— مېنى ساز قىلما ئاداش، بولمىسا خاپا بولۇپ قالىمەن، ئەركىنگە بىرنېمە دەپ قويساڭ بولاتتى. كۈندە كېيىنمىگە

كىرىۋېلىپ بارىدۇ! — دېدى گۈللالە قونىدۇزغا ساز قىلىپ.

— گۈلقەقەلىرىڭ ئېچىلىپ كەتكەندۇ؟ — دېدى قونىدۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياق ئاداش، تېخى گۈلقەقەلىرىم ئېچىلمىدى، خۇدايىم بۇيرۇسا مېنىڭمۇ گۈلقەقەلىرىم سېنىڭ گۈلقەقەلىرىڭگە ئوخشاش ئېچىلىپ كېتىدۇ، — دېدى گۈللالە.

ئۇلار بالىلار باغچىسىدىن چىقىپ ئۆيىگە كەتتى.

ئاخشىمى ، گۈللالىنىڭ ئۇيقۇسى كەلمىدى، ئۇ ئۇخلىماقچى بولۇپ، دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ كۆزىنى يۇمدى، لېكىن يەنىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئاخىر سومكىسىدىن ئەينىكىنى ئېلىپ، ئەينەككە قارىدى. ئۇنىڭ چىرايىدا خېلىلا ئۆزگىرىش بار ئىدى. بىر يىلنىڭ ئالدىدىكى چىرايى بىلەن سېلىشتۇرغاندا، ئۇ خېلىلا سالماق كۆرۈنەتتى. ئەينەكتە ئەركىننىڭ سارغىيىپ كەتكەن چىرايى پەيدا بولدى. ئۇ ئەينەكنى تۇتقىنىچە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. تولۇق ئۆچۈرۈلمىگەن چىراغ... تولۇق ئۆچۈرۈكسىز قالدى، گۈللالىنىڭ چىرايى شۇقەدەر ئازادە ئىدى.

## 23

گۈللالە يېرىم كېچىدە ئەركىن بىلەن رېستوراندىن چىقىپ، بالىلار باغچىسىدىكى ئۆيىگە كەلدى. گۈللالە گاز ئوچىقىدا چاي قايناتتى، ئۇلار چاي ئىچىپ ئولتۇرغاندا، بىرسى ئىشىكنى قاتتىق ئۇردى. گۈللالە ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنىڭ قېشىغا كېلىپ، بوش ئاۋازى بىلەن؛ كىم؟ — دېدى.

— ئىشىكنى ئېچىڭ! — بىر ئايالنىڭ قاتتىق ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، گۈللالە جىددىيلىشىپ ئەركىنگە قارىدى.

ئەركىن ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ قولىقىغا:

— ئايالىم شەمشىنۇر! — دېدى.

— ئەمىسە مەن دېرىزىلەرنى ئېچىپ بېرەي، سىز دېرىزىدىن قېچىڭ! — دېدى گۇللالە.

ئۇ ئىچىدىكى ئۆيگە كىرىپ، دېرىزىنى ئاچتى، ئەركىن دېرىزىدىن چىقىپ كەتتى.

ئىشىك يەنە قاتتىق ئۇرۇلۇۋاتاتتى، گۇللالە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئىشىكنى ئاچتى.

شەمشىنۇرنىڭ چىرايى ناھايىتى ئوسال ئىدى، ئۇ ئۆيگە كىرىپلا ئۇ ياق — بۇ ياققا قارىغىلى تۇردى، ئاندىن ئىچىدىكى ئۆيگە كىرىپ، توكنى ياندۇردى.

— كىمنى ئىزدەيسىز؟ — دېدى گۇللالە تەمكىنلىك بىلەن.

— ئېرىمنى ئىزدەيمەن، — دېدى شەمشىنۇر چىرايىنى ئاچماي.

— ئېرىمنى ئىزدەيمەن؟ بۇ قانداق گەپ؟ ئېرىڭىز كىم بولىدۇ؟

— ئېرىم سىزنىڭ بۇرۇنقى ئېرىڭىز ئەركىن بولىدۇ، — دېدى شەمشىنۇر ئالىيىپ تۇرۇپ.

— ھە، مۇنداق دەڭ، ئەركىنما؟ مەن ئەركىننى كۆرمىگىلى ئۇزاق زامانلار بوپ كەتتى. مەن يەتتە يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنى بىر كۆرگەن، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى كۆرمىدىم.

— ماڭا بىرسى خەۋەر قىلدى، ئىككىڭلارنى مۇشۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى دېدى، مانا ماۋۇ ئۇستەلدىمۇ ئىككى سىركاي تۇرىدۇ، سىز ئۇنى چوقۇم قاچۇرۇۋەتتىڭىز!

— مەن چاي سوۋۇپ تۇرسۇن دەپ ئىككى سىركايغا قۇيۇپ قويغان، مەن ئەركىننى كۆرمىدىم، بىرسى سىزنى ئەخمەق قىلىپ ئوينىغان ئوخشايدۇ، يېرىم كېچىدە مەن سىزنىڭ يولدىشىڭىز بىلەن نېمە قىلىمەن بۇ يەردە؟! — دېدى گۇللالە.

— ماڭا خەۋەر بەرگەن ئادەم يالغان ئېيتمايدۇ، — دېدى شەمشىنۇر.

— كېلىڭ بۇ ئورۇندۇققا كېلىڭ، ئولتۇرۇپ پاراڭلىشايلى، — دېدى گۈللالە كۈلۈمسىرەپ.

شەمشىنۇر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— ھازىرقى ئادەملەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، — دېدى گۈللالە، — ئەگەر ئۇ سىزگە يالغان سۆزلىمەيدىغان ئادەم بولمىسا نېمە ئۈچۈن سىز بىلەن بىللە كەلمەيدۇ؟

شەمشىنۇر گەپ قىلالماي قالدى.

— گۇمان ئىماننى قاچۇرىدۇ، دېگەن گەپ بار، سىز يېرىم كېچىدە بۇنداق خەقلەرنىڭ ئۆيىگە ئۇسۇپ كىرسىڭىز بولمايدۇ، ئېسىڭىزدە بولسۇن، تولۇق پاكىتىڭىز بولمىسا، بۇنداق ئىشلاردا ئاسان چېچىلىپ كەتمەڭ، مەندىن باشقا ئادەم بولسا سىزگە بۇنداق مۇئامىلە قىلمايدۇ، — دېدى گۈللالە.

— بىرسى يېقىندىن بېرى سىلەرنى نەچچە قېتىم رېستورانلاردا كۆرۈپتىكەن، — دېدى شەمشىنۇر.

— خاتالاشمىغان بولسام ئېيتىڭىز شەمشىنۇرغۇ دەيمەن، مەندىن ئۈچ - تۆت ياش چوڭ ھەقچان سىز، شەمشىنۇر دەۋېرەي، سىز خەقلەرنىڭ ئاغزىدىكى گەپلەرگە ئۇسسۇل ئويناپ كەتمەڭ، ماڭىمۇ يۈز - ئابرۇي كېرەك. مەن سىزنىڭ ئېرىڭىزگە ئېسىلمىسامىمۇ تېگىمەن دېسەم نى - نى يىگىتلەر بار. شۇنىڭغا قارىغاندا مېنى بەك ئاددىي چاغلاپ قالغان ئوخشايسىز، سىز ئويلاپ باقمامسىز؟ ئۆز ۋاقتىدا ئەركىن مېنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقارغان، بۈگۈنكى كۈندە مەن ئۇنىڭ يۈزىگە قارايمەنمۇ؟ — دېدى گۈللالە.

شەمشىنۇر يەنە گەپ قىلالماي قالدى. گۈللالە يەنە پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي يەنە ئۇنىڭغا ھۇجۇم باشلىدى.

— بۈگۈن ماڭا يولۇقۇپ قالدىڭىز شەمشىنۇر، مەندىن باشقا ئادەم بولغان بولسا، بۇ ئىشنى بۇنداق ئاسان بولدى قىلىۋەتمەيدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلىڭ، ھەر ئىش قىلسىڭىز پاكىتى بىلەن قىلىڭ، — دېدى گۈللالە، ئەمەلىيەتتە مۇشۇنداق سۆزلەش

ئارقىلىق شەمشىنۇرنىڭ ئاغزىنى باسماقچى ئىدى. ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ مەھەللىگە تارقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى.

شەمشىنۇر ئۇنىڭ گېپىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي قالدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، گۈللالىگە قارىدى.

— مەيلى بۇ ئىش راست بولسۇن ياكى يالغان بولسۇن، مەن سىزگە دەيدىغان گەپنى دېمىسەم بولمايدۇ. ئەركىننىڭ مىجەزىنى سىز يا بىلىسىز؟ يا بىلمەيسىز، بىز ئۆز ۋاقتىدا تونۇشۇپ ئايرىلىشىپ يۈرگەندە ئۇ مېنى قۇرغۇيۇم، قوزام دەپ ئالداپ ئۈچۈرۈپ يۈردى، كېيىن ئىش چىڭقىغا چىققاندا مەن ئەمەس دەپ قاچقىلى تۇردى، بىراق مەن ئۇنىڭغا بوش كەلمىدىم. كېيىنكى كۈنلەردە مەن ئۇنىڭ قولىدا بەك خارلىنىپ كەتتىم، ئاجرىشىپ كېتەي دېسەم، ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ بىر بالام بولۇپ قالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ يەنە بىر ئەرگە تەگمىكىم تەس ئىدى، ئامالسىز چىشىمنى چىشلەپ، ئۆي تۇتتۇم. كېيىن يەنە بىر بالىلىق بولدۇم، ئۇ ھازىرغىچە چوڭ ئوغلىنى ئېتىراپ قىلمايدۇ. ئۇ مېنىڭ بالام ئەمەس، بۇ گۈينىڭ نەرى ماڭا ئوخشايدۇ؟ دەپ جېدەل قىلىدۇ. ئۇ ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قالغان كۈنلىرى بالاڭنى دادىسىنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويمامسەن دەپ جېدەل قىلغىنى قىلغان. ئۇنىڭ بۇ قىلىقلىرى بالىنىڭ مىجەزىگىمۇ تەسىر قىلدى. مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆزۈمدىن كۆرىمەن، ئوغۇل بالا دېگەن گۈيغا ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ بۇ گۈيلارنىڭ يۈزىنىڭ ئىچىدە يۈزى بار، مەقسىتىگە يېتىۋالغۇچە قىز بالىنىڭ كۆڭلىكىنى يالاشتىن يانمايدۇ، كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىپ بولغاندىن كېيىن، غالجىر ئىتقا ئوخشاش يۈزىنى ئۆرۈيدۇ. مەن سىزگە كۆپ سۆزلەپ كەتمەي، ئەگەر ئەركىن ماڭا ئەسكىلىك قىلىدىغان بولسا، ئۇ گۈينىڭ ھېلىقى بىر نېمىسىنى كېسىۋېتىمەن. مېنىڭ ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى. يەتتە يىل بولدى، ئۇ داۋاملىق ماڭا ئەسكىلىك قىلىپ كېلىۋاتىدۇ، ئۆز ۋاقتىدا مەن ئۇنى ئوڭشىلىپ

قالىدۇ دەپ ئويلاپتىمەن. ئۇنىڭ تا مۇشۇ كۈنگىچە ئوڭشالماي ئەسكىلىك قىلىدىغىنىنى بىلگەن بولسام، شۇ ۋاقىتىدا ئاجرىشىپ كېتەتتىم بۇ دەلتىدىن. . . .

گۈللالە بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىچىدە سەل جىددىيلىشىپ قالدى، ئۇنىڭ ئەنسىرەيدىغىنى ئەگەر بىرەر ئىش بولۇپ قالسا، ئۇ يۈزىنى كۆتۈرۈپ بۇ شەھەردە تۇرالمايتتى. ئۇ بىردىنلا ئەركىن بىلەن ئارىلىشىپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى. شۇنىڭدىمۇ چاندۇرماي:

— مەن دوستلىرىمدىن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى ئاڭلىغان شەمشىنۇر، مەن سىزنىڭ دېگەن گەپلىرىڭىزنى چۈشىنىمەن، سىز مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ، مېنىڭ بېشىمدىنمۇ نۇرغۇنلىغان ئىشلار ئۆتكەن، ماڭىمۇ يۈز كېرەك. قىسقىسى، بۈگۈن سىزنى بىرسى ئەخمەق قىلىپ ئويناپتۇ، — دېدى گۈللالە.

شەمشىنۇر ئورنىدىن تۇردى.

— يولدا ئادەم قالمىدى، مەن تاكسى توسۇپ، سىزنى ئۆيگە يەتكۈزۈپ قوياي، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— رەھمەت، ئۆزۈم كېتەلەيمەن، — دېدى شەمشىنۇر قاپىقىنى ئاچماي ئۆيدىن چىقتى.

— خوش ئەمىسە، — دېدى گۈللالە ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇپ.

شەمشىنۇر چوڭ يولغا چىقىپ غايىب بولدى.

گۈللالە ئىشىكنى ئېتىپ قويۇپ، ئۆزىنى كارىۋاتقا ئاتتى. ئۇ نىيىتىنى بۇزۇپ ئەركىن بىلەن ئارىلاشقىنىغا بەكمۇ پۇشايمان قىلدى. ئۇ توۋا قىلىپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى چىڭ چىشلىدى. . . . ئەمەلىيەتتە شەمشىنۇرنىڭ بۇ يەرگە ئىزدەپ كەلگىنى ياخشى ئىش بولدى. ئەگەر مېنىڭ پىلانىم بويىچە بولغان بولسا، چاتاقنىڭ چوڭىنى تېپىۋالاتتىمكەن، يائاللا. . . . خۇدايىم بىر ساقلاپتۇ ـ دە! — دېدى ئۇ ئىچىدە.

گۈللاله ئەركىن بىلەن ئارىلاشقىنىغا قايتا ـ قايتىدىن تولا قىلدى. ئۇ ئەركىن بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توختاتتى، دوستلىرى بىلەن بولغان بېرىش ـ كېلىشلەرنىمۇ توختاتتى. ھەر كۈنى باللار باغچىسىغا بېرىپ، قىزلارغا ياردەملىشىپ، باغچىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ كەتتى، ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى دەسلەپتە قۇندۇز بايقىدى.

— جىمىپ كەتتىڭغۇ ئاداش؟ — دېدى قۇندۇز.

— جىم يۈرگەنگە يەتمەيدىكەن ئاداش، مەن ئەمدى تولا قىلدىم، — دېدى گۈللاله.

— بەك ئالدىراپ كېتىپسەنغۇ ئاداش، يەنە بىر بەش، ئون يىلدىن كېيىن تولا قىلساڭمۇ ئۈلگۈرىسەن تېخى، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەمدى مەن خاپىلىق كۆتۈرەلمەيدىغان ئوخشايمەن ئاداش.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، بىز ئەمدى كۈلۈپ ياشايمىز، كۈلىدىغان كۈنلىرىم كېلىۋاتىدۇ، ئەمدى بىزنى بوزەك قىلغان گۈيلارنى خاپا قىلىپ ياشايمىز. سەن ئۆزۈڭنى تېخى ھەقىقىي چۈشەنمەيسەن ئاداش، — دېدى قۇندۇز.

— راست ئاداش، بىرنەچچە كۈندىن بېرى مەن بەك جىق ئىشلارنى ئويلاپ كەتتىم. ئەمدى مەن تولا قىلمىسام بولمايدۇ، مەن جىم ياشايمەن ئاداش، سائادەت ئاپپاينىڭ گەپلىرىنى قايتا ـ قايتا ئويلىدىم، ئاپپاينىڭ گېپى توغرا ئىكەن. ئاپپاي بەرگەن كىتابلارنى ئوقۇپ تۈگەتكەنىدىم، تۈنۈگۈن كىتابخانىغا بېرىپ يەنە بىرمۇنچە كىتاب سېتىۋالدىم. ئەمدى بىكار ۋاقىتلاردا كىتاب ئوقۇي، زېرىكىپ قالسام باغچىغا ياردەملىشەي، جىم يۈرەي ئاداش، جىم يۈرگەنگە يەتمەيدىكەن. . . .

— راست دەپتىكەن دەيسەن ئاداش، سەن بىلەن بىز جىم

يۇرەلمەيمىز، — دېدى قۇندۇز.

— ياق ئەمەلىيەتتە بىز جىم يۈرۈۋاتىمىز ئاداش، پەقەت بىزنىڭ ئۆچ ئالىمىز دەپ يۈرگىنىمىز بولمىدى ئاداش.

— ئۆچ ئېلىشقا توغرا كەلگەندە ئۆچ ئېلىش كېرەك ئاداش، چۈنكى بىز ئادەم ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق ئاداش، بىز ئادەم بولغانلىقىمىز ئۈچۈن تووا قىلىشىمىز كېرەك.

— خوش ئەمىسە، بۈگۈن نېمە قىلىمىز؟ — دېدى قۇندۇز.

— مەن بازاردىن ئۇستىخانلىق گۆش ئەكېلەي ، ئىككىمىز چۆچۈرە ئېتىپ ئىچەيلى، — دېدى گۇللالە.

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ ئاداش، كاللاڭ بەك ئىشلەيدۇ سېنىڭ، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

## 25

جۇمە كۈنى چۈشكە يېقىن، گۇللالە سائادەت دوختۇردىن كەلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ ئىشكنى ئېتىپ قويۇپ، خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى.

— "... ياخشى تۇردىڭىزمۇ قىزىم، سالامەتلىكىڭىز ياخشىمۇ؟ قۇندۇزنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ يۇرتقا قايتقاندىن بېرى ماڭا خەت يازمىدىڭلار، سىلەرنى بەك كۆرگۈم كەلدى، تېلېفوندا كۆرۈشۈپ تۇرغىنىمىز بىلەن بەزى گەپلەرنى تېلېفوندا دېگىلى بولمايدىكەن، لالە ئەھۋالىڭىز قانداق قىزىم؟ مەن سىزنىڭ ئەھۋالىڭىزنى بەك بىلگۈم كېلىدۇ، مەن سىزگە خەت يېزىپ تۇرۇڭ دېگەن، بىراق مەن سىزدىن خەت ئالالمىدىم. بەزى ئىشلارنى يۇرتتىن بۇ يەرگە داۋالانغىلى كەلگەن يۇرتداشلاردىن بىلىپ تۇردۇم. باللار باغچىسى بەك ياخشى بولۇپتۇ، مەن مۇشۇ ئىشلاردىن بەك خۇشال بولدۇم. ھالال ئەمگەك ھەممىمىزنى

مىرادىمىزغا يەتكۈزىدۇ. مەن ئەتە – ئاخشاملىرى دەم ئالغاندا سىلەرنى ئويلاپ قالىمەن، بەزىدە چۈشۈمگە كىرىپ قالىسىلەر، سىلەر بىلەن تونۇشقىنىمغا شۇنداق خۇشال بولۇپ كېتىمەن. مەن نۇرغۇنلىغان كېسەللەرنى داۋالاپ ساقايتقان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىلەن تا ھازىرغاقەدەر ئالاقەمنى ئۈزمىدىم. ئۇلار مېنىڭ ھەقىقىي دوستلىرىم، ئادەم ئاغرىغاندا دوستلۇقنىڭ مۇھىملىقىنى ھەقىقىي چۈشىنىدۇ. مەن بۇ مىسالىم ئارقىلىق دېمەكچى بولغىنىم لالە، مەن ئۇلارغىمۇ سىلەرگە ئوخشاش كۆڭۈل بۆلىمەن. دېمەكچى بولغىنىم ئۇلار ساقىيىپ كەتكەندىن كېيىن، ماڭا ئۆزلىرىنىڭ يۈرەك سۆزلىرىنى ئېيتىپ تۇردى لالە، ئادەم ئەركىن ياشىشى كېرەك، ئەركىن ياشاشنىڭ ئاساسى غۇرۇر، ئادەمدە غۇرۇر بولمىسا، ئۇ ئادەمنىڭ ھاياتى يېپى يوق لەگلەككە ئوخشاپ قالىدۇ. شامال قاياقتىن چىقسا، شۇ ياققا ئۇچىدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇنى بىلىشىڭلار كېرەككى، بۇ جاھاندا شامالنىڭ چىقىشىغا قاراپ ياشىغاندىنمۇ بەختسىز ئىش يوق. قىزىم راست گېپىمنى ئېيتسام سىزنى كۆرگۈم كەلدى. مەن سىزنى ئۆزۈمنىڭ باغرىنى يېرىپ چىققان قىزىمنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى سىز كىچىك تۇرۇپلا تۇرمۇشنىڭ زىمىستانىغا كىرىپ قالغانىكەنسىز. مەن بۇ پاجىئەنى بەكمۇ چوڭقۇر چۈشىنىمەن. مۇشۇ ئېگىز – پەس دۇنيادا ئادەملەر ئىزچىل ھالدا ئۆزىنىڭ يوقاتقان، كۆمۈلگەن غۇرۇرىنى قايتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن ياشايدۇ. شۇڭا سىلەر ھەر ۋاقىت، ھەر دائىم ئۆزۈڭلارنى قەدىرلىشىڭلار كېرەك. ئەگەر ئادەمنىڭ قەدرى بولمىسا، ئۇنىڭ ئابرۇيىنى قىلىدىغان ئادەم چىقمىسا، ئۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ قىممىتى بولمايدۇ. يىللار بۇنداق ئۆتۈۋەرمەيدۇ. يىغلىغاننى يىغلىتىۋەرمەيدۇ، كۈلگەننىمۇ كۈلدۈرۈۋەرمەيدۇ. شۇڭا ئادەم ئۈمىد بىلەن ياشىشى كېرەك. بۇ جاھاندا بىر ئۆمۈر كۈلۈپ ياشايدىغان ئادەم يوق، يەنە بىر ئۆمۈر يىغلاپ – قاقشايدىغان ئادەممۇ يوق، كۆپ كىتاب ئوقۇساڭلار بۇ

جاھاننىڭ ئوڭ - سول ئىشلىرىنى ياخشى چۈشىنىسىلەر، مېنىڭ سىزنى ياخشى كۆرۈشۈمدىكى يەنە بىر سەۋەب، سىز ئانا مېھرىگە قانماي چوڭ بولغان قىز، ئانا مېھرى يېتىلمۋاتقان بىر ئادەم ئۈچۈن قۇياش نۇرىدىنمۇ مۇھىم نەرسە. ئانا نان بېرىدۇ، ئەقىل ئۆگىتىدۇ، يىغلىغاندا كۆز يېشىمىزنى ئېرتىپ قويىدۇ. ئەڭ مۇھىمى ئانىنىڭ كۈلۈپ تۇرىدىغان ئوبرازى بىزنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك مەنىۋى ئوزۇقىمىز بولۇپ، غۇرۇرلۇق ياشىشىمىز ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بېرىدۇ. تەقدىر سىزنى ئانا مېھرىدىن يىراق قىلىپ قويغاچقا، سىز تۇرمۇشتا ھە دېگەندە بەختسىز بولۇپ قالدىڭىز. بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كەتتى قىزىم. مانا ھازىر مېنى خۇش قىلىۋاتقان نەرسە سىلەرنىڭ ئاشۇ باللار باغچاڭلار، مەن بۇ ئىشىڭلاردىن بەك خۇش قىزلىرىم. لالە، ماڭا خەت يېزىڭ قىزىم، ھېلىقى بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەن كۈنى ئاغزىمغا قاراپ ئولتۇرۇپ كەتكەن ھالىتىڭىز ھازىرمۇ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. قىسقىسى، مەن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن قىزلىرىم. سىلەر مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاپ يۇرتقا قايتىڭلار، مانا ھازىر بىر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتۇپسىلەر. بۇ نېمىدېگەن ياخشى باشلىنىش، مەن سىلەرنىڭ تەقدىرىڭلارغا ئۈمىد بىلەن قارايمەن قىزلىرىم، چۈنكى مانا ئەمدى سىلەر تۇرمۇشنىڭ ھەقىقىي يولىنى تاپالىدىڭلار. لالە ئەمدى سىزگە دەيدىغان مۇنداق خۇش خەۋىرىم بار قىزىم، بىرىنچىدىن، سىز بۇ ئىشنى ئويلىشىڭ، ئىككىنچىدىن، مېنىڭ دېگىنىم بويىچە ئىش كۆرۈڭ، قالغان ئىشىڭلارغا ئۆزۈم ياردەم قىلىمەن. تۈنۈگۈن ئاخشام تېلېۋىزوردىن مۇنداق بىر خۇش خەۋەرنى ئاڭلىدىم، ھۆكۈمەت بۇ يىلدىن باشلاپ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ياش چەكلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپتۇ. ئىمتىھاندىن ئۆتسىلا قوبۇل قىلىنىۋېرىدىكەن، مەن بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپ كەتتىم. دەرھال سىز ئېسىمگە كەلدىڭىز قىزىم، سىز ماڭا ئۆزىڭىزنىڭ ئۆز ۋاقتىدىكى ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ

ئۆتەلمىگەن تارىخىڭىزنى سۆزلەپ بەرگەن. مەن شۇ ۋاقىتتا سىز ئۇچۇن بەك ئېچىنغانىدىم. مانا ئەمدى پۇرسەت كەلدى قىزىم، جاھاننىڭ ئىشلىرى ئوڭشىلىۋاتىدۇ. "كەچ قويغان خۇدايىم ئاچ قويماس" دېگەن گەپ بار. مانا خۇدايىم سىزگە يەنە بىر قېتىم پۇرسەت بەردى. ياخشى ئويلىشىڭ، ھەدىڭىزگە مەسلىھەت سېلىڭ، ئەمما چوقۇم ئىمتىھان بېرىشىڭىز كېرەك، ئۆتەلمەيمەن دەپ ئەنسىرىمەڭ، ئىمتىھان بەرگەن قەغىزىڭىزلا بولسا، قالغان ئىشلارغا ئۆزۈم يول ماڭىمەن. مەن ئاشۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ بولۇپ، ئىچىمدە بۇ بەلگىلىمە سىز ئۈچۈنلا چىقىرىلغان بەلگىلىمە بولۇپتۇ، دەپ خۇشال بولۇپ كەتتىم. ئەمدى كونكرېت ئىشلارغا كەلسەك، بىرى، مەكتەپلەردىن ياخشى بىر ئوقۇتقۇچى تېپىپ، ئۆز ۋاقتىدا ئوقۇغان دەرسلىرىڭىزنى بىر قېتىم ئومۇميۈزلۈك تەكرار قىلىڭ. ئىككىنچىدىن، ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ قايسى كەسىپتە ئوقۇيدىغانلىقىڭىزنى بېكىتىڭ. مۇشۇ ئىككى ئىشنى چىڭ تۇتۇڭ، مېنىڭچە تىل – ئەدەبىيات كەسپىدە ئوقۇغىنىڭىز ياخشىمىكىن دەيمەن. بۇنداق دېگىنىم سىز مەكتەپتىن ئايرىلغىلى ئۇزاق يىل بولۇپ قالدى، تىل ئەدەبىياتتىن ئىمتىھان بەرسىڭىز، بەك قىينىلىپ كەتمەيسىز. ياخشى تەييارلىق قىلىڭ قىزىم، مەن چوقۇم سىزنى ئوقۇتىمەن. سىز چوقۇم بىر ئەقىل ئىگىسى بولۇپ يېتىلىسىز. مېنىڭ بىلىشىمچە، بۇ يىل سىز 27 ياشقا كىردىڭىز، ئالىي مەكتەپتە بەش يىل ئوقۇسىڭىز، 32 ياشتا مەكتەپ پۈتتۈرىسىز. مېنىڭچە سىز ئۈچۈن خىزمەت مۇھىم ئەمەس، بىلىم ئېلىش مۇھىم. ئەگەر خىزمەت قىلىمەن دېسىڭىز مەن ئەلۋەتتە سىزگە خىزمەت تېپىپ بېرىمەن، ياق ئۆز ئالدىمغا ئىش قىلىمەن دېسىڭىزمۇ قولۇمدىن كېلىشىچە ياردەم بېرىمەن. قىسقىسى، مەن ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە سىلەرگە ئىگە بولىمەن قىزلىرىم.

ماڭا تېز خەت يېزىڭ قىزىم، مېنى خاتىرجەم قىلىڭ...“

گۈللالە خەتنى ئوقۇپ بولمايلا يىغلاپ ئېقىپ كەتتى. . . .

ئەتىسى قۇندۇز بىلەن كۆرۈشۈپ، خەتنى قۇندۇزغا بەردى. قۇندۇز خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، ئۇستەلگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى.

— قانداق قىلاي دەيسەن ئاداش؟ — دېدى قۇندۇز.

— ئوقۇيمەن ئاداش، ئىرادەم بار.

— ئېمىلەرنــــى دەيدىغانسەن ئاداش، قېرىغاندا تاپشۇرۇق ئىشلەيمەن دەپ ئولتۇرامسەن ئەمدى؟ — دېدى قۇندۇز.

— ئۇنداق دېمە ئاداش، مەن تېخى قېرىمىدىم، تۆت - بەش يىل دېگەن بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى گۈللالە.

— خەتنى ھەدەڭگە كۆرسەتتىڭما؟

— ياق، تېخى.

— ئالدى بىلەن ھەدەڭ بىلەن مەسلىھەتلەش ئاداش، بەك ئالدىراپ كەتمە، ئوقۇش دېگەن ئاسان ئىش ئەمەس.

— مەن ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارنى يېڭەلەيمەن ئاداش، بۇ مەن ئۈچۈن بەكمۇ ياخشى پۇرسەت، — دېدى گۈللالە.

— ئوقۇۋال ئاداش، ئىرادەڭ چىڭ بولسا ئوقۇۋال! ئەسلىدە ئوقۇغانغا يەتمەيدۇ، بىراق سەن كەتسەڭ مەن قانداق قىلارمەن؟ — دېدى قۇندۇز.

— باللار باغچىسىنى باشقۇرۇپ يۈرۈۋەرمەمسەن، — دېدى گۈللالە.

— ئۇغۇ شۇنداق ئاداش، ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى دەۋاتىمەن.

— ئەرگە تەگكىڭ كېلىۋاتامدا؟

— يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالدى ئاداش، توي قىلىۋالمىسام بولمايدۇ.

— ئەمىسە ياۋاشراق يىگىتتىن بىرنى تاپايمۇ؟

— ماڭا ياۋاشراق ئەمەس ئاداش، بەك ياۋاش بولمــــسا بولمايدۇ، ماڭا تازا ھېلىقىندەك قاسساپقا پۇل بېرىپ، ناۋايغا قاراپ تۇرىدىغان، چاچلىرى يىرىك، تىك تۇرىدىغان يىگىتلەردىن بولمىسا بولمايدۇ، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئەمىسە ئاداش ساڭا ماشىنا ئادەمدىن بىرنى بۇيرۇتساق بولغۇدەك، راست ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئۇنداق ئادەملەرنىڭ تېپىلمىقى تەس! — دېدى گۇللالە.

— ياخشىراق ئىزدىسەڭ تېپىلىپ قالىدۇ ئاداش.

— ئەمىسە تېلېۋىزوردا ئېلان بېرەيلى، — دېدى گۇللالە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ئۇ ۋاقىتتا قۇندۇزغا گوھۇش دورا بوپ قاپتۇ دەپ شەھەرگە پۇر كېتىدۇ - دە، — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ساڭمۇ ئۇز يولىدا ياخشى بىر بالا چىقىدۇ ئاداش، — دېدى گۇللالە.

— ئېيتقىنىڭ كەلسۇن ئاداش، — دېدى قۇندۇز.

گۇللالە A شەھىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاغرىپ قېلىپ دوختۇرخانىدا داۋالانغان ئىشلىرىنى ھەدىسىگە دېمىگەنىدى. ئۇ بۇ قېتىم ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ھەدىسىگە ئېيتتى. ئاندىن سائادەت دوختۇردىن كەلگەن خەتنى ھەدىسىگە ئوقۇپ بەردى. ھەم ئۆزىنىڭ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بەرمەكچى بولغان قارارىنىمۇ ھەدىسىگە سۆزلەپ بەردى.

— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن لالە، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن دەمسەن؟ — دېدى ماھىنۇر ھەيران بولۇپ.

— مەن پۇرسەتنى تۇتمىسام بولمايدۇ ھەدە، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئۆز ۋاقتىدا مېنىڭ بەك ئوقۇغۇم بار ئىدى. لېكىن ئۇ ۋاقىتتا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمىدىم، مانا ئەمدى ماڭا سائادەت ئاپپاي ياردەم قىلىمەن دەۋاتقاندا ئوقۇمىسام قانداق بولىدۇ؟ ماڭا خىزمەت كېرەك ئەمەس، مەن ئوقۇپ بىلىم ئالىمەن، ۋاقتى كەلگەندە بالىلار باغچىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مەكتەپ ئاچىمەن. ئەمدى مەن بۇ جاھاننى چۈشىنىپ، مەنىلىك ياشىشىم كېرەك، — دېدى گۇللالە.

— يېشىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالدى لالە، ئالىي مەكتەپتە

ئوقۇساڭ، ئاز دېگەندە تۆت ـ بەش يىل كېتىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا يېشىڭ تېخىمۇ چوڭ بولۇپ كېتىدۇ. خەقنىڭ شەھىرىگە بېرىۋېلىپ، يەتتە يىلدا ئاران كەلدىڭ، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنىمۇ ئويلاشمىساڭ بولمايدۇ. ئەڭ ياخشىسى ئەمدى ئۇنداق خىياللارنى قىلماي، ئۆزۈڭنىڭ تۇرمۇشىنىمۇ ئويلاپ قويغىن، — دېدى ماھىنۇر.

— سېنىڭ كۆڭلۈڭنى چۈشىنىمەن ھەدە، بىراق مەن ئوقۇمىسام بولمايدۇ، سەنمۇ مېنى چۈشىنىسەن، مېنى قوللا! — دېدى گۈللالە.

گۈللالە ئاخىرقى ھېسابتا ھەدىسىنى قايىل قىلدى.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي مەھەللە ئىچىدە ”گۈللالە ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرەر ئىمىش“، ”ئۇنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيمەن دېگىنى ئۇخلاپ چۈشى“، ”قېرىغاندا مەكتەپتە ئوقۇيمەن دېگۈچە، ئەرگە تېگىۋالسىچۇ“ دېگەندەك سۆزلەر تارقىلىپ يۈردى. بۇ سۆزلەرنى دەسلەپ قۇلاقلىرىدىن قۇندۇز، ئاندىن گۈللالە ئاڭلىدى. لېكىن بۇ گەپلەر گۈللالىگە ھېچقانداق تەسىر قىلمىدى. ئۇ ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىپ يۈرۈۋەردى.

كەچتە گۈللالە يەنە ئىشكاپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. سىرلىق ئەينەك ئۇنىڭ جامالىغا نۇر چېچىپ تۇراتتى. سائادەت دوختۇرنىڭ خېتى ئۇنى گۈلدەك ئېچىلىپ يۈرگەن ئوقۇغۇچىلىق دەۋرىگە ئاپىرىپ قويدى. ئاشۇ يىللارنىڭ ھەربىر چېچەكلىرى، رەڭگارەڭ گۈللىرى، ئۆستەڭدە كۆلۈپ ئاقىدىغان يېقىملىق سۇلار، رەڭدار كېپىنەكلەرنىڭ ھەممىسى ئەينەكنىڭ ئىچىدە پەيدا بولدى. ئەينەك ئۇنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى، يەنە مۇھەببەت ـ نەپرەتلىرىنى، كۈلكە ـ يىغىسىنى قايتىدىن ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان قىلدى. ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن تەييارلىق قىلىپ يۈرگەن ئاشۇ يىللارنى ئەسلىدى. ئۇ ئاشۇ يىللارنىڭ ھەربىر بەتلىرىگە ئەجىر سىڭدۈرۈپ، ئۇرۇق چاچقانىدى. لېكىن ئۇ ئەمگىكىدىن ھوسۇل ئالالمىدى.

ئۇنىڭ ساۋاقداشلىرى ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ، ئالىي مەكتەپكە سەپەر قىلغانىدى.

مانا ئەمدى ئۇنىڭغا قايتا بىر قېتىم پۇرسەت كەلدى، بۇ پۇرسەت ئۇنى غايەت زور ئىلھام باغچىسىغا باشلاپ كىردى. ئۇ بۇ باغچىنىڭ ئىچىدە ئۆزى بېسىپ ئۆتكەن يوللارنىڭ ھەممىسىنى كۆردى. ئۇ تەسىرلىنىپ يىغلىدى. شۇ دەقىقىدە ئەينەكتە سائادەت دوختۇر پەيدا بولدى. ئۇنىڭ يېقىملىق كۆرۈنىدىغان كۆزلىرىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. ئۇ پەرىشتىگە ئايلىنىپ ئەينەكنىڭ ئىچىدە ئۇچۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ قولىدا بىر ئالتۇن ئاچقۇچ بار ئىدى.

## 26

گۇللالە ئۆزى ئۈچۈن بىر ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلىپ، ئىمتىھان بېرىش ئۈچۈن تەييارلىققا كىرىشىپ كەتتى. مۇشۇ كۈنلەردە جەمئىيەتتە ئۇنىڭ ئۈستىدە يەنە نۇرغۇنلىغان گەپ - سۆزلەر تارقىلىپ يۈردى. بۇ سۆز - چۆچەكلەر گۇللالىنىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتتى. لېكىن ئۇ ئاڭلىمىغان كىشى بولۇۋېلىپ، ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەن بولۇپ يۈردى. بىر كۈنى ساتىراشخانىدا گۇللالىنىڭ ئۈستىدە گەپ - سۆز بولۇپ قالدى. خېرىدارلار ئۇنىڭ قۇتلۇق ئۇستامىنىڭ ئايالىنىڭ سىڭلىسى ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئومۇمەن، ئۇلار گۇللالىنىڭ ئۈستىدە ياخشى گەپ قىلمىغانىدى.

— ئەگەر شۇنداق قىزلار ئالىي مەكتەپتە ئوقۇسا، ئالىي مەكتەپلەر ئەخلەتخانىغا ئايلىنىپ قالامدۇ؟ — دېدى بىرسى.

— ئەخلەتخانا بولسىمۇ پاسكىنا نەرسىلەرنى تۆكىدىغان ئەخلەتخانا دەڭە! — دېدى يەنە بىرسى ئۇ كىشىنىڭ گېپىگە ئاۋاز قوشۇپ،

— مەن ئۇ قىز توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان گەپلەرنى ئاڭلىغان، بەزى گەپلەرنى ئاڭلىساڭ قورقىسەن، A شەھىرىنى ئاستىن -

ئۇستۇن قىلىۋەتكەن نەرسە ئىكەن ئۇ، ئاشۇنداق تەتۈر پايپاقلار كىچىك قىزلىرىمىز بىلەن ئوقۇسا، بۇ جاھان نېمە بولۇپ كېتىدۇ ئەمدى؟ — دېدى باشتا گەپ قىلغان كىشى.

— هۆكۈمەتنىڭ ئالىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنىدىغان باللارنىڭ ياش چەكلىمىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇۋەتكىنىگە قارىغاندا، ئۆرلەپ ئوقۇيدىغان باللار ئازلاپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى يەنە بىرسى.

— ئۇنداق ئەمەس، مەكتەپلەر ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئوقەتكە ئايلاندۇرۇۋالدى، هازىر پۇل بولسا بولىدۇ، مەكتەپكە بىر بالا كۆپەيسە بەش مىڭ سومدىن قويۇۋېرىدىغان گەپ ئەمەسمۇ؟

— شۇنداق بولسىمۇ ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېلىۋەرمەس؟ ئالدى ـ كەينىگە قاراپ ئالار ئۇ بىرنېمىلەرنى! — دېدى بۇلۇڭدا ئولتۇرغان بىر بۇرۇتلۇق ئادەم.

— بىزدىكى بىر ئىللەت بۇرادەرلەر، — دېدى بىر ئادەم، — خەق نېمە دېسە شۇنىڭغا داپ چالىمىز، مۇشۇ كۈندە ئادەملەر بىر ـ بىرسىنى كۆرەلمەيدىغان بولدى. ئازراقلا بىر ئىش بولسا ئۇنى كۆپتۈرۈپ، چوڭ بىر ئىشقا ئايلاندۇرۇپ، تاماشىسىنى كۆرىدۇ. بىر ئادەم بولسىمۇ ئوقۇغىنى ياخشى، قورسىقىمىزنى كەڭ تۇتايلى. ئادەمدىن ئادەمگە، ئەڭ بولمىغاندا بىر ئېغىز بولسىمۇ ياخشى گەپ قىلىش كېرەك. . . .

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ھېلىقى ئىككى ئادەم، گەپكە ئارىلاشقان بۇ كىشىگە ئالىيىپ قارىدى.

— ئۇ قىز سىزنىڭ تۇغقىنىڭىز ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ئېگىز بويلۇق بىرى.

— ياق ئۇ قىز بۇياقنىڭ تۇغقىنى ئەمەس، مېنىڭ تۇغقىنىم بولىدۇ، — دېدى قۇتلۇق ئېگىز بويلۇق خېرىدارغا غەزەپ بىلەن.

— چاقچاق قىلماڭ ئۇستام، بىزمۇ خەقتىن ئاڭلىغان گەپنى قىلىۋاتىمىز، — دېدى ئېگىز بويلۇق ئادەم.

— سىلەرگە ھەيرانمەن، يېشىڭلار كىچىك ئەمەس، نېمە قىلىسىلەر بۇنداق گەپلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ، — دېدى قۇتلۇق.

ھېلىقى ئىككى ئادەم خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى.

— ئەمىسە خاپا بولمايسىلەر، ئىككىڭلارنىڭ ساقىلىنى ئالمەن دەپ ئۇستۇرىنى باشقا يەرگە تەگكۈزۈۋالماي، باشقا ساتىراشخانىغا بېرىپ بېقىڭلار، — دېدى قۇتلۇق ئىشنى توختىتىپ ئۇلارغا قاراپ.

بۇ ئىككى خېرىدارنىڭ چىرايى بىردىنلا ئوساللىشىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ ساتىراشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

قۇتلۇق كەچتە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، ئايالىدىن گۈللالىنى سورىدى.

— تېخى كەلمىدى، چۈشكىچە دەرسكە قارىغان، چۈشتىن كېيىن باللار باغچىسىغا بېرىپ باقاي دەپ كەتكەنىدى. ھە، — بىر ئىش بولدىمۇ؟ — دېدى ماھىنۇر.

— ياق، كەلسە مېنىڭ قېشىمغا چاقىر، — دېدى قۇتلۇق.

— دەڭە، نېمە بولدى؟

— باشقا ئىش ئەمەس، تەييارلىقىنى سوراپ باقاي دېگەن، — دېدى قۇتلۇق.

— ياخشى تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۆتسەممۇ ئوقۇيمەن، ئۆتمىسەممۇ ئوقۇيمەن دەيدۇ، — دېدى ماھىنۇر.

— ياخشى، ئىرادىسى ياخشى، ئەگەر بىزنىڭمۇ باشقىلارغا ئوخشاش پۇلىمىز بولغان بولسا، بۇ كەمگىچە مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، خىزمەتكە چىقىپ بولاتتى بۇ قىز. ھە، مۇشۇ كۈندە يا يولى يوق، يا پۇلى يوق ئادەمنىڭ كۈنى تەسكەن جۇمۇ!

گۈللالە قاراڭغۇ چۈشكەندە قايتىپ كەلدى. ئۇ دەرۋازىدىن كىرىشىگىلا، ماھىنۇر ئۇنى چاقىردى.

— لالە، ئاكىڭىز مەن بىلەن كۆرۈشسۇن، — دەيدۇ!

— ئاكام ئۆيدىمۇ؟

— ھەئە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرىدۇ.

گۈللالە ئۆيگە كىرىپ، ئاكىسى بىلەن كۆرۈشتى.

— ھە، كىردىڭىزمۇ؟ — ئولتۇرۇڭ، باغچاڭلارنىڭ ئىشى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ — دېدى قۇتلۇق تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتىپ.

— ياخشى، مەن ھازىر ئاساسەن ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن ئاكا، باغچىنى قۇندۇز باشقۇرۇۋاتىدۇ.

— ھە، مۇنداق دەڭ، ياخشى تەييارلىق قىلىڭ، سىزنىڭ ئوقۇيمەن دەيدىغان ئىرادىڭىز ماڭا بەك ياقىدۇ لالە، — بىزنىڭ ئۆيدىنمۇ بىر زىيالىي چىقسۇن. ئۆزىڭىز بىلىسىز، مەن مەكتەپ كۆرمىگەن ئادەم، ئەگەر مەنمۇ خەقلەرگە ئوخشاش ئوقۇغان بولسام، خېلى چوڭ - چوڭ ئىشلارنى قىلالىغان بولاتتىم. مېنىڭ بۇ سىزگە دەيدىغان گېپىم لالە. خەقلەرنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭ، ئۆزىڭىزگە چىڭ بولۇڭ، تۆت - بەش يىل دېگەن ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. قۇندۇز ھەر ھالدا ياخشى قىز ئىكەن، گەپ سۆزلىرىگە قارىسام سىزگە بەك كۆيۈنىدىكەن. بەزى گەپلەرنى ھەدىڭىز دەپ بەردى، بۇ يەردىكى ئىشلىرىڭىزنى ئۇ قىزغا تاپشۇرىمەن دېگىنىڭىز ياخشى بوپتۇ. ئەمدى ئوقۇشتىن بولسىمۇ تەلىيىڭىز كېلىدىغاندەك. ھېلىقى سائادەت دوختۇر ياخشى ئايال ئىكەن، قانداق بولمىسۇن بىر يۇرتلۇق دېگەن بىر يۇرتلۇق - دە! سىزگە ياخشى يول كۆرسىتىپتۇ. ياخشى تەييارلىق قىلىڭ! —دېدى قۇتلۇق.

— ماقۇل ئاكا. . . .

گۈللالە ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. ئۇ ئۇستەل ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، دەرس تەكرار قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

بىر سائەتتىن كېيىن قۇندۇز ئۇنى ئىزدەپ كەلدى.

— كەچ بولغاندا سېنى سېغىنىپ كەلدىم ئاداش، — دېدى قۇندۇز.

بۈگۈن مۇشۇ يەردە قونۇپ قال! ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ

ياتىمىز، — دېدى گۈللالە.
— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن ئاداش ئادەمنى قورقۇتۇپ، — دېدى قۇندۇز.
— مەن سېنى كۆرسەم كۆڭلۈم شۇنچە ئازادە بولۇپ قالىدۇ ئاداش، ئۆزۈمنى سەن بىلىسەن بىر ئۆيدە چوڭ بولغاندەك ھېس قىلىمەن.
— ئەمىسە ساڭا سەندىن سىر ساقلاۋاتقان بىر ئىشىمنى دېمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ ئاداش، — دېدى قۇندۇز.
— تېخى مۇنداق ئىشلىرىڭمۇ بار ئىكەن ـ دە، — دېدى گۈللالە كۈلۈپ تۇرۇپ،
— بىر بالا بىلەن يۈرۈۋاتىمەن ئاداش، ئاشۇ ئاداشقا تېگىپ سالىدىغاندەك قىلىمەن، — دېدى قۇندۇز.
— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟
— بەك ياۋاش بالا ئىكەن، ئۆزى شەپكىچى ئىكەن، بازاردا بىر دۇكىنى بار ئىكەن، ماڭا بىرسى تونۇشتۇرۇپ قويغانىدى. خۇدايىم بۇيرۇسا ئاشۇ ئاداشقا تېگىۋالىمەن ئاداش، — دېدى قۇندۇز.
گۈللالە كۈلۈپ كەتتى.
— ئەمىسە بۇ ئىشىڭنى ماڭا دېمىگەنتىڭغۇ؟
— مۇقىم بولغاندا دەي دېگەنتىم! — دېدى قۇندۇز.
— خېلى چىرايلىق يىگىتمىكەن يا؟
— نېمىلەرنى دەيدىغانسەن، ئەرنىڭ چىرايلىقىنى نېمە قىلىسەن ئاداش؟ مۇھىمى ماڭا ئۆي بولسىلا بولدى، — دېدى قۇندۇز.
— ئەگەر سەن دېگەندەك ياخشى بالا بولسا، توي قىلىۋالساڭمۇ بولىدىكەن ئاداش، — دېدى گۈللالە.
— مەن ئۇ ئاداشنى خېلى سىناپ باقتىم، ماڭا ياردى. ساڭا بىر كۆنى كۆرستىپ قويىمەن. بويى ئېگىز، بۇرۇتى بار،

چاچلىرى قاپقارا، كالپۇكلىرى قىلمن، بىراق كۆزى بەك كىچىك ئۇ گۇيىنىڭ، كۇلىدىغان بولسا كۆزلىرى يوقاپ كېتىدۇ، — دېدى قۇندۇز.

— ئۆزۈڭ ياسىۋالغاندەك يىگىت ئىكەن ـ دە، — ئىنىسى بارمىكەن؟

— قانداق قىلاتتىڭ؟

— ئىنىسى بولسا مەنمۇ ئارىلىشىپ باقايمىكىن دەيمەنغۇ.

— ئىككى توينى بىرلا قىلساق ھە، — دېدى قۇندۇز كۇلۇپ تۇرۇپ.

گۇللالە كۇلۇپ كەتتى.

— بۇ ئىشىڭ ياخشى بوپتۇ ئاداش، بىراق سائادەت ئاپپاي بىزنى توي قىلىشقا ئالدىرىماڭلار دېگەن.

— ئۆيدىكى ھېساب بازاردىكى ھېسابقا توغرا كەلمەپتۇ دېگەن مۇشۇ ئاداش، — دېدى قۇندۇز.

گۇللالە گەپ قىلمىدى. ئۇ خىيالغا چۇشۇپ كەتتى. قۇندۇز ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ ئۆيىگە كەتتى.

گۇللالە ئىشكاپنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەينەك يەنە بۇرۇنقىدەك ئۇنى قارشى ئالدى. ئۇنىڭ ئەينەك ئىچىدىكى چىرايى شۇقەدەر ئازادە ئىدى. ئۇ ئەينەك ئىچىدىكى تېخىمۇ سىرلىق بىر دۇنيانىڭ كۆلەڭگۇسىنى كۆرگەندەك بولدى.

## 27

يەنە بىر ياز يېتىپ كەلدى. گۇللالە سائادەت دوختۇرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتناشتى. ئىمتىھاندىن كېيىن ئۇ مەيدان نومۇرىنى سائادەت دوختۇرغا خەۋەر قىلدى. بىر ئاي ئىچىدە سائادەت دوختۇر ھەممە ئىشنى پۇتتۇردى.

ئۇنىڭغا: ”A شەھىرىگە تېز يېتىپ كېلىڭ، ئالىي مەكتەپكە قوبۇل قىلىندىڭىز، چاقىرىق قەغىــزى مەندە“ دەپ تېلېفون كەلدى. گۈللالە بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ، بىر كۈن تالاغا چىقماي يىغلىدى. ئەتىسى ئۇ قولىغا قەلەم ئېلىپ، سائادەت دوختۇرغا خەت يازدى.

”ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ سائادەت ئاپپاي؟ ئالدى بىلەن خۇداغا، ئاندىن سىزگە رەھمەت ئېيتىمەن. ئەگەر ئۆزۈمنىڭ ئاپىسى بولغان بولسىمۇ مېنى بۇنداق خۇشال قىلالمىغان بولاتتى. مەن تۇنۇگۈن بىر كۈن يىغلىدىم. سىزدەك بىر ئۇلۇغ ئانىنىڭ مۇھەببىتى مېنى يېپيېڭى بىر ئادەم قىلىپ چىقتى. سىز مەن ئۈچۈن يېنىۋاتقان بىر چىــراغ بولدىڭىـــــز ئاپپاي، مانا ئەمدى مەن مەڭگۈ يولۇمدىن ئازمايمەن. . . “

گۈللالە يولغا چىقىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ھەدىسى، ئاكىسى، قۇندۇز ئۇنى ئۇزىتىپ بېكەتكە كەلدى. ئىنسانلارنىڭ كۆلكىسىگە كۆلكە، يىغىسىغا يىغا بولۇپ جاھان كېزىپ يۈرىدىغان قۇياش ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىدا نۇرىنى چاچاتتى. ماھىنۇر سىڭلىسى بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى.

— خۇدايىمغا ئامانەت لالە، بېرىپلا بىزگە تېلېفون بېرىڭ، — دېدى يىغلاپ،

— مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ ھەدە. . . .

قۇندۇز گۈللالىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ چىرايلىــق، يېقىملىق مەڭزىگە سۆيدى. گۈللالە ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ كۈنگىچە مۇشۇنداق تەسىرلىك يىغلىغان قىز ئەمەس ئىدى. . . .

بۇ يەردىكــى ئىـــشلارغا مەن بار ئاداش، ماڭا ئۆزۈڭگە ئىشەنگەندەك ئىشەن! — دېدى قۇندۇز كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا بىر قىز كېلىپ، ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى.

— ھوي قەمەر، قاچان كەلدىڭ ئاداش؟ — دېدى گۈللالە ئۇنى

قۇچاقلاپ.

— بايا كېلىشىم ئاداش، ئۆيگە بارسام سەن يوق، بېكەتكە كەتتى، — دېدى. شۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە ئىزدەپ كەلگەنتىم، — دېدى قەمەر.

گۇللالە قەمەرنى قۇندۇزغا تونۇشتۇردى.

— مەن ساڭا دېگەن قەمەر دېگەن دوستۇم مۇشۇ بولىدۇ ئاداش، — دېدى گۇللالە.

— ياخشىمۇسىز؟ — دېدى قۇندۇز كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياخشى، ئۆزىڭىزنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟ — دېدى قۇندۇز.

ماھىنۇر كېلىپ قەمەر بىلەن كۆرۈشتى.

— قاچان كەلدىڭىز؟

— ھازىر كېلىشىم، گۇللالىنىڭ مەكتەپكە ماڭىدىغان خەۋىرىنى بىر دوستۇمدىن ئاڭلىغان، شۇنىڭ بىلەن بۇ ياققا قاراپ يۈگۈردۈم، — دېدى قەمەر.

— قارىداپ كېتىپسەن ئاداش، — دېدى گۇللالە ئۇنىڭ يۈزلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— سەھرالىق بولۇپ قالغاندىن كېيىن شۇنداق بولىدىغان گەپكەن ئاداش، سېنىڭ قايتىپ كەلگىنىڭنى ئاڭلىغانىدىم، ۋاقتىدا كېلەلمىدىم. تۇرمۇش دېگەن مۇشۇنداق گەپكەن ئاداش، سەن A شەھىرىگە كېتىپ، ئىككىنچى يىلى ئاپام مېنى ئەرگە بېرىۋەتتى. خىزمىتىمدىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم. H ناھىيىسىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، يىراق ھەم قاتنىشى ياخشى ئەمەس. يولدىشىمنىڭ ئېتى مجىت، بىزگە تۇغقان كېلىدۇ، ئۆزى سودىگەر، قوشۇمچە مال بوردايدۇ. تۇرمۇشىمىز بەك ياخشى، قولۇمنى نەگە سۇنسام يېتىدۇ. ئىككى باللىق بولۇپ قالدىم، ئىككىلىسى قىز. ھە، ئۆزۈڭ ياخشىمۇ؟ بىزنى تاشلىۋەتتىڭغۇ ئاداش. . . .

گۇللالە قەمەرنىڭ كىيىملىرىگە دىققەت قىلىپ قالدى. ئۇ ناھايىتى چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى. ئۇنىڭ قىزىل كۆڭلىكى بەكمۇ

ياراشقانىدى. تار تىكىلگەن كۆڭلەك ئۇنىڭ كۆكسىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىدە ئىككى ئالتۇن بىلەزۈك، بارماقلىرىدا قاتار ئۈزۈك پارقىراپ تۇراتتى.

— بېلەتنى قايتۇرۇۋېتەي ئاداش، بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن ماڭاي، — دېدى گۈللالە.

— ياق ئاداش، يولۇڭدىن قالما! خۇدايىم بۇيرۇسا تەتىلدە كەلگەندە كۆرۈشىمىز، — دېدى قەمەر.

گۈللالە ئۇلار بىلەن خوشلىشىپ، ئاپتوبۇسقا قاراپ ماڭدى. ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ قېشىغا كەلگەندە، ئابدۇۋەلى ئاسماندىن چۈشكەندەك ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى.

— سىزنى مۇبارەكلەيمەن لالە، — دېدى ئابدۇۋەلى بەكمۇ ئوڭايسىزلىنىپ.

گۈللالە ئابدۇۋەلىنى كۆرۈپ، نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئابدۇۋەلىنىڭ كۆزىگە قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىدە ئۇ ئەينى يىللاردا كۆرگەن نەرسىسىنىڭ بىرىمۇ يوق ئىدى. ئاشۇ يىللار، ئاشۇ كۈنلەردىكى سۆيگۈ ـ مۇھەببەتلەر، ئاشۇ ئارزۇلار، گۈلخاندا بۇلبۇلغا ھەمراھ بولۇپ ئۆتكۈزگەن تۈنلەرنىڭ ھەممىسى خازانغا ئايلانغانىدى. تەقدىر، پۇرسەت، ۋاقىت دېگەنلەر رەھىمسىز ئىدى. . . .

— ئاق يول بولسۇن لالە، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى قىلىۋاتىدۇ. بىر ئەرنىڭ ھەقىقىي بىر ئەر بولۇپ يېتىلمىكى بەك تەس ئىش ئىكەن ، — دېدى ئابدۇۋەلى مۇڭلىنىپ تۇرۇپ.

گۈللالە يەنە گەپ قىلمىدى.

— بۇ قەلەم سىزگە خاتىرە بولۇپ قالسۇن. بۇ بەك ياخشى قەلەم، قولىڭىزغا ئالسىڭىزلا قالغان گەپلەرنى ئۆزى يازىدۇ، ئەگەر مېنى تىللىغۇڭىز كەلسە، مۇشۇ قەلەمنى تەۋرىتىڭ، ئۆزىڭىزنىڭ قەلىمى پاسكىنا بولۇپ قالمىسۇن.

گۈللاله قەلەمنى قولىغا ئالدى. لېكىن ئۇ يەنىلا گەپ قىلمىدى. . . .

گۈللاله ئاپتوبۇسقا چىقتى. ئۇ ئەينەكنى ئېچىپ ھەدىسى، ئاكىسى، قۇندۇزلار بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم خوشلاشتى. ئاپتوبۇس ئاستا قوزغالدى. ئۇ ئۆز - ئۆزىگە:

— جاھاندا ھەممە ئادەم قۇياش نۇرىنى تالىشىدىكەن، گۈلنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقانلار قۇياش بىزنىڭ يولىمىزنى يورۇتىدۇ دەيدىكەن. ئىس - تۈتەكنىڭ ئىچىدە ياشاۋاتقانلارمۇ قۇياشقا ئۈمىد باغلاپ، قۇياش بىر كۈنى ئەمەس، بىر كۈنى بىزنى جەننەتكە باشلايدۇ دەيدىكەن، لېكىن قۇياش ھەممە ئادەمنىڭ ھالىغا يېتەلمەيدىكەن. ئۇ بەزىلەرنىڭ دىلىنى يورۇتسا، بەزىلەرنىڭ كۆلەڭگىسىنى سۆيىدىكەن. مەيلى قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بىز قۇياشتىن ئاغرىنمايمىز. چۈنكى بىز ئاجىز، بىراق بىز ئاجىزلارنىڭ تۈزى كەم ئەمەس، بىزمۇ چوڭ - چوڭ قازانلارنىڭ قولىقىنى تۇتۇپ كۆرگەن، بىزنىڭمۇ ئارتۇقچىلىقىمىز بار، بىز ئۈمىد بىلەن ياشايمىز. بۇ جاھان ئىشەنگۈچىلەر ئۈچۈن جەننەت. ئۆزىمىزگە ئىشەنچ باغلايمىز، ئاخىرقى ھېسابتا مۇشۇنداق جەريانلار بىزنى يورۇقلۇققا ئېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا بىز بۇ دۇنيادىن يوقالمايمىز، — دېدى.

گۈللالىنىڭ كۆڭلى بەكمۇ ئازادە بولۇپ كەتتى. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن ئېچىلىۋاتقان گۈللۈك دەرۋازىنى كۆردى. شۇ تاپتا ئۇ بىردىنلا A شەھىرىدە تونۇشقان ئاشۇ دوستلىرىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇلار ئاشۇ گۈللۈك دەرۋازىنىڭ سىرتىدا ئىدى. ئۇنىڭغا بىردىنلا يىغا ئولاشتى، ئىسسىق ياش ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈشكە باشلىدى. . . .

2001 - يىل 11 - ئاينىڭ 11 - كۈنى، غۇلجا.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection
(https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAxOTA2NDEuemlw",
  "filename_decoded": "40190641.zip",
  "filesize": 13370163,
  "md5": "128eb22e12d01be04ef15df8b085c213",
  "header_md5": "769faae8ea4ed32baeb9587eb94a3854",
  "sha1": "811a8ca4155f1a42532e9fcd722519fea95ec8a7",
  "sha256": "e0394d12beb1a85983b9926f077fc151c73227025a1323fcc641ec21c189dbb3",
  "crc32": 2899742426,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 13696685,
  "pdg_dir_name": "\u2563\u253c\u2514\u00f7\u2514\u00a1\u2514\u00a1
\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u256c\u2500_40190641",
  "pdg_main_pages_found": 235,
  "pdg_main_pages_max": 235,
  "total_pages": 242,
  "total_pixels": 905606464
}